شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇدا ئۈچ نۆۋەت «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال



塔里木

# تارىم

5

2010

ISSN 1002-9044
05>



ئەدەبىي ئوبزورچى ھېزىم قاسىم 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پەيزاۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «دەرۋازا ئالدىدىكى خىياللار»، «ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرى»، «تاڭ شەب-نەملىرى» قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزورلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

2010·5

60-يىل نەشرى

تارىم

2010- يىللىق 5- سان

نەشرىيات باشلىقى:
باش مۇھەررىر: ياسىن زىلال (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
پاتىگۈل ئەخمەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## بۇ ساندا

### پوۋېست

ئازغان ئايال ........................................ مېھرىگۈل ئابلىز 4

### ھېكايىلەر

قاسىم قاغا ........................................ نۇرمۇھەممەد ئىسمائىل 45
قورقۇنچلۇق بىنا ........................................ ئابۇزەر تۇرسۇن 63

### نەزمىي ئەسەرلەر

شېخىڭدا بۇلبۇلۇڭدۇرمەن ........................................ ئابلىكىم تالىپ 36
غەزەللەر ........................................ ئابلىز ھوشۇر 38
ئاتا ........................................ ئابدۇكېرىم ئابدۇمجىت دولانى 40
ئۆكسۈمىگەن شېئىرلار ........................................ مۇھەممەد رەھىم 41
گۈللەرنىڭ بەرگىدىن تىلەيمەن كەۋسەر ........................................ روزى نىياز 43
رۇبائىيلار ........................................ ئۇچقۇنجان ئۆمەر 44
ئاپتاپلىق قۇم ........................................ ھەبىبۇللا رەجەپ 70
سەنمىدىڭ ئەسلىدە مەن ئۇچۇن باھار ........................................ ئىبراھىم نىياز 72
ئانىدۇر ئالەم ........................................ جاپپار رەھىم روھلانى 73
ئاشىق تورغاي ........................................ ئابلىپىز توختىمۇھەممەد ئارىقۇمى 74
ياپراقلار بەرگىدە يالتىرايدۇ نۇر ........................................ ئەنۋەر مەتلىك 107
شېرىن ئارمان ........................................ زەپەر ئابدۇلھەي 109
ئاشىقنىڭ بەختىدىن جان ئاچار چېچەك ........................................ باتۇرجان ئاتاخان 110
ھايات دېگەن ........................................ ۋارىسجان ئاتاخان 111

### نەسر

ئىككى نەسر ........................................ ئابلەت ئەسمەتۇللا 75

## تەھرىر ھەيئىتى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەخەت تۇردى، ئەكبەر سالىھ، پاتىگۈل ئەخمەت، خالىدە ئىسرائىل، سارەم ئىبراھىم، قۇربان ياسىن، مەھەممەت شاۋۋدۇن، مۇختار مەخسۇت، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، مۇھەممەت پولات، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ھېيتەم ھۈسەيىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ۋاھىدجان غوپۇر، ئىمىن ئەھمىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن زىلال.



ھەر ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئومۇمىي 591 - سان


### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


«غېرىپ-سەنەم» رومانى ھەققىدە ............................ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 95

يېڭى تارىخىي شارائىتتا باش مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيىتى .................. پاتىگۈل ئەخمەت 102


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


چوڭ ئۆي (ھېكايە) ........................................ فارۇك كەيسان (تۈركىيە) 87


### ئوقۇرمەنلەردىن خەت


سوئال سورىغۇچى جاۋاب بەرگۈچىدىن كەم بولماسلىقى كېرەك .......... ئەكرەم ئابدۇمجىت 112

يازغۇچى قەلىمىدىن ئەمەس، خەلق قەلبىدىن چىققان سادا .................. ئۆركەش جاپپار 138


### تەرمەگۈل


قىزىڭىزنى ئۇنلۇك چاقىرماڭ (ھېكايە) ............................ مۇتەللىپ سەيپۇللا ئەزىز 115


### ئالتۇن روجەك


ئالتۇن چىنە (ھېكايە) .............................................. شياۋ سۇ 126


### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


قەمەر بىلەن سەمەر (چۆچەك) ...................................................... 142


### ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


«تارىم» ژۇرنىلى 6-نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى ............................ 160


*   *   *


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر قىزى (ماي بوياق) ........................ ئىمىنجان ئابدۇرېھىم سىزغان



بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇختار تۇردى

مەسئۇل كوررېكتور(تەكلىپلىك) : قەييۇم تۇرسۇن

مۇقاۋا، بەت لايىھەلىگۈچى : مۇختار تۇردى

رەسسام : پەرھات ئىبراھىم

خەتتات : ئابلىمىت ئوسمان

كومپيۇتېردا : ئەنۋەر تىلىۋالدى

مېھرىگۇل ئابلىز



# ئازغان ئايال

(پوۋېست)

گەر بولسا قەلبىڭدە پىنھان بىر ئازاب،
شۇ قەدەر ئاچچىق ھەم ئېيتقىلى بولماس.
كۆم ئۇنى سۈكۈتنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە،
سۈكۈتۈڭ سۆزلەيدۇ بىر كۈن ساڭا خاس.
ــ ئاسو سۇبوۋ (يۇگوسلاۋىيە)

بايراملىق دەم ئېلىش ۋاقتىم تېخى توشمىغانىدى، ياتاقتا يېتىۋەرسەم يالغۇزلۇق، ئازاب ۋە نەپرەت قاينىمىغا غەرق بولۇپ كېتىدىغاندەك، بىچارىلىقىم، غېرىبلىقىم، دەرد- ھەسرەتلىرىم بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىكەنمەن. شۇڭا ئۆزۈمنى ئۆزۈم بۇ قاينامدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، بېشىمنىڭ ئاغرىپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماستىن ماغدۇرسىز جىسمىمنى سۆرەپ ياتاقتىن چىقىپ، پىيادىلەر يولىدا نىشانسىزلا مېڭىشقا باشلىدىم. بۈگۈن نېمىشقىكىن يولدا ئادەملەر ئۈنچە كۆپ ئەمەس ئىدى. پىيادە مېڭىۋاتقان كىشىلەردىن ئۇياق- بۇياققا موكىدەك قاتراۋاتقان ماشىنىلار كۆپرەك كۆرۈنەتتى. كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بالىلىرىنى يېتىلىۋالغان، بەزىلەر قولتۇقلىشىۋالغان، بەزىلەر سەيلە قىلىۋاتقاندەك ئۇياق- بۇياققا قاراپ ئاستا ماڭسا، يەنە بەزىلەر نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك تېز- تېز كېتىپ باراتتى. مېنىڭ ئالدىرايدىغان ئىشىممۇ، بارىدىغان نىشانىممۇ يوق ئىدى.

پەقەت مۇشۇ مېڭىشىم ماڭا كىچىككىنە خاتىر-جەملىك ئاتا قىلسا، كاللامغا كىرىۋالغان ئازاب-لىق خىيال، كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆزنىڭ ھۆججۇمىدىن بىر دەم بولسىمۇ خالاس قىلالىسىلا، قانچىلىك مېڭىش زۆرۈر بولسا شۇنچىلىك مېڭىشقا رازى ئىدىم. دىققىتىمنى يول بويىدىكى مەنزىرىلەرگە ئاغ-دۇردۇم. قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ ئۈرۈمچىنى «تاش شەھەر» دەپ تەسۋىرلىگىنى يادىمغا كەلدى. دەرۋەقە، مەن ھازىر ئاشۇ تاش شەھەرنىڭ تاش ئۆيلىرى ئارىسىدىكى تاشيوللاردا تاشتەك ئې-غىرلاشقان جىسمىمنى كۆتۈرۈپ ئاستا كېتىۋا-تاتتىم. نېمىشقىدۇر يەنە بىردەم ماڭسامىلا ئۆزۈم-نى خۇددى تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ كېتىدىغان-دەك، روھىيىتىمدىن قىلچىلىك ئىزنا قالمىغان جانسىز ئاسار ئەتىقىگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. راستىنىلا ھەيكەلگە ئايلىنىپ كېتىپ قالسام، ئۇ چاغدا كىشىلەر كېلىپ مېنى نۆۋەت بىلەن تاماشا قىلىشىدۇ.

بىردىنلا ئۆزۈمنى ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغان ھالەتتە مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم:

— قارا، مۇنۇ ئايالنىڭ ھەيكىلىگە، ئۇ تاشلى-ۋېتىلگەن بىر بىچارە ئايالكەن، — دەيدۇ بىرسى يېنىدا تۇرغان ھەمراھىغا. ھەممىسى ماڭا قىزىق-سىنىپ قارىشىدۇ.

— ھەي! خېلىلا قاملاشقان ئايالكەن بولمى-سا. قانداقلارچە تاشلىۋېتىلگەن بولغىيتتى؟ — دەپ سورايدۇ بىرسى.

— نېمىشقا بولاتتى، — دەپ چۈشەندۈرگۈم كېلىدۇ ئۇلارغا، — بۇ ئايال پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن باشقىلارنى سۆيەتتى، ئەمما ئۆزىنى ھەر دائىم ئۇنتۇپ قالاتتى. خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەيتتى-يۇ، نەتىجىسى باشقىلارغا مەنسۇپ بولاتتى. ئېرى-نى جان-جەھلى بىلەن سۆيەتتى، ئەمما ئېرى باش-قىسىغا كۆڭۈل بەرگەنىدى. باللىرى ئۈچۈن جاپا-لىق ئەجىر قىلاتتى، ئەمما ئۇلار تېخى ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگۈدەك ياشتا ئەمەستى. بۇ ئايال-نىڭ خىزمەت نەتىجىسى، ياشلىق باھارى، قان-تەرى ۋە ئەجرى باشقىلارغا ئۈن-تىنسىز مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنۇ، ئۆزىگە پەقەت ھارغىنلىق، خاتا-لىق ۋە ئازابلارلا ئېشىپ قالغان، شۇنداق قىلىپ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، — مەن شۇنداق دېمەكچى بولاتتىم، ئەمما زۇۋان سۈرەلمەيتتىم. چۈنكى مەن ھەيكەل ئىدىم، شۇڭا يەنىلا سۈكۈت قىلغىنىم ياخشى ئىدى.

مەن ئىچىمدىكى دەردىمنى بىرەرسىگە تۆ-كەلمەيتتىم، تۆككۈدەك ئادىمىممۇ يوق ئىدى. سۈكۈتلۈك خىياللار ئىلكىدە تەنھا كېتىۋاتاتتىم. نەگە بارىمەن، نەدە توختايمەن؟ بۇلارنى بىلمەيت-تىم. پەقەت مېڭىش ئارقىلىق كىشىلەردىن، ئازاب-تىن بىر قەدەم، بىر قەدەم يىراقلىشىشنىلا ئويلايت-تىم. ئىختىيارسىز يول بويىدىكى تەشۋىقات تاخ-تىلىرىغا قاراپ ساپتىمەن، تاختىدىكى بىر رە-سىمگە كۆزۈم چۈشتى. رەسىمدىكىلىرى ھوللى-ۋۇدنىڭ كىنو چولپانلىرى ئىدى. ئۇلار رول ئالغان كىنونى كۆرگىنىم خىرە-شىرە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مەن بۇ رەسىمدە ئەكس ئەتكەن يوشۇ-رۇن مەنىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايمەن. قىز ئاجا-يىپ بىر تەشنالىق بىلەن بويىنىنى سوزغان پېتى يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرگەن، ئەمما يىگىت-نىڭ خىيالچان كۆزلىرى باشقا بىر نۇقتىغا تى-كىلگەن، ئۇ كۆزلەردە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ھېسسىيات ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ، ئۇ ئۇچقۇنلار-نىڭ ئارىسىدا باشقا بىر قىزنىڭ سىماسى ئېنىق-قىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. رەسىمدىكى قىز بۇلارنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى سەۋدايىلارچە ئاشىق بولغان ئاشۇ تۇتۇرۇقسىز يىگىتكە پۈتۈنلەي ئې-شىنىپ كەتكەن ھەم ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەن. يىگىت بولسا يېنىدىكىگە پەرۋاسىز، يىراقتىكى-گە مەستانە ئىدى. مەن ئازابلانغان ھالدا كۆزلى-رىمنى يۇمدۇم. ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ پەسكە سىرغىدى، بارماقلىرىمنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىمنى سۈرتىۋېتىپ ئەتراپقا قارى-دىم. خەلق مەيدانىغا كېلىپ قاپتىمەن. ئۇزاق ئۆت-

مەيلا بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ، شۇڭا بۇ يەردە ئۇزاق تۇرماسلىقىم، ئادەملەر ئازراق بىر جايغا كېتىشىم كېرەك. زىنھار ئادەم يوق بىر جايغا كېتەلىگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتىھە؟! مېنى ھېچكىم كۆرمىسە، ھېچبىر كىشى ئاۋارە قىلمىسا، ئۆز خىيالىم ۋە يالغۇزلۇقۇم بىلەنلا ياشىسام... بۇ جاھاندا ئادەملەر بەختلىك بولۇشقا ئاجايىپ تەشنا، شۇ تۈپەيلىدىن بەخت ئىزدەپ بىر-بىرلىرىگە يېقىنلىشىدۇ، شۇ جەرياندا ھەتتا ئارىلىقىدىن شامالمۇ يۈرۈشمەس يېقىنلارغا ئايلىنىپ كېتىشىدۇ، بۇنى ئۆزلىرى ئىزدىگەن، تەشنا بولغان بەختنىڭ دەل ئۆزى دەپ قاراپ ئىچ-ئىچىدىن يايرىشىدۇ. دۇنيانىڭ مەڭگۇ مۇشۇنداق گۈزەللىك، مۇھەببەت ۋە بەختكە چىلىشىپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ چاغدا ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈكتەك بىلىنگەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ساختا ئىكەنلىكىنى، خۇدانى شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بېرىلگەن دەبدەبىلىك قەسەملەرنىڭمۇ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بىر دۆۋە قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىر-بىرىدىن چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشكەن ئاشۇ كىشىلەر يەنە دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئازابنىمۇ بىر-بىرىدىن ئالىدۇ، بىر-بىرىگە بېرىدۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ دۇنيادىكى بەختنىڭمۇ، ئازابنىڭمۇ ياراتقۇچىسى، پەرۋىشلەپ يېتىلدۈرگۈچىسى يەنىلا ئاشۇ ئەقىل-ئىدراكلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىدى. شادىمانلىق بەخش ئېتىشىنىڭ ئورنىغا بىر-بىرىنى ئازاب زەنجىرلىرىدە كىشەنلەپ قىيناپ، ياشاشتىن ھۇزۇر ئالىدىغىنىمۇ يەنىلا شۇ ئادەملەر ئىدى.

مەن خەلق مەيدانىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىكى يولنى بويلاپ ماڭدىم. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر ئۆتۈشمە كۆۋرۈككە دۇچ كەلدىم. ماشىنىلار كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن، پىيادىلىكلەر ئۈستىدىن ئۆتەتتى. كۆۋرۈكنىڭ پەلەمپىيىگە ئەمدىلا قەدەم بېسىشىمغا، يېقىملىق بىر مۇزىكا ساداسى خۇددى مەيىن شامالدەك مەڭزىلىرىمنى سۆيۈپ ئۆدۈل قەلب تارىمغا بېرىپ ئۇرۇلدى، قەلبىمدىن ئاشۇ مۇزىكىغا تەڭكەش تولىمۇ ئازابلىق بىر سادا ياڭرىغاندەك بولدى. مۇزىكا چېلىنىۋاتقان جايغا قاراپ ئاستا ئىلگىرىلىدىم. كۆۋرۈكنىڭ ئايلانمىسىدا بىر ئەر ئىسكىرىپكا چېلىۋاتاتتى. مەن بۇنداق كۆرۈنۈشنى كىنولاردا ۋە ئوقۇغان كىتابلاردىلا ئۇچراتقانىدىم، رېئاللىقتىمۇ كۆرەرمەن دەپ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ، ياننىينىڭ «قۇتقۇزۇش» دېگەن مۇزىكىسىنى چېلىۋاتاتتى. تۇرغان جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. بۇ مۇزىكىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بىر ئادەم، توغرىسىنى ئېيتقاندا بىر ئايال تەسۋىرلىنەتتى. ئۇ ئايال ئۆزىنى قاتمۇقات ئورىۋالغان ئازاب ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىستەيتتى. ئاھ ئۇراتتى، تولغىناتتى، تىپىرلايتتى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئاتاتتى. ئازاب تورى ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قىساتتى، ئۇ بىھوش بولۇپ يىقىلاتتى، ھوشىغا كەلگەن ھامان يەنە ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇراتتى. كىملەردىندۇر ياردەم كۈتۈپ ئەتراپقا قارايتتى، كۆزلىرىدە يېلىنىشنىڭ، ئىلاجسىزلىقنىڭ تولىمۇ سولغۇن، ئۆچۈپ قالايلا دېگەن ئاخىرقى نۇرلىرى سۇس جىمىرلايتتى. قوللىرىنى ئەتراپتىكىلەرگە ئىلتىجا بىلەن سوزاتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئەڭ جېنىغا تېگىدىغان ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قارايتتىيۇ، بىرەرسىمۇ ياردەم قولىنى سوزماي، ئاستا كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ «خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ مەن بۇ ئايالدەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالماپتىمەن، گەرچە مەن ئۇنچە بەختلىك بولمىساممۇ، لېكىن ماۋۇ ئايالدىن كۆپ ياخشىكەنمەن» دېگەندەك غالىبانە نەزەردە قاراشلىرى ئۇنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەتتى. ئايال بۇ ئازاب تورىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولسا ئۆزىگە، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىش كېرەكلىكىنى ئاخىر تونۇپ يەتكەن بولسا

كېرەك، شۇڭا ئۇ ئۇستىدىكى لابدۇر كىيىملەرنى سېلىپ تاشلاپ، يەڭگىل ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كۈچلۈك نەرە تارتقىنىچە ئۆزىنى تورغا ئۇراتتى. تور ئۇنى قاڭقىتىپ كەينىگە ئاتاتتى، ئايال قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ ئۆزىنى يەنىمۇ قاتتىقراق ئۇراتتى. تىكەن، مىخ، پولات سىملاردىن ياسالغان ئازاب تورى سانجىلىپ، تىتىپ ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى قان قىلىۋەتتى. ئۇ ئاغرىق ئازابىنى كۈچلۈك نەرە بىلەن يەڭمەكچى بولغاندەك، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئۆزىنى تورغا زەربە بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بەدىنىدىن سىرغىپ ئېقىۋاتقان قانلارغىمۇ پەرۋا قىلمىدى، ئاغرىقلارغا لەۋ چىشلەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى يەنە ئۇردى، ئاجايىپ زور ئىچكى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ ئاخىر ئۆزىنى ھەپىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى، ئاندىن يورۇق دۇنياغا مەردانە ھالدا نەزەر سالدى... مۇزىكا ئاخىرلاشتى، ئەر لاپىدە كۆزىنى ئاچتى. مەن ھەم ھودۇققان، ھەم خىجىل بولغان ھالدا تۇرۇپلا قالدىم. ۋۇجۇدۇمدىكى پۈتكۈل قېنىم بىراقلا يۈزۈمگە تەپكەندەك يۈز تېرىلىرىم كۆيۈشەتتى، تارتىشاتتى. ئەمدى نەزىرىمنى ئاغدۇرۇشقىمۇ، ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتىم. بىر ئەرنىڭ، يەنە كېلىپ ئۆزۈم نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان، قىلچىلىك چۈشەنمەيدىغان بىر ئەرنىڭ ئالدىدا خۇددى ئەقلى - ھوشىدىن ئايرىلغان ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتىم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. كۆز ھامان كۆز ئىدى، مەيلى ئەرنىڭ، مەيلى ئايالنىڭ كۆزى بولسۇن ھەممىسىلا ئوخشاش كۆز ئىدى. ماڭا شۇ چاغدا بىر كۆزدە ئەكس ئەتكەن ھەرقانداق ھېسسىياتنى يەنە بىر كۆز تامامەن چۈشىنىپ كېتەلەيدىغاندەك تۇيۇلدى. كۆز — قەلبنىڭ دېرىزىسى. ئۇ ئەر ئاشۇ دېرىزىدىن مېنىڭ قەلب ھۇجرامغا ئىنچىكە نەزەر سېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. مەن بىردىنلا توك سوققان ئادەمدەك ئەندىكىپ ھەم تىترەپ كۆۋرۈك رېشاتكىسىغا يۆلىنىۋالدىم.

رېشاتكا بولمىغىنىدا ئىدى، ئېھتىمال تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقىتىپ، سەنتۇرۇلگەن پېتى ئۇدۇل تۆۋەنگە يىقىلىپ چۈشەر بولغىيتتىم. ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى خۇددى كۈچلۈك بوراندەك كۆكسۈمگە ئۇرۇلۇپ، مېنى كەينىمگە كۈچەپ ئىتتىرەتتى. مەن گويا كۆۋرۈكتىن ئاجراپ كەتكەندەك، مۇئەللەقتە بىمالال لەيلەپ يۈرگەندەك تۇيغۇدا ئىدىم، نېمىدۇر بىر نەرسىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قوللىرىمنى ئىككى تەرەپكە سوزۇپ پۇلاڭلىتاتتىم. تۇيۇقسىز بوران توختىدى. ھېلىقى كۆزنىڭ نەزىرى مەندىن يۆتكەلدى. ئۆزۈمنى رېشاتكىغا چىڭ يۆلىنىپ تۇرغان ھالەتتە كۆردۈم. ئەر يەنە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ باشقا بىر مۇزىكىغا چېلىشنى باشلىغانىدى. يەنە تۇرۇۋېرىش بىئەپ ئىدى، مەن پورتمالىمدىن 100 يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئەرنىڭ ئالدىدىكى ئازراق پارچە پۇل سېلىنغان شلەپىگە سېلىپ قويدۇم. ئەر كۆزىنى ئاچمىدى، ئەمما ماڭا ئۇنىڭ يۈرىكى قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. مۇزىكا بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن روھىم ۋۇجۇدۇمدىن چەك - چېگرا ئايرىماقچى بولغاندەك ھەدەپ يۇلقۇناتتى، ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسىلا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى بىلگەندەك، ئۇنىڭغا جان - جەھلى بىلەن يېپىشاتتى. ياتىقىمغا قايتىپ كەلگەندە، مېنى بۇ يەرگە مەۋجۇتلۇقۇم باشلاپ كەلدىمۇ، خىياللار شامىلى ئۇچۇرۇپ كەلدىمۇ ياكى مۇزىكا ئاۋازى يېتىلەپ كەلدىمۇ؟ بۇلارنى بىلگۈدەك ھەپىسلەم يوق ئىدى. 7 - قەۋەتتىكى غېرىبانە كۆلبەمدە مەن ھامان يالغۇز ئىدىم. ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم، كارىۋاتنىڭ غىچىرلىشى ماڭا يېقىمسىز ئىنگراشتەك بىلىنىپ كەتتى. دېمەك، ھەممە نەرسىنىڭ جېنى بار ئىدى، يەر، تام، كارىۋات ... ھېچبىرى ئارتۇقچە يۈكنى كۆتۈرۈشنى خالىمايتتى. ئادەم، پەقەت

ئادەملەرلا شۇنچىلىك كۆتۈرۈشلۈك ئىدى.

* * *

مەن بۇ بىر يۇرۇش ئۆينى ساھىبجامال ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن بىللە ئىجارىگە ئالغان، ئىككىلىمىز جەنۇبلۇق بولۇپ، بۇ شەھەرگە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدۇق. ئورتاق غايە، ئورتاق نىشان بىزنى ئەڭ يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئەگرى-توقاي ھايات سەرگۈزەشتىسى مېنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىمنى قوزغايتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر ئازابلارنى يېڭىپ، يەنە دادىللىق بىلەن ياشاۋاتقىنىغا ھەيران ھەم قايىل بولسام، ئۇ مېنىڭ مەن «مۇھەببەتنىڭ ئۇۋىسى» دەپ ئاتايدىغان بەختىيار ئائىلەمدىن چەكسىز زوقلىناتتى. ئۇنىڭدەك كۆلپەت تارتقان ئاياللار بىر بولسا چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتەتتى، بىر بولسا ئۆزىنى خار قىلغان ئاشۇ كىشىلەردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان بىر قورقۇنچلۇق ئايالغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇ ھەممىنى يېڭىپ ئۆز خاتالىقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، توغرا بولغان كىشىلىك ھايات يولىنى تېپىۋالغانىدى. مەن ئىچ مىجەز ئىدىم، ئىچىمدە كۆپ ئويلايتتىمىيۇ، تېشىمغا كەمدىن-كەم چىقىراتتىم. بىرەر نەرسىدىن، بىرەر ئادەمدىن ئاسان رەنجىمەيتتىم، رەنجىگەن چېغىمدا ئاسانلىقچە كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتىم. ئۇ مېنىڭ ئەكسىمچە بولۇپ، نېمىنى ئويلىسا شۇنى دەرھال تۆكۈپ تاشلايتتى، شارائىتتىن، ئۇنىڭ-بۇنىڭدىن قاقشاپ قوياتتىيۇ، يەنە «ھەي، بوپتۇلا!» دەپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرەتتى، ھېچ كىشىگە ئاداۋەت ساقلىمايتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى ناھايىتى يېقىشلىق بولۇپ، ئون ئادەم بىلەن بىر كۈن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسىمۇ، ئون خىل پاراڭ بىلەن ھېچقايسىسىنى زېرىكتۈرۈپ قويمايتتى.

— ساھىبجامال، سىز بۇنچە گەپلەرنى نەدىنمۇ تېپىپ بولىدىغانسىز؟ ئەمدى دېگۈدەك گېپى قالمىدىمىكىن دېسەم، ئىچىڭىزدە پېچىتى بۇزۇلمىغان گەپ خالتىلىرى باركەن ئەمەسمۇ، — دەيتتىم ئۇنىڭغا.

— سىز سۆزلىمىگەچكىلا ئىچىمدە دېگۈدەك گېپىم يوق دەپ ئويلامسىز؟ نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ سىزچۇ قاراڭ، تېشى قاتتىق، ئىچى تاتلىق ياڭاقىلا ئوخشايسىز. سىزنىڭ پوستىڭىزنى قانداق يېرىپ، مېغىزىڭىزنى قانداق ئېلىشنى مەنلا ئوبدان بىلىمەن، بىلىپ تۇرۇپ سىزگە يەنە ئازراق ھەسەت قىلىمەن، — دەيتتى ئۇ.

— چىراي دېسە مەندىن گۈزەلسىز، بىلىم دېسە ماڭا ئۇستاز بولالايسىز. ماڭا قارىغاندا ھازىر جاۋاب، ناتىقسىز. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ماڭا ھەسەت قىلىسىز؟ — دېسەم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزنىڭ كەم سۆزلىكىڭىز، ئېغىر مىجەزىڭىز سىزگە ئۆزگىچە سېھرىي كۈچ بەخش ئەتكەن، شۇڭىمۇ سىز ماڭا قارىغاندا ئېسىل ھەم لاتاپەتلىك كۆرۈنىسىز. ئىچىڭىز سىر-ھېكمەتلەر دۇنياسىغا تولۇپ كەتكەن. مەنمۇ بەزىدە سىزدەك كەم سۆز بولاي دەيمەن، ئەمما دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دەرھال دەۋەتمىسەم ئىچىم مىژىلداپ ئاغرىپ قالىمەن. قانداق قىلاي، سىزدەك بولالمايدىكەنمەن، — دەيتتى. ئىككىمىز بىللە بولساقلا گەپ-سۆزىمىز ھەرگىز تۈگىمەيتتى.

ماي بايرىمىدا بىزنى بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرەتتى. بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان بولغاچقا، ئەسلىدىكى پىلانىمىز بويىچە مەن يۇرتقا قايتماي، سۇلتان باللارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلمەكچى بولغان. ئەمما بايرامغا قويۇۋېتىشتىن تۆت كۈن ئىلگىرى سىڭلىمنىڭ ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەچكە، مەن رۇخسەت سوراپ يۇرتقا قايتتىم. قايتىش مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ئىدى. چۈنكى مەن ئاتا-ئانامنى، ئېرىمنى، بالىلىرىمنى، قېرىنداشلىرىمنى، يۇرتۇمدىكى

ھەممىلا كىشىنى، ھەممىلا نەرسىنى شۇنچە
لىك سېغىنغان ئىدىم. ئەمما بېرىپ سىڭلىم
نىڭ ئەھۋالى بىرئاز تۇراقلاشقانلىقىنى، خەتەر
لىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن
دىن كېيىنلا ئېرىمگە، بالىلىرىمغا، يۇرتۇمغا قا
راپمۇ قويماي ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. مەن
بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەن ۋاقتىمدىلا، ئۈرۈمچىد
لىك بولۇشنىڭ ھەقىقەتەن بىر ئامەت ئىكەنلى
كىنى ھېس قىلغانىدىم. ئەمما بۇ يەرگە مۇساپىر
بولۇپ ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگى
نىشكە، نۇرغۇن نەرسىلەردىن كېچىشكە،
نۇرغۇن نەرسىلەرنى قۇربان قىلىشقا، نۇرغۇن
ئىشلارغا چىداشقا توغرا كېلەتتى. مانا، ياتىقىم
غا قايتىپ كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى. قارىغان
دا مەن دۇنيا تەرىپىدىن راستتىنلا تاشلىۋېتىلگەن
دەك قىلاتتىم. بىرەر ئىنسانمۇ تېلېفون ئۇرۇپ،
ئۇچۇر يوللاپ ياكى ئىشىك چېكىپ ھالىڭ
نېچۈك دەپ سوراپ باقمىدى. قارىغاندا كۆڭلۈم
ياخشى بولغان بىلەن مىجەزىم ئەسكى بولسا
كېرەك، تونۇشىدىغان ئادەملىرىم شۇنچە كۆپ
بولسىمۇ، ئەمما بىرەر سىرداشىمنىڭ يوقلۇقى
مەن ئۈچۈن شۇ تاپتا يەنە بىر پاجىئە بولۇپ تۇ
يۇلماقتا ئىدى، جىممىدە ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئىچ
ئاغرىتىدىغان، مەن ئۈچۈن گۆگۈملاردا ئۈنسىز
ياش تۆكىدىغان بىرەر ئىنسان چىقمايدىغاندەك
قىلاتتى. بۇنداق دېسەم بەلكىم تۇزكورلۇق بولۇ
شى مۇمكىن. ئاتا-ئانام، پەرزەنتلىرىم مېنى
ياخشى كۆرەتتى، ئۆلۈپ كەتسەم ئۇلارنىڭ ئازاب
لىنىشى تۇرغانلا گەپ، ئەمما ئۇلار بۇ ئازابقا بە
رىبىر كۆنۈپ قالاتتى، كۆنمەيمۇ ئامالى يوق
ئىدى، ئۆلۈكنىڭ مېھرى سوغۇق بولىدۇ ئەمەس
مۇ. ئۇلار تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆزلىرىگە تې
گىشلىك ھاياتنى ياشىمىسا بولمايتتى. لېكىن
نېمىشقىدۇر بۇنىڭغا قانائەت قىلغۇم كەلمەيت
تى. كىمدۇر بىرسى ئۆلۈكنىڭ شۇ سوغۇقلۇقى
نى يېڭىپ، مېنى قەلبىدە ياد ئېتىشى كېرەك
ئىدى، ئەمما ھاياتىمدا بۇنداق بىرسىنىڭ يوقلۇ
قى دىلىمنى ئۆرتەيتتى. سۇلتانچۇ؟ نېرى تۇر،
نېرى تۇر! سەن توغرىسىدا ھېچ نېمىنى ئويلى
غۇم يوق. مۇمكىن بولسا سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ
نى زادىلا ھېس قىلالمايدىغان بىر يەرگە كەتسەم،
ئاندىن قەلبىم بىرئاز تەسكىن تاپارمىدىكىن.
ئاڭلاپ تۇر سۇلتان، گەرچە سەن ۋاپاسىزلىقىڭ
بىلەن بارلىق خۇشاللىقىمنى يوققا چىقىرىپ،
مېنى ئازاب زىندانىغا مەڭگۈلۈك بەند ئەيلىگەن
بولساڭمۇ، لېكىن مەن سەن ئۈچۈن ئۆلۈپ بەر
مەيمەن. نېمىدېگەن قەدىرسىز ئۆلۈش-ئۇ؟ مەن
ياشايمەن، قانچىلىك ياشىيالىسام يەنە شۇنچى
لىك ياشايمەن...

توساتتىن يەنە مۇزىكا ئاۋازى ياڭرىغاندەك
بولدى. كارىۋىتىمدا خاموش ھالدا ياتاتتىم، يې
نىمدا مۇزىكا چالغۇدەك بىرەرسىمۇ يوق ئىدى،
ئەمىسە نەدىن كەلگەن ئاۋازكىنە بۇ؟ مۇزىكا ئاۋا
زى بىر قېتىم ئۆچۈپ قايتىدىن ياڭرىغاندىلا،
ئۇنىڭ يانفونۇمدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئىكەنلىكى
نى بىلدىم. مەيلى سەپەر جەريانىدا بولسۇن ياكى
بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن مابەينى
دە بولسۇن، يانفونۇم گويا نومۇرى ھەممە ئادەم
تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك بىرەر قېتىممۇ
سايراپ باقمىغانىدى. تېلېفون ئۇرغان كىمدۇ؟
سۇلتانمىدۇ؟ ئالماي دەيتتىمۇ يەنە قانداقتۇر بىر
نەرسە مېنى ئېلىشقا، سۇلتاننىڭ نېمىلەرنى دەي
دىغانلىقى، قانداق چۈشەنچىلەرنى بېرىدىغانلى
قىنى ئاڭلاپ بېقىشقا ئۈندەيتتى. نېمىلا بولمى
سۇن ئۇ مەن سۆيگەن، بارلىقىمنى بېغىشلىغان
13 يىللىق ھاياتىمنى بىرگە ئۆتكۈزگەن ئەر
ئىدى. تېلېفوننى ئالدىم-دە، تىترەپ تۇرۇپ:

— ۋەي! — دېدىم. مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنى
قىلىشقىمۇ ئالەمچە كۈچ كېتىدىغاندەك چىلىق-
چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتىم.

— ئاپا، مەن نازىلە، ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟

ئۇھ! قىزىمكەن، مەن دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇل
سامۇ قىزىم تەرىپىدىن ئۇنتۇلماپتىمەن. ئاھ
ئاسىي يۈرىكىم! سۇلتاننى ئويلىماسلىققا ئەھدە

قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنىڭدىن تېلېفون كېلىشنى كۈتكىنىڭ نېمىسى؟ سەن ماڭا شۇنداق قىلىۋاتقان يەردە باشقىلاردىن ئاغرىنىشىم ئارتۇقچە بىر ئىشمۇ نېمە؟ قىزىمنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك سۈزۈك، جاراڭلىق ئاۋازى مېنى رېئاللىق قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

— ئاپا، گەپ قىلىڭە! ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— ئەھۋالىم ياخشى، ئوماق قىزىم، مېنى ئاپا دېمەي، ئانا دەڭ. بولامدۇ قوزام؟ دەپ بېقىڭە قېنى، ھە، ئەمدى بولدى. ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ جېنىم بالام، ئۇكىڭىز ئىمران ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

بىزنىڭ يۇرتتا ئەزەلدىن ئانىمىزنى «ئانا» دەيتتۇق. كېيىن كۆپىنچە بالىلار ئانىسىنى ئاپا دەيدىغان بولۇپ كەتتى. مېنىڭ قىزىممۇ شۇلاردەك «ئاپا» دەپ چوڭ بولدى. ئوغلۇمنىڭمۇ ئاچىسىنى دوراپ «ئاپا» دەپ تىلى چىقتى. ئۇ چاغدا بالامنىڭ تىلى چىققىنىغا خۇش بولۇپ «ئانا» دېسىمۇ، «ئاپا» دېسىمۇ ئوخشاشقۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ھازىر بالىلىرىم بىلەن ئوتتۇرىمىزدا شۇنچىۋالا كۆپ ھەم قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار مېنى يەنە «ئاپا» دەپ چاقىرسا، ئوتتۇرىمىزدا خېلىلا كەڭ بىر ئارىلىق باردەك، ئۇلار مېنى «ئانا» دېسىلا ئاندىن بۇ ئارىلىق قىسقىرايدىغاندەك، ھەتتا پۈتۈنلەي يوقاپ، ئۇلار بىلەن بىر جان، بىر تەن بولالايدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدىم.

— بىزدىن ئەنسىرىمەڭ ئانا، ھەممىمىز ناھايىتى ياخشى تۇردۇق. دادام بىزگە بەك ئوبدان قاراۋاتىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ جېنىم ئانا.

قىزىمنىڭ «ئانا» دېيىشلىرىدىن قەلبىم سۆيۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما قانداقتۇر بىر نەرسە بوغۇزۇمغا قاپسىلىپ سۆزلىيەلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭغىچە ئوغلۇمنىڭ تېلېفوننى تالاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاپا، سىزنى بەك كۆرگۈم كەلدى، قاچان كېلىسىز؟

كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمايلا قالدىم.

— مەنمۇ سىزنى بەك سېغىندىم قوزام، ئۇزاققا قالمايلا بارىمەن.

— ئاپا، دادام مېنى بالىلار باغچىسىغا ئاپىرىپ بەردى. جىق ئاداشلىرىم بار بولدى، مەن كۈندە شۇلار بىلەن بىللە ئوينايمەن، خانىم بىزگە ناخشا ئۆگىتىپ قويىدى، ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

— ئوقۇپ بېرىڭ قوزام!

ئوغلۇم چۈچۈك تىللىرى بىلەن ناخشىسىنى باشلىدى:

ئاپام مېنى ئاي دەيدۇ، ئاي ئاسماندا تۇرامدۇ؟
مەن ئاسماندا ئاي بولسام، ئاپام يىغلاپ قالمامدۇ؟

كۆز ياشلىرىم كۈز يامغۇرىدەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئوغلۇم ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ يىغامنى ئىچىمگە يۇتتۇم. بۇ جاھاندا ئادەم ئامالسىزلىقتىن ئىچىگە يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولىدىغان ئىشلار نېمىدېگەن كۆپ - ھە؟

— جېنىم بالام، جانجىگىرىم، تىرىشىپ ئۆگىنىڭ. مەن سىزگە جىق كىتابلارنى ئالغاچ بارىمەن.

— ماقۇل ئاپا، ئاچام گېپىم بار دەيدۇ.

قىزىم تېلېفوننى ئېلىپ پەس ئاۋازدا:

— ئانا، سىز كەتكەن كۈنى دادامنىڭ گۆھەر ئاچامغا «بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەڭ. ئەڭ ياخشىسى بىز ئەمدى كۆرۈشمەيلى» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەلمىدى، ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، بولامدۇ ئانا؟ ھەممە ئىش ئاستا-ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

— ماقۇل قىزىم، خوش، ئامان بولۇڭلار! — دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. بىچارە قىزىم، بۇلار سەن دەيدىغان گەپلەرمىدى جېنىم؟ سەن ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق، يېشىڭغا زادىلا ماس كەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىپ كەتتىڭ - ھە؟ باللىق قەلبىڭ، ساپ تۇيغۇلىرىڭ بىلەن باللارغا خاس ئىشلارنى ئويلىساڭ،

بالىلىقىڭغا تويۇنۇپ چوڭ بولساڭ ياخشى
بولاتتى. ئەمما بىز سىېنىڭ پاك تۇيغۇلىرىڭنى
بۇلغىۋەتتۇق. سەبىي دىلىڭغا ئازار بەردۇق. بىز
ئاچا-ئىنى ئىككىڭلارغا مۇستەھكەم ئەخلاق قور-
غىنى ياساپ بەرمەكتە يوق، مەسئۇلىيەتسىزلىك
بىلەن ھەممىنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتۇق.
ئەمدى مەن ساڭا «ئائىلە مۇقەددەس، ئەخلاق-پەزى-
لەت زور بايلىق، ئىللىق ئائىلە بىر جەننەت» دې-
گەندەك گەپلەرنى قانداقمۇ قىلالارمەن؟ قىلسام-
مۇ سەن ئىشىنەرسەنمۇ؟ بۇ ئىش سىېنىڭ كېيىن-
كى ھاياتىڭغا، ئۆسۈپ-يېتىلىشىڭگە، روھىي
دۇنيارىڭغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتەركىن؟
مەن مۇشۇ چاقىچە داداڭلارنىڭ سىلەرگە
گۆھەر ئىسىملىك بىر ئاچا تېپىپ بەرگىنىدىن
بىخەۋەر يۈرۈپتىمەن. ئۇكاڭ دېمىسە بەلكىم مەن
مەڭگۈ بىلمەي قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بۇ
قېتىم يۇرتقا نېمىشقا بارغاندىمەن؟ سىڭلىم نې-
مىشقا ئاغرىپ قالغان بولغىيتتى؟ يا بۇ تەڭرى-
نىڭ ئەتەي ئورۇنلاشتۇرۇشىمىكىن. ئاشۇ
كۆزلەر... مەن ئىلگىرى بۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىسى-
نى تونۇمايتتىم، ھازىر شۇنچىلىك تونۇپ كەت-
تىمكى، ئۇنى بەك تونۇغىنىمدىن، ھەتتا ئۆزۈمنى
ئۇنتۇپ قالايلا دېدىم. نەگىلا قارىسام ئاشۇ بىر
جۈپ كۆزنىلا كۆرىمەن، ئەينەككە قارىسامۇ
ئەكس ئەتكىنى مېنىڭ چىرايىم ئەمەس، بەلكى
ئاشۇ بىر جۈپ كۆز. شۇ تاپتا ياتىقىمنىڭ ئىچى-
دىكى بوشلۇق، تاملار، ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقتا
يەنىلا ئاشۇ بىر جۈپ كۆز ماڭا مەنسىتمەسلىك
بىلەن قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ كۆزلەردىن «سۇلتان ماڭا
تەئەللۇق» دېگەندەك بىر خىل مەنمەنلىك تۆكۈ-
لۈپ تۇرىدۇ. كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. ئۇ كۆزلەر
مېڭەمگە كىرىۋالدى. ئاخىر ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا
زورلاش ئارقىلىق بۇ كۆزلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇ-
تۇلۇش ئۈچۈن ئادىتىم بويىچە ئۇيقۇ دورىسىغا قو-
لۇمنى ئۇزاتتىم...

ئەتىسى ئويغانغاندا چۈش بولاي دەپ قالغان-
دى. بەدىنىم ماغدۇرسىز، بېشىم ئېغىرلاپ،
كۆڭلۈم ئاينىپ تۇراتتى. ئەينەككە قارىسام قاپاق-
لىرىم ئىششىپ، كۆز ئەتراپىم قارىداپ، چىرايىم
تاتىرىپ، خۇنۇكلىشىپ كېتىپتىمەن. زورۇقۇپ
ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۇيۇندۇم، كىيىنىپ ئۆزۈمنى
مۇنداقلا بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن
سىرتقا چىقتىم، قورسىقىم زادىلا ئاچمىغانىدى.
شۇنداقتىمۇ تاماق يېمىسەم بولمايتتى. نېمە
ئۈچۈن يەنە تاماق يەيدىغاندىمەن؟ بەلكىم ئاشۇ ئا-
زابلارنى يەڭگۈدەك قۇۋۋەتنى تاماقتىن تاپماقچى
بولغاندىمەن. قورساقنىڭ ئاچلىقى گېزى كەل-
گەندە يېرىم زاغرا بىلەنلا تويىسىمۇ، ئەمما
قەلبنىڭ ئاچلىقى ئۇنداق ئەمەس، بەزىدە ئۇنىڭغا
بىر دۇنيا سۆيگۈنى بەرسەڭمۇ يەنىلا قانائەت
قىلماسلىقى مۇمكىن. بىراق مەن ئۇنچىۋالا چوڭ
نەرسىگە موھتاج ئەمەستىم. پەقەت بىر قەلبنىڭ
كىچىككىنە سۆيگۈسى، كۆيۈنۈشى ۋە ئىشەن-
چىگە ئېرىشسەملا ئۆزۈمنى جاھاندىكى ئەڭ
بەختلىك ئايال ھېسابلىغان بولاتتىم. ئەپسۇس،
شەرتنىڭ تۆۋەنلىكىمۇ بەزىدە ئادەمنى مۇشۇنداق
بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويسا كېرەك. بىر
ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر قاچا ئۇگرە بىلەن قور-
سىقىمنى گوللىدىم. بىر بېسىپ، ئىككى
بېسىپ يەنە تۈنۈگۈنكى كۆۋرۈككە قاراپ
ماڭدىم. ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن بارىدىغانلىقىمنى
ئويلىغۇدەك ھەپسىلەم يوق ئىدى. ئەنە، يارقىن
مۇزىكا ئاۋازى! ئەمدى بىلدىم، مەن بۇ يەرگە دەل
ئاشۇ مۇزىكىنى دەپ كەپتىمەن. تۈنۈگۈن تۇرغان
جايىمغا كېلىپ، ھېلىقى ئەرگە يېقىنلا يەردە
تۇرۇپ مۇزىكىغا قۇلاق سالدىم. ئۇ ئەر يەنە كۆز-
لىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ ئىسكىرىپكا چېلى-
ۋاتاتتى. ئۇ ئېھتىمال مېنىڭ كەلگەنلىكىمنىمۇ
سەزمىدى، سەزسىمۇ بەرىبىر مېنى تونۇمايتتى،
ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلايدىغانلار يالغۇز مەنلا
بولمىسام كېرەك. مۇزىكىغا قۇلاق سالغاچ
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئۇنىڭ ئالدىدىكى شىلەپىگە
ئانچە-مۇنچە پۇل تاشلاپ قويۇۋاتقانلار بار
ئىدى، ئەمما ھەممىنى ئۇنتۇتقان ھالدا بېرىلىپ

مۇزىكا تىڭشاۋاتقىنى بوۋاقنى پەقەت مەنلا ئىدىم. ئۇ بوۋاقنى مەشھۇر «ھاياتلىق سىمفونىيەسى»نى چېلىۋاتاتتى. مەن بىئىختىيار ھالدا مۇزىكا قويىدىغا سىڭىپ كەتتىم...

قىزىلگۈللەر ھوپپىدە ئېچىلغان باھار پەسلىدە، ئىككى ئوغۇلدىن كېيىن قىز بالىغا ئۇتتەك تەشنا بولغان بۇ ئائىلىدە ئارزۇلارنى چېچەك ئاچتۇرۇپ، بىر قىز بوۋاق تۇغۇلدى. ئۇلار بۇ قىزغا «زۇبەيدە» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ چوڭ بولۇپ مەكتەپكە كىردى. ئۇ تولىمۇ ئەقىللىق ھەم زېرەك ئىدى. دەرستە ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. سەبىي قەلبىدە ئۆزىگە خاس گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرى بار ئىدى. دەرسلەرنىڭ ئىچىدە ئەدەبىيات دەرسىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. شېئىر، تەرمىلەر بىلەن خاتىرىسىنى توشقۇزۇۋېتەتتى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ھارپىسىدا پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتلىرىغا زور تۈركۈمدە خادىم قوبۇل قىلىندى. شۇ قاتاردا 16 يېشىدىلا بالا كادىر بولۇپ ئىشقا چۈشتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرغۇسى بار ئىدى، ئەمما ئىزچىل دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ كادىرلىققا تاللانغانلىقىدىن چەكسىز خۇشال بولۇشتى، ئۇقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى، ھەممىسى ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەشتى. شۇنچىۋالا قىزغىن تەبرىك-ئۈمىدلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئارتۇقچە بىر نەرسىلەرنى ئويلاشقا رەۋتى بارمىدى ۋە باشقىلاردەك بۇنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئامەت ھېسابلىدى. زۇبەيدە بەك بالدۇر توي قىلدى، ئۇ ئاران 17 ياشتا، سۇلتان 19 ياشتا ئىدى. زۇبەيدە تۇرمۇشنى ئوقۇغان كىتابلىرى بويىچىلا چۈشىنەتتى، رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراق بولغان گۈزەل خىيالىي دۇنيا ئىچىدە ياشايتتى. ئۇ ھەر ۋاقىت، ھەممە ئىشتا ئائىلىنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى. ئېرىنى ھەر جەھەتتىن خۇشال قىلىشنى ئويلايتتى، ئېرىنىڭ خۇشاللىقى، ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىكى، بالىلىرىنىڭ ساغلاملىقى قاتارلىقلارنىلا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارايتتى. ئەمما مەلۇم ۋاقىتقا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتە ئېرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بالىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگىمۇ يېتەكچىلىك قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن ۋاقىتتا، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بىراقلا چۆچۈپ ئويغاندى.

— ئاپا، سەن مۇشۇنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ قانداق كادىر بولغان؟

— ئاپا، دادام بىلگەننى سەن بىلمەمسەن؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زۇبەيدە قىزىغا «بىلمەيدىكەنمەن، دادىڭىزدىن سوراڭ» دېيىشتىن خىجىللىق ھېس قىلىدىغان، ۋاقىت تاپسىلا بالىلىرىنى يېتەكلەشكە ئەسقاتقۇدەك نەرسىلەرنى ئۆگىنىدىغان بولدى. بۇ ئۆگىنىشلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر ئېرىنىڭ قوللىشى، ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى.

— بىز توي قىلغاندىن بۇيان مەنمۇ ئۇدا ئىككى قارار ئوقۇدۇم. سەن ئائىلىمىزنى خاتىرجەم قىلىپ، شۇ شارائىتلارنى يارىتىپ بەرمىسەڭ، ماڭا بۇنداق ئامەتلەر نەدە تۇرۇپتۇ دەيسەن؟ ئوقۇش ھەقىقەتەن ياخشى ئىش خوتۇن. ئوقۇغىن، بالىلاردىن ئەنسىرىمە، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن.

ئېرىنىڭ سۆيۈش، مەسئۇلىيەت ۋە كۆيۈنۈش بىلەن تولغان بۇ مۇھەببەتلىك سۆزلىرى ئۇنىڭغا چەكسىز بەخت، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بەخش ئەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇلۇغ غايىلەرنى يۇدۇپ ئۆيىدىن ئايرىلدى. ئۆمۈرۈمچىدىكى ئوقۇش ھاياتى ئۇنىڭغا چەكسىز پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇ ھەر بىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى، پاك ئەقىدىسىنى، ئائىللىق ساداقەت، ئائىلىق مەسئۇلىيىتىنى بىر دەقىقىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى، قەلبى

سېغىنىش ئوتلىرىدا كۆيۈۋاتقاندىمۇ ئۆگەندى، ئۆزگە يۇرتقا كۆنەلمەسلىك ئېغىر كەلگەندىمۇ ئۆگەندى، زېرىكسىمۇ ئۆگەندى، چارچىسىمۇ ئۆگەندى. ئۆگىنىشنى زادىلا بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. بىلگەنلىرى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشى، ئۆز قىممىتىنى چۈشىنىشى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئېشىپ، قەلب ئاسمىنى سۈزۈلۈپ باراتتى. ئۇ زۆرۈر دەرسلەرنى ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇ بالىلىرىنىڭ ئالدىدا خۇنۇكلەشكەن ئوبرازىنى ئۆز بىلىمى ئارقىلىق قايتىدىن تىكلىمەكچى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغانلىرىنى، ھېس قىلغانلىرىنى، چۈشەنگەنلىرىنى بۇرۇن خىزمەت ۋە تۇرمۇش داۋامىدا توپلىغان تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ خاتىرىسىگە پۈتۈپ ماڭدى. تېخىمۇ تىرىشىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ھەقىقىي بىر ئادەمدەك ياشاشنى ئۆمۈرلۈك ئارمان سۈپىتىدە قەلبىگە پۈكتى. ئۇ ئاخىر ئۆز يولىنى تاپقان ئىدى. ھەممىدە ئائىلىنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىدىن قىلچە ئازغاشماي، ئۆزى تاللىغان يولدا ئاخىرقى مەنزىلگە قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى، ئەمما بۇ يىلقى ماي بايرىمى ھارپىسىدا سىڭلىسىنىڭ بىتاپ بولۇپ قېلىشى بىلەن يۇرتىغا قىلغان بۇ سەپىرى ئۇنى قارا بوراندا ئۇچۇرۇپ، باش-ئايىغىغا كۆز يەتمەس چۆل-جەزىرىگە ئەكىلىپ تاشلىدى. ئۇ كۈنى زۇبەيدە ئاپتوبۇس بىلەن يۇرتىغا كەلگەندە، ئېرى ئىككى بالىسى بىلەن بىللە ئۇنى بېكەتتە ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ، سېغىنىش ئوتى ئۆرتەۋاتقان قەلبىنى سەگىتىش ئۈچۈن ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە كەتسە بولاتتى، ئەمما ھاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان سىڭلىسى دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېتىلگەن بولغاچقا، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بېرىشى كېرەك ئىدى، ئانا-بالا كۆرۈشمەستە چىدىغان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئايرىلىشقا ھېچقايسىسىنىڭ كۆزى قىيمىدى. ئوغلى ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىۋېلىپ زادىلا قويۇۋەتمىدى، ئاخىر زۇبەيدە ئىككىلا بالىسىنى ماشىنىغا چىقىرىۋالدى، سۇلتان ئەتىسى بارىدىغان بولدى.

— سىلەرنى بەك سېغىندىم، ھەر كۈنى غېمىڭلارنى يېدىم. مېنى كەچۈرۈڭلار بالىلىرىم، سىلەرنى قىيناپ قويدۇم. ئوقۇشۇم ئاز قالدى، يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، — دېدى ئۇ.

— ئاپا، بىزمۇ سىزنى بەك سېغىندۇق. بىزغۇ ئۆز ئۆيىمىزدە دادام بىلەن ياخشى تۇردۇق، سىز خەقنىڭ يۇرتىدا تازا قىينالغانسىز-ھە؟

قىزىنىڭ خۇددى چوڭ ئادەملەردەك قىلغان بۇ گېپىدىن، ئۇ قىزىغا خېلىلا ئەقىل كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئاپا، — دېدى ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلى ئاچىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — سىز يوق ۋاقىتتا گۆھەر ئاچام ھەر كۈنى كېلىپ كىيىملىرىمىزنى يۇيۇپ، بىزگە تاماق ئېتىپ بەردى.

نازىلە ئۇكىسىنىڭ ئېغىزىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سېلىپ:

— كىم سېنى گەپ قىل دېدى؟ نېمە دەپ سورىمىغان گەپنى قىلىسەن؟ — دېدى ۋە چۆچۈپ ئانىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ — دېدى ئىمران يىغلامسىراپ، — راست گەپ قىلسام بولمامدىكەن؟ گۆھەر ئاچام ساڭمۇ بەك ئامراقمۇ؟ ماڭا كۈندە پۇل بېرىدۇ، ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇ بەك ئوبدان.

— ئەستا ئىمران، گەپ قىلماي بىردەم جىم تۇرساڭ بىر كىم سېنى گاچا دەمدۇ ھە؟ ئاپا، قۇلاق سالماڭ. بۇ... — نازىلە گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي دۇدۇقلاپ قالدى. بۇنىڭ نېمە ئىشلىقى، گۆھەر دېگەننىڭ كىم ئىكەنلىكى زۇبەيدەنىڭ كۆڭلىگە ئاستا-ئاستا ئايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ قەدىرلىك ئېرى گۆھەر ئىسمى-

لىك بىرسىنى تېپىۋالغان ئىدى، تەپتارتماستىن ئۇنى ئۆيىگىچە ئەكىلىپ بالىلىرىغا ئاشكارا قىلغان ئىدى. بەلكىم بالىلار كىچىك بولغاچقا چۈشەنمەيدۇ دەپ ئويلىغاندۇ. ئەمما قىزى ئاللىبۇرۇن چۈشەنگەن ئىدى، ئانىسىدىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بىچارە قىز داداڭ يوشۇرۇشنى خالىمىغان ئىشنى سەن يوشۇرۇپ كېتەلەيتتىڭمۇ؟ سەن نېمىگە ئوڭايسىزلىنىسەن؟ نېمىگە بۇنچە تەڭقىسلىقتا قالىسەن؟ بۇلار سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ ئەمەسقۇ ئاخىر. بولدى قىزىم، كۆپ رىيازەت چەكمە، ئاناڭ سېنى ھەرگىزمۇ تەڭقىسلىقتا قويمايدۇ.

— ئۇكىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ قىزىم، گۆھەر ئاچاڭلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. ئۇنىڭغا ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى مەن تاپىلىغان.

ئىمران بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاچىسىغا مېنى نېمىشقا ئىكارغا ئۇرىسەن؟ دېگەندەك نارازىلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. نازىلە ئاغزىنى ئاچقان پېتى ئانىسىغا قاراپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە جاۋاب بېرىش تولىمۇ قىيىن بولغان سوئال بەلگىلىرى لەيلەپ تۇراتتى. زۆبەيدە گويا قىزىنىڭ ئالدىدا ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى، قىز ئانىسىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى ئۇنىڭ باغرىغا يوشۇردى، مۈرىلىرىنىڭ يېنىك تىترەشلىرىدىن قىزىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ يۈرەك-باغرى ئۆرتىنىپ كەتتى.

زۆبەيدە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە ئاتا-ئانىسى، بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. زۆبەيدەنى كۆرۈپ خۇددى نىجات يۇلتۇزىنى كۆرگەندەك، ئۇلارنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

— سىڭلىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى زۆبەيدە.

— دوختۇرلار ئۇنىڭ ئەھۋالى بىرئاز تۇراقلاشتى دەيدۇ، يەنىلا جىددىي قۇتقۇزۇۋاتىدۇ، — دېدى دادىسى قايغۇلۇق ئاۋازدا. ئۇ ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئېتىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەنسېرى ئۇ شۇنچە يىغلايتتى، ھەممە ئۇنى سىڭلىسى ئۈچۈن يىغلاۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئۇ ھازىر سىڭلىسى ئۈچۈنمۇ يىغلايتتى، بالىلىرى ئۈچۈنمۇ يىغلايتتى، شۇنچە يىل ئەجىر قىلغان ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ يىغلايتتى، تولىراقى ئۆزى ئۈچۈن يىغلاۋاتاتتى.

بىر بۆلەك ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بالىلار دوختۇرخانىغا يېقىن يەردىكى مېھمانخانىغا كېتىشتى، زۆبەيدە ئاتا-ئانىسى، سىڭلىسىنىڭ ئېرى بىلەن كۈتۈش ئۆيىدە تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. ئانىسى:

— دوختۇرلار بىر سوتكا ئىچىدە كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەرمىسىلا خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ دېگەن ئىدى، مانا، بىر سوتكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام بولاتتى، — دەپ يىغلىدى.

— ئانا، ئەنسىرىمەڭ، سىڭلىم چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ تەسەللى بەردى زۆبەيدە. تەسەللىگە ئۇ ئۆزى ئەڭ موھتاج ئىدى، ئەمما بۇنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. ناۋادا ئۇ ئۆز قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاتا-ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرمىغان بولسا، بىر ئەسىردەك ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ كېچىدە ئۇلار چوقۇم يىقىلىپ قالغان بولاتتى.

چۈشكە يېقىن دوختۇرلار:

— خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، يۈرەك ھەرىكىتى نورماللاشتى، ئەمدى كىرىپ كۆرۈشسەڭلار بولىدۇ، ئەمما يېنىدا ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېدى. زۆبەيدە كىرىپ سىڭلىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارامتۇل كۆكۈچ رەڭگە كىرىپ قالغان بولۇپ، كۆزىنى ئاچماي جىمىدە ياتاتتى، بۇرنىغا ئوكسىگېن نەيچىسى كىرگۈزۈلگەنىدى، بەدىنىگە بىر نەچچە خىل ئۇسكۇنە چېتىلغان بولۇپ، ئېكران-

لاردا تۇرلۇك سان-سىپىر ۋە ئېگىز-پەس سىزىقلار يورۇپ تۇراتتى. زۇبەيدە سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئىككى تامچە يېشى سىڭلىسىنىڭ چاچلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. بىچارە سىڭلىم، بۇ كېسەل ساڭا كەلگىچە ماڭىلا كەلسىچۇ، نىمجان يۈرىكىم شۇ ئاغرىقتا سوقۇشتىن مەڭگۈلۈك توختاپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! شۇ ئەسنادا سىڭلىسى ئاستا كۆزىنى ئاچتى، سىڭلىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىۋاتقان ھالىتىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى سەدپارە بولدى.

— ئاچا، مەن... مەن ھاياتما؟ — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ. ئۇنىڭ شۇ گەپنى دېيىشكە ئارانلا دېمى يەتكەندەك قىلاتتى.

— شۇنداق، ئوبدان سىڭلىم، سىز تېخى ھايات، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

زۇبەيدە سىڭلىسىنىڭ ھوشىغا كەلگىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشۈپ قايتىپ چىقىۋېدى، كارىدوردا غەمكىن ھالدا تۇرغان سۇلتاننى كۆرۈپ يۈرىكىدىكى جاراھەتكە قايتىدىن تىغ ئۇرۇلغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇنى كۆرمەستە خېلى ياخشى ئىدى، قەلبى خۇددى ئاستى داۋالغۇسىمۇ ئۈستى تىنچ كۆرۈنىدىغان دېڭىز سۈيىگە ئوخشايتتى، ئەمما سۇلتاننى كۆرگەندىن كېيىن، قەلب دېڭىزىدا كۈچلۈك قىيان كۆتۈرۈلدى، دېڭىز سۈيى بىر جۈپ بۇلاقتىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى.

— خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كېتىپتىغۇ، قايغۇرما، ئەمدى ئاستا-ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى سۇلتان. زۇبەيدە «بىز ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ قورقۇنچلۇق باسقۇچ ئەمدى باشلاندى» دېمەكچى بولدىيۇ، ئەمما ئوي-خىياللىرىنى يىغىسى بىلەن قوشۇپ ئىچىگە يۇتتى. ئۇلار كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. سۇلتان ئايالىنى ھېلىھەم سىڭلىسى ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ دەپ قارايتتى. ئەمما يوشۇرۇن ئازاب خۇددى قان شورىغۇچ يالماۋۇزدەك، زۇبەيدەنىڭ قېنىنى شوراپ، ئۇنى ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ كاردىن چىقارماقتا ئىدى. زۇبەيدە ياتاق ئۆيىگە كىردى، رامكىغا ئېلىپ تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇلغان رەسىمى تەتۈر ئۆرۈلگەندەك تۇراتتى. قارىغاندا ئۇنى ئوڭشاپ قويۇش سۇلتاننىڭ ئېسىگە كەلمىگەندەك قىلاتتى ياكى ئۇ ئەمدى بۇ رەسىمنى ئوڭشاپ يۈرۈشنى بىھاجەت دەپ قارىدىمىكىن؟ زۇبەيدە سەنتۇرۇلۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، كارىۋاتقا دېيىنگەن قولىغا بىر نەرسە پېتىپ كەتتى. ئېلىپ قارىۋېدى، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك بىر تال تۈگمە بولۇپ چىقتى، زۇبەيدەنىڭ كىيىملىرىدە بۇنداق تۈگمە يوق ئىدى. شۇ ئەسنادا سۇلتان بىر ئىستاكان قايناق سۇ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئايالىنىڭ نامەلۇم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ مۇردىدەك قېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆيۈنگەن ھالدا:

— بۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمە، بولمىسا ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويىسەن. سىڭلىمىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۇراقلاشقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كەلدۇققۇ، — دېدى. زۇبەيدە سۇلتاننىڭ كۆزلىرىگە بىر ھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ماۋۇ تۈگمىنى گۆھەرگە ئاپىرىپ بېرىڭ، كوپتىسىنىڭ ئالدى ئوچۇق قالسا ئوغرى كۆزلەر قاراپ سالمىسۇن، — دېگىنىچە تۈگمىنى سۇلتانغا ئۇزاتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇلتان قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك چۆچۈپ كەتتى.

— زۇ... زۇبەيدە، بۇ... — ئۇ دۇدۇقلاپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىدى. چىرايى تاتىرىپ كۆز نۇرلىرى ئۆچۈپ، بىردەمدىلا ئۇزاق يىل كېسەل تارتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزلىيەلمەي تۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئۆزىلا ھەممىنى تەن ئالغانلىقى ئىدى، گەچە زۇبەيدەنىڭ كۆڭلىگە ھەممە ئىش ئايان بولسىمۇ، ئۇ شۇ تاپتا ئېرىنىڭ «بۇ سەن ئويلىغاندەك ئىش ئەمەس، بۇ ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىدى...» دەپ بىر نەچچە ئېغىز چۈشەندۈرۈشىگە، بىر نەچچە ئېغىز يالغان گەپ

قىلىشىغا شۈنچىلىك تەشنا بولۇۋاتاتتى. قارىغاندا سۇلتان نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەكلا ئىدى، زۇبەيدە كۆز ئالدىدا قولاشمىغان بىر ھالەتتە سالپىيىپ تۇرغان سۇلتانغا قاراپ:

— چىقىپ كېتىڭ، مېنى بىردەم يالغۇز قويۇڭ، — دېدى. سۇلتان گەپ-سۆز قىلماي يەنە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا چىقىپ كەتتى. زۇبەيدە ئىشىكنى تاقىۋەتتى. ئاندىن ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى: «سۇلتان، سەن مېنىڭ ئەقلىمنى يەرگە ئۇرغاننى ئاز دەپ، ئۆز ئۆيۈمگە، ئۆز ھۇجرامغا يات بىرسىنى باشلاپ كىرىپسەن. بۇ يەر مېنىڭ مۇقەددەس قورغىنىم ئەمەسمىدى؟ بۇ يەرنى بۇلغاشقا يۈرىكىڭ قانداق چىدىدى؟ بالىلار سېنىڭ گۆھەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ يۈرگىنىڭنى بىلىپ كېتىپتۇ. سەن ئەسلىدە دىلى بىلەن تىلى باشقا، تولىمۇ ساختىپەز ئادەم ئىكەنسەن. شۇنچە يىل بىر ياستۇققا باش قويغىنىمىز بىلەن، نۆۋىتى كەلگەندە ئۇرۇق-تۇغقان ھېسابلىنالمايدىغان، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يات كىشىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدىغان مېنى ئاياپ ئولتۇرغۇڭ كەلمىسىمۇ، ھالال نىكاھىڭ مېۋىسى، ئۆز پۇشتۇڭدىن تامغان سەبىي بالىلارنى بولسىمۇ ئايىماپسەن. ئاشۇ پاسكىنا كۆزلىرىڭدە بالىلىرىمغا قارىغانسەن، پاسكىنا قوللىرىڭدا بالىلىرىمنى تۇتقانسەن. بالىلىرىم گۆھەر بەرگەن پاسكىنا پۇللارغا ئۇنى-بۇنى ئېلىپ يەپتۇ. ئۇلارنىڭ سەبىي دىلىنى بۇلغىمىساڭ بولماسمىدى؟ ئۇلارنىڭ ھازىرچە چۈشەنمىگىنى بىلەن، كېيىنچە ھەممىنى بىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭمۇ؟ سەن نەپسىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىپ ئويلىيالمىغان ھالەتتىمۇ، كەلگۈسىدە ئانا بولمىش ئاشۇ گۆھەرنىڭ بولسىمۇ ئويلاپ قويمىغىنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئانا بولۇش شەرىپىگە مەڭگۈ نائىل بولالمايدىغان بىر چۈپرەندە بولسا كېرەك. سۇلتان، سېنى قانداق كەچۈرەي؟ شۇ تاپتا بالىلىرىمنى ياندىكى ئۆيدە ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋاتقان ناشايان ئىشىڭلار كۆز ئالدىمدا، كۆزۈمنى يۇمۇۋالسام مېڭەمدە، ھەر بىر ھۇجەيرەمدە ئېنىق نامايان بولماقتا. ئەمدى مەن بۇ ئۆيدە قانداقمۇ تۇرالايمەن؟ گۆھەرنى قۇچاقلىغان ئاشۇ قوللىرىڭدا تەپتارتماستىن مېنى قۇچاقلامسەن، ئاشۇ لەۋلىرىڭدە مېنى سۆيۈشكە جۈرئەت قىلالامسەن؟ تېخى ئۇيقۇلۇق ھالەتتە مېنى ‹گۆھەر› دەپ چاقىرىپ سالساڭ جاھان نېمە بولۇپ كېتەر؟... ئەڭ ياخشىسى يېنىمغا كەلمە، مەندىن نېرى تۇر. ساڭا نەپرەتلىنىمەن، مەن ساڭا ئۆچ، چىش-تىرنىقىمغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئىلگىرى سېنى قانداق ياخشى كۆرەتتىمھە؟ سېنى ئەخلاقلىق، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم دەپ ئويلايتتىم ھەم ساڭا ئىشىنەتتىم. ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ سەن بىر ئەركەك بولغاندىكىن، ئۆز پەزىلىتىڭ ئارقىلىق ئائىلىڭنى، بالىلىرىڭنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرسەڭ بولماسمىدى. مەن ھېلىغىچە سېنىڭدىن ئەيمىنەتتىم، ھۆرمەت قىلاتتىم. ئەمما ھازىر پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ياق، پۇشايمان قىلدىم دېسەم توغرا بولمىغۇدەك. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدىم. بۇلارغا پۇشايمان قىلمايمەن. پەقەت سېنىڭدىن يىرگىنىۋاتىمەن! ناۋادا قۇربىم يەتكەن بولسا ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەرنى، گۆھەرنىڭ كۆز نۇرلىرى تېگىپ ئۆتكەن ھەممىلا نەرسىنى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن بولاتتىم...»

زۇبەيدە ئەتىسى تاڭ يورۇماستىلا بالىلىرىغا قىيالماي ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ تۇرۇپ، ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەي ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. كەينىدىن بىرەرسى ئىزدەپ كېلىدىغاندەك ئاپتوبۇس بېكىتىدە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى، ئەمما ئۇنى ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇ سۇلتاندىن ئاجرىشىپ كېتىشنى ياكى ئۇنى كەچۈرۈش دېگەنلەرنى ئەسلا ئويلاپ باقمىدى، پەقەت بۇ ئازابلاردىن بىر مەھەل ئۆزىنى قاچۇرۇشنىلا ئىستەيتتى. ناۋادا سۇلتان ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان بولسا، ئۇ كەچۈرەلەرمىدى؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ

بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئاياللار ئەپۇ قىلالايتتى-يۇ، مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. باللار ئۈچۈن چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن ئاشۇ ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئاياللار كەچۈرۈۋەتكەن، ئىچىگە ئۈنسىز سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىشلار ئازمىدى؟ مېنى كەچۈرۈڭلار بالىلىرىم، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئەسلىدە سىلەردىن ئايرىلماسلىقىم كېرەكتى، ئەمما يەنىلا ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. شۇنداقتىمۇ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر هامان مېنىڭ قەلبىمدە... ئۇ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاخىرقى قېتىم كەينىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇ بىر كېچە-كۈندۈزلۈك سەپەر داۋامىدا خۇددى روهى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتتى. ئاپتوبۇس مۇشۇ مېڭىشىدا مېنى جاهاننىڭ ئۇ چېتىگە، ناتونۇش ئادەملەر ئارىسىغا، ئەڭ ياخشىسى ئادەمزاتسىز بىر ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتكەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى هە! دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىراق ئاپتوبۇس ئۇنى ئاۋات ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ تاشلىدى. ئۈرۈمچى هېچقاچان ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ كۈندىكىدەك سوغۇق، يات، غېرىبانە كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى، يالغۇزلۇق ۋە ئازابمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاپتوبۇستىن بىللىلا چۈشتى.

مانا بۇ بىر ئايالنىڭ هاياتى ئىدى. يەنە نۇرغۇن ئاياللارنىڭ هاياتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشاتتى، پەقەت مۇهەببەت، نەپرەتكە تۇتقان مۇئامىلىسى ۋە يولۇققان مەسىلىلەرنى هەل قىلىش چارىسىلا ئوخشاشمايتتى. زۇبەيدە بىر قارىسا تولىمۇ ئاسان، يەنە بىر قارىسا تولىمۇ ئېغىر بولغان قېچىش يولىنى تاللىدى. ئۇ قېچىپ زادى نەگە بارالاركىن؟ مۇشۇنداق قېچىش ئارقىلىق سۇلتانغا بولغان نەپرىتىدىن قانچىلىك يىراقلىشالاركىن؟

* * *

مەن ئاستا-ئاستا ئۆزۈمگە قايتتىم. هېلىقى بىر جۈپ كۆز ماڭا قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلەر ماڭا گويا چوڭقۇر بىر قايىنامدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ قايىنامغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقىنىمنى هېس قىلدىم. بۇنداق تۇرۇۋەرسەم بولمايتتى، بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە هاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ئۇ ئەر شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟

مەن سومكامدىن پۇل ئېلىپ هېلىقى شىلەپىگە تاشلاپ قويۇپ، خۇددى ساقچىدىن ئۈركۈپ قېچىۋاتقان ئوغرىدەك بۇ يەردىن بەدەر تىكىۋەتتىم، كەينىمگە قاراپمۇ قويمىدىم. قېچىۋېتىپ ئەتە هەرگىز كەلمەيمەن دەپ ئويلىدىم. ئەمما «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەندەك، ئەتىسى نېمىدۇر بىر نەرسە بەلكىم مۇزىكىدۇ، مېنى چاقىرىپ هېچ ئارامىمنى قويمىدى. ئاخىر يەنە شۇ كۆۋرۈككە قاراپ يول ئالدىم، بارمايمۇ ئىلاجىم يوق ئىدى. بۈگۈن ئۇ يەرگە هېلىقى ئەرنى كۆرگىلى ياكى ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلىغىلى ئەمەس، بەلكى كۆۋرۈكنىڭ سەل ئۈستى تەرىپىدە تۇرۇپ، هەر كۈنلۈكى ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى سۈرەتكە تارتىپ قويىدىغان فوتوگرافنى ئىزدەپ باراتتىم. ئىككى كۈنلۈك هاياتىمغا، ئازاب ۋە هەسرەتلىرىمگە ئەرمەك بولغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنى ئارقا مەنزىرە قىلىپ تۇرۇپ بىر نەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشۈۋالماقچى ئىدىم. بەلكىم بۇ بىر باهانىدۇ؟ ئەمما هازىر ئويلىغىنىم پەقەت شۇلارلا ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بىزنىڭ كىشىلىك هاياتىمىز نۇرغۇن-نۇرغۇن باهانە-سەۋەبلەر بىلەن يېڭى مەنىگە، ئۆزگىچىلىككە ۋە ئۇنتۇلماس ئىزنالارغا ئىگە بولاتتى، مەن كۆۋرۈككە كەلدىم. مۇزىكىمۇ ئاڭلانمىدى، ئەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. فوتوگراف كۆۋرۈك ئۈستىدە كۈندىكىدەك سۈرەتكە تارتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەن بۈگۈن سۈرەتكە چۈشۈشنى نىيەت قىلىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، نېمىشقىدۇر فوتوگرافنىڭ ئالدىغا بارماي، غېرىبسىنغان هالدا كۆۋرۈك رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر

چاغدا يېنىك مۇزىكا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئاندىن مۇزىكا چېلىنىۋاتقان تەرەپكە قاراپ قويماستىن فوتوگرافنىڭ ئالدىغا كەلدىم، نۇقتا تاللاپ بىر نەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشتۈم.
ئاندىن پەسكە قاراپ ماڭدىم. ئەمما پەلەمپەينىڭ
ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە ئىسكىرىپكا تار-
لىرىدىن ياڭرىغان «مېنىڭ ھېكايەم» دېگەن مۇزى-
كا كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن مېنى مەھكەم تۇ-
تۇۋالدى. مەن ئاستا كەينىمگە قارىدىم، ئەر ماڭا
تىكىلىپ تۇرۇپ «مېنىڭ ھېكايەم»نى سۆزلەۋاتات-
تى...

ئۇ بىر سەھرادا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسۈپ
چوڭ بولدى. كېيىن چوڭ شەھەرگە كېلىپ ئوقۇ-
دى، مۇزىكىخۇمارلىق ئۇنىڭ قان-قېنىغا
سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ گۈزەللىكنى سۆيەت-
تى، ئۇنىڭ سۆيىدىغىنى مۇكەممەل گۈزەللىك
ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى گۈزەللىككە بوز-
غۇنچىلىق قىلغۇچىلار دەپ قارايتتى. كەڭ تەبى-
ئەت، ساپ ھاۋا، سالقىن شامال، چەكسىز دالا،
ھەيۋەتلىك تاغ، كۆركەم شارقىراتما، يېشىل ۋادا،
نەغمىچى قۇشلار ئۇنىڭ ئىلھام بۇلىقى ئىدى. ئۇ
ھەممىلا نەرسىنىڭ ئەسلي يارىلىشىنى،
ئۇلارنىڭ روھىدىن ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي تۇي-
غۇلىرىنى ئىزدەيتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى گۈزەل-
لىك ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ چەك-
سىزلىك ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن گۈزەللىك
ئىدى. ئۇ دەبدەبە بىلەن سۆزلەۋاتقان ئېغىزلارغا
ئەمەس، بەلكى قەلبلەرنىڭ ئەينىكى بولغان كۆز-
لەرگە قارايتتى، كۆزلەر ئارقىلىق قەلبلەرنىڭ
يېنىك پىچىرلاشلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ئۇ
نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتى ۋە يەنە نۇرغۇن
نەرسىلەردىن مەھرۇم قالدى. ئىشق-مۇھەببەت
ئۇنىڭ نەزىرىدىكى مېھىر-مۇھەببەت بىلەن
زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ مېھىر-مۇھەببەتنى بىلەن
پۈتۈن كائىناتنى، قۇياش نۇرلىرىنى، ئىشقىلىپ
ئۇ ئۆزى سۆيۈشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارىغان جىمى
نەرسىلەرنى سۆيەتتى. ئىشق-مۇھەببەت بولسا
ئۇنىڭدىن بىرلا ئادەمنى جان-جەھلى بىلەن سۆ-
يۈشنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇ شۇنداق سۆيدى. ئەمما
ئۇ ئىزدىگەن ۋە سۆيگەن گۈزەللىك مۇھەببەت نا-
مىدا يىرتىلىپ ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى. ئۇ
كۆڭۈل بەرگەن قىزغا باشقىلارمۇ كۆڭۈل
بەرگەن ئىدى. ئۇ قىز ئۆزىنىڭ ئىشق-مۇھەببىتى-
نى ئۆزىگە كۆڭۈل بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە
خۇددى گازىر كەبى بىر ئۈلۈشتىن تەقسىم قىلى-
ۋەتكەن ئىدى. بۇ زەربىدىن ئۇنىڭ قەلبى
چەكسىز ئازابقا تولدى. قەلبىدىكى گۈزەللىكنى
رېئاللىقتىن تاپالماي قېلىشىغا ئىشەنمەيتتى.
شۇڭا ئۇ تەركىدۇنياچىلاردەك جاھان كېزىش سە-
پىرىنى باشلىۋەتتى. ئەڭ مودا بولغان سەرخىل
جاز مۇزىكىلىرى ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ
كىرىپ باقتى، مودېرنىزم مۇزىكىسىنىڭ يۆنىلى-
شى بويىچە رومانتىك ھەم فانتازىيەلىك مۇزىكا
دۇنياسىدا قانغۇچە سەيلە قىلىپ شۇبېرت،
مۇزات، هايدىنلار بىلەن تونۇشتى. بېتخوۋېننىڭ
سىمفونىيەلىرىدىن ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ئورنى-
نى تاپقانلىقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ مەنتىقىگە
ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى بايقىدى ھەم بىر خىل
ھەقىقىي گۈزەل ھېسسىياتنى بېشىدىن ئۆتكۈز-
گەندەك بولدى. بولۇپمۇ ئوتتەك قىزغىن ھېس-
سىيات بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان «قىزغىن-
لىق» سوناتاسى ۋە بېتخوۋېننىڭ ئارزۇ-تىلىكى،
پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھۆرلۈكى، ئازادلىقى، غە-
لىبىسى، شادلىقى، ئىتتىپاقلىقى، دوستلۇقى ئى-
پادىلەنگەن « 9-سىمفونىيە»سى ئۇنى ئۆزىگە پۈ-
تۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇ سەنئەت ساھەسىدە
نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدى. ئۆز چۈشەنچى-
سى ۋە تەسىراتى بىلەن نەچچە خاتىرىنى توش-
قۇزدى. سېلىشتۇرما ئاساسىدا يېزىلغان ماقالىلى-
رى داڭلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، دۇنيا
سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغى-
دى، شۇندىمۇ ئۇ بىر جايدا توختاپ قالمىدى.
سەپىرىنى توختاۋسىز داۋام ئەتتى. سەھرايى
كەبىر چۆللىرىنى بېسىپ، نىل دەرياسىنى

www.uygurkitap.com

كېيىپ ئۆتۈپ، سەددىچىن سېپىلىدىن ئايلى-
نىپ، ئۇيان چۆرگىلەپ، بۇيان چۆرگىلەپ ئاخىر
بۇ يەرگە كەلدى ۋە بۇ يەردە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ
قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگەندى،
تەتقىق قىلدى، ئىگىلىدى، ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ
گۈزەللىك دۇنياسىدىن قانغۇچە بەھرە ئالدى.
ئۇنىڭ نەزىرى يەتكەن ھەممىلا يەردە، ئاسمان-
زېمىن ئارىلىقىدا يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئاڭ-
لىنىپلا تۇراتتى. دەرۋەقە ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ
نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتى. گۈزەللىكنىڭ،
سەنئەتنىڭ، كۆيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسى-
دا چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە
بولدى. ئۇيغۇرنىڭ ئۆزگىچە تائاملىرى ئۇنىڭ
تېنىگە كۈچ-قۇۋۋەت بەرسە، «خانلەيلۇن»، «ئاما-
نەي» قاتارلىق لەرزان، مەردانە، شوخ، تېتىك،
رەڭدار خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇن ئىككى مۇقامى
ئۇنى كۆي-غەزەل، مۇڭ-پىراق، مۇھەببەت،
نەپرەت، رايىشلىق ۋە جەسۇرلۇق زىچ بىرىكىپ
كەتكەن چەكسىز گۈزەللىك دۇنياسىغا باشلاپ
كىرىپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا زور سىلكى-
نىش پەيدا قىلدى. ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردە دۇنياغا قاي-
تىدىن ئاپىرىدە بولغاندەك ھېس قىلدى. چۈنكى
بۇ يەردىكى ئىپتىدائىي توغراقلىق، ئەگىم دەريا،
تىلسىماتقا تولغان قۇم بارخانلىرى، ئەلئېھرامغا
ئەنداز بولغان ئۇيغۇر دوپپىسى، سويلاپ تۇرىدى-
غان ئۈرۈم چاچلار، جاننى ئالىدىغان ئاھۇ كۆزلەر-
نىڭ تېگىدە ئۇ ئىزدىگەن تەبىئىيلىك، قەدىمىي-
لىك، چەكسىزلىكنىڭ يارقىن شولىلىرى جى-
مىرلاپ، ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى، ئۇ
يەنە بۇ يەردە مىسكىن، ئەمما لاتاپەتلىك بىر ئايال-
نىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشتى. ئۇ ئايالنىڭ كۆزلىرى
ئۆزى تونۇيدىغان كۆزلەرنىڭ ھېچبىرىگە ئوخ-
شىمايتتى. ئۇ كۆز شۇنچىلىك تىنىق، شۇنچى-
لىك گۈزەل ئىدى. ئۇ كۆزلەردە گۈزەللىكنىڭ ۋا-
قىتسىز پايخان بولۇشىغا قارشىلىق كۆرسىتىش-
تىن تۇتىگەن ئىسيان ئوتلىرى يېنىپ تۇراتتى. ئۇ
ئايالنىڭ كۆزلىرىدە ياش يوق ئىدى. ئەمما قەلبى
ھەسرەت يېشىغا لىققىدە چىلىشىپ تۇراتتى. بۇ
ياشلاردىن دېڭىز ھاسىل بولۇپ، بۇ ناتىۋان ئايالنى
تۇنجۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ مۇزىكى-
دىن ياسالغان قولۋاق ئارقىلىق چەكسىز دېڭىزدا
ئايالغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى...

مەن چۈچۈپ كەتتىم. ياق! ئۇ ئىزدەۋاتقان
ئايال مەن ئەمەس. مەن نە قىممىتىدىن، نە گۈزەل-
لىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر
تاشلاندۇق ئايال. ماڭا كەلگەندە گۈزەللىك ئەڭ
زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، مەندە
بارى ئازاب ۋە كۆز ياش، جاراھەتلەنگەن قەلب.
سېنى ئۈمىدسىزلەندۈرگۈم يوق ناتونۇش ئادەم،
ئاۋارە بولما. مەن پەقەت باشقىلار تەرىپىدىن
پۇرلەپ تاشلىۋېتىلگەن گۈلمەنكى، مەندە نە
خۇش پۇراق، نە تەبىئىيلىك يوق. مېنىڭ خاراب
بولغان ھاياتىم ساڭا مەنسۇپ بولمىغىنىدەك،
سەنمۇ ھەم بۇ يەرگە مەنسۇپ ئەمەس. كەت! تې-
خىمۇ يىراق جايلارغا بار، تەكلىماكاننىڭ ئىچ-
كىرىسىگىچە كىر. بەلكىم سەن ئىزدىگەن گۈ-
زەللىك، چەكسىزلىك شۇ يەرلەردە قۇم بارخانلى-
رىغا كۆمۈلۈپ يېتىۋاتقاندۇ. كىروران گۈزىلى-
دەك بىر قىز ئۆز ئارزۇلىرىنىڭ قۇمدەك چېچەك
ئېچىشىنى كۈتۈۋاتقاندۇ. بەلكىم سەن ئۇ يەردىن-
مۇ ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەرسەن، ئۇزۇڭ تەشنا
بولغان نەرسىلەرنى داۋاملىق ئىزدەپ دۇنيانىڭ
يەنە بىر چېتىگە بېرىپمۇ قالارسەن. ئەسلىدە
مەيلى گۈزەللىك بولسۇن، مەيلى سۆيگۈ-مۇھەب-
بەت بولسۇن، بۇ دۇنيادا چەكسىز نەرسە يوق.
ئەمما ساڭا ئۇنداق دېيەلمەيمەن، سەن تەشنالىق
بىلەن ئۈمىد ئىچىدە داۋاملىق ئىزدىگەن ۋاقتىڭ-
دىلا ئاندىن ھاياتىڭغا يېڭى مەنە بېرەلەيسەن.
سەن ئۇچۇن ئۈمىدىنىڭ ئۇزۇلۇشى ھەممە نېمى-
نىڭ بەربات بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن
سېنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭنى خالىماي-
مەن، ئالدىڭغا قاراپ داۋاملىق مېڭىۋەر، چەك-
سىزلىككە سوزۇلغان يولدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر
سەيياھسەن. ئەمما مەن ساڭا ئوخشىمايمەن، يو-

لىمىز ھەم بىر ئەمەس، مەن ئۈچۈن چەكسىزلىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇلارنى چۈشىنىۋېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا يەنىلا مېنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىم دۇرۇستەك قىلىدۇ، مەن ماڭمىغۇچە سەن قوزغالمايدىغان ئوخشايسەن. بوپتۇ، مەن ئاۋۋال كېتەي، خەير-خوش!

* * *

مەن يەنە قاچتىم، شۇ قېچىشىمدا ئۇدۇل ياتىقىمغا كېلىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. كۆز ئالدىمدا تولىمۇ چۈشىنىكسىز نۇرغۇن سايىلەر ئەگىپ يۈرەتتى. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ-قوغلاپ، ئاخىر ھالىم قالمىغاندا دورا ئىچىپ ئۇخلاپ قالدىم. ئەتىسى يەنە باردىم. سۈرىتىمنى ئەكىلىۋالمىسام بولمايتتى. شۇڭا باردىم. سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ئەر بار تەرەپ ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانىدى. مەن شۇنداق تاللىغان بولغىيمىتتىم؟ سۈرەت ھەقىقەتەن كۆڭلۈمدىكىدەك تارتىلغانىدى. سۈرەتلەرگە قاراپ بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدىم. بەلكىم چىرايىم ئۆزگەرمىگەندۇ، ئەمما قەلبىم كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىۋاتاتتى. بۈگۈن يەنە ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ئەرگە پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتەلمىدىم. چۈنكى ئۇ بۈگۈن مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «دوست خېنىم»غا چېلىۋاتاتتى.

ئۇ مۇزىكىنى شۇنچىلىك ياخشى چالدىكى، ناۋادا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىمىغان بولسام، مىڭ ئادەمنىڭ دېگىنىگىمۇ ئىشەنمەس بولغىيتتىم. ئۇ ھەقىقىي مۇزىكانت ئىدى. ئۇ جاپالىق مەشىق ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇنىڭ ئېگىز بويى كۆرۈنەرلىك پۈكۈلگەن، چىرايىنى چۈشىنىكسىز بىر خىل سولغۇنلۇق قاپلىغان. كۆزلىرى بۈگۈن نېمىشقىدۇر قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاش ماھارىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن نەچچە كېچىدىن بېرى ئۇخلىمىغاندەك قىلاتتى. ئېنىقكى ئۇ ئۆزى ئىگىلىگەن بۇ مۇزىكىلارنى تۈنجى بولۇپ ماڭا ئورۇنلاپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ شۇ ئارقىلىق مېنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشۈمگە ئېرىشمەكچى ئىدى. بىراق بۇنداق دېيىشكە نېمە ئاساسىم بار مېنىڭ؟ بىز ناتونۇش ئىككى ئادەم، ھېلىغىچە بىر-بىرىمىزنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلىشمەيمىز. ئىككىمىز ئىككى دۇنياغا مەنسۇپ. ئەڭ ياخشىسى مەن كېتەي، كەلمەسكە كېتەي.

ئەتىسى راستىنلا بارمىدىم، خۇددى بېھوش دورىسى يېگەن ئادەمدەك خامۇشلۇق ئىچىدە كارىۋىتىمدىن چۈشمەي ياتتىم. ھېچنەرسە يېمىدىم، نېمىشقىدۇر پات-پات سائىتىمگە قارايتتىم. كەچ كىردى، تاقىتىم تاق بولدى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. سىرتتا سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. پۈتۈن بەدىنىم چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. «ئۇ يوق، يامغۇردا ئىسكىرىپكا چېلىش مۇمكىن ئەمەس» دەيتتىم. ئەمما يەنە مەنزىلگە ئالدىرايتتىم. يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيدى، مەن ئاخىر كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدىم. ئەنە، ئۇ ئىسكىرىپكىنى يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغان پېتى ئۆزى ھەر كۈنى تۇرىدىغان ھېلىقى ئايلانمىدا مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. كېلىشىمگە ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە مېنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئېچىلمىغان بىر كونلۇك بولۇپ، ئىسكىرىپكا يەنىلا قويىندا ئىدى. ئۇ مېنىڭ بېرىپ كونلۇكنى ئېچىشىمنى، ئىككىمىزنىڭ بىرلىكتە يامغۇردىن پاناھلىنىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يامغۇردا قالغىنى باشقا ئىككى ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ بەلكىم شۇنداق قىلار بولغىيتتى. ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. نېمىشقا كەلگەندىمەن دەپ پۇشايمان قىلدىم-يۇ، يەنە كەتمەي تۇرۇۋەردىم. شۇنداقتىمۇ دەرھال كەتمىسەم بولمايدىغانلىقىنى بىلەت

تىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا «كەتمەڭ» دەيتتى، مەن ئاستا بېشىمنى چايقىدىم. «خۇددى سىزگە ئوخشاشلا مەنمۇ بىر دەردمەن. ئىككى دەردمەن بىر-بىرىمىزگە قاياش بولساق، بەلكىم بەختلىكمۇ بوپقالارمىز؟» دەيتتى ئۇنىڭ كۆزلىرى، مەن يەنە بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ كۆزلىرىمدىن «شۇنداق، بىز ئىككىلىمىز دەردمەن. ئەمما دەردىمىزنىڭ يىلتىزى بىر ئەمەس، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا يېشىلمىگەن، يېشىلىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغان نۇرغۇن سىرلار بار. بىز خۇددى ئوتتۇرىدىكى بىر ئېقىنغا تەلمۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئەسلا بىر يەرگە كېلەلمەيدىغان دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئوخشايمىز، شۇڭا ئاۋارە بولماڭ...» دېگەن جاۋابنى ئېنىق كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى يەنە قانداقتۇر بىر ئۈمىدلەر بىلەن «قانداق قىلسام سىزنى تۇتۇپ قالالارمەن؟» دەيتتى، «بۇنىڭغا ئىككىلىمىزنىڭ ئامالى يوق، مەن ئەمدى ھەرگىز كەلمەيمەن». بۇ جاۋابىمدىن كېيىنلا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ، ھاۋا دەھشەت گۈلدۈرلىدى. بۇ تەبىئەتتىكى ھادىسىمۇ ياكى كۆزلىرىمىزدە روي بېرىۋاتقان ھالەتمۇ ئايرىيالمىدىم. مەن غەيرەتلىنىپ بۇ يەردىن ئاستا قوزغالدىم. ئۇ ئىسكىرىپكىنىڭ كامالچىسىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. كامالچە بولمىسا ئىسكىرىپكىنى چالغىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ مېنى ئەتىمۇ بۇ يەرگە ئەكەلدۈرمەكچى، ئۆز سوئالىغا جاۋاب تاپماقچى ئىدى. كامالچىنى ئېلىپ قايتىپ كەلسەم، ياتاقدىشىم ساھىبجامال ھېلىراقتا كېلىپ نەرسە-كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ كۆرمەستە كامالچىنى يوتقىنىمنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويدۇم، بىز تىنچ-ئامانلىق سوراشتۇق.

— ئەجەب ياغدى بۇ يامغۇر، بىزنىڭ جەنۇبتا قۇرغاقچىلىق دەستىدىن مايسىلار، دەل-دەرەخلەر سولىشىپ، يەردىن چاڭ ئۆرلەپلا تۇرىدۇ. بۇ يەردە بولسا ئىش باشقىچە، ھاۋا بىر كۈندە نەچچە خىل ئۆزگەرگەن. ھە دېسىلا يامغۇر يېغىپ تەبىئەتتىكى چاڭلارنى، قەلبلەردىكى كىرلەرنى يۇيۇپ تۇرغان... ھەي! شۇنداق قىلىپ بۇ شەھەردە تۇرىدىغان كۈنلىرىمىزمۇ ساناقلىقلا قالدى-ھە؟

— شۇنداق، — مەن سۇسلا جاۋاب بەردىم.

— ھەي زۇبەيدە، سىزگە نېمە بولدى، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟

— ياق، سەل چارچاپ قالغاندەك قىلىمەن.

— چارچايدىغان ياشقا يەتتۇق خان، — دېدى پاراڭخۇمار ساھىبجامال ئۇھسىنىپ قويۇپ، — يۇرتقا بارساممۇ كۆڭلۈم ئېچىلمىدى، بۇ يەرگە كەلسەم تېخى يۈرىكىم ئاغرىيدۇ.

زادى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغان ئىشكىنتاڭ؟

* * *

ساھىبجامال ئىلگىرى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— مەن ئىلگىرى ئازغان كارۋاندەك چۆل-جەزىرىدە نىشانسىز تېڭىرقاپ يۈرگەن ئىكەنمەن. بىر قېتىملىق ئېزىش ۋە توغرا يولنى قايتىدىن تېپىۋېلىش سەرگۈزەشتىسى ماڭا ئۆزۈمنى تونۇتتى، قىممىتىمنى ھېس قىلدۇردى. قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. نېمىنىڭ ساختا ھېسسىيات، نېمىنىڭ چىن سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەن ئاخىر ئۆزۈمگە ماس كېلىدىغان ھايات يولۇمنى تېپىۋالدىم. ھازىر باشقىلارغا نەپرەتلىنىپ يۈرمەيمەن. نەپرەتلىنىشكە توغرا كەلسە ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن، چۈنكى بىراۋ مېنى شۇ يولدا مېڭىشقا قورال تەڭلەپ مەجبۇرلىغىنى يوق. مەن ئېرى، پەرزەنتى بار بىر ئايال تۇرۇپ، ئەدەپ-ئەخلاقنى، شەرم-ھايانى، ۋاپا، مەسئۇلىيەتنى تەرك ئېتىپ شۇ يولدا ئۆزۈم خالاپ ماڭغان ئىكەنمەن، ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ شورى. ئېرىمنى ئالدىغاچقىلا ئاخىر ئۆزۈممۇ ئالداندىم. پۇشايمان، ھەسرەت، كۆز يېشى بىلەن روھىمنى پاكلاپ كېتەلمەيمەن، بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنى-ئۆزۈم ئەيىبلەپ، ۋىجدان ئازابى تارتىپ

ياشاش ــ ماڭا بېرىلگەن جازا، شۇنداقلا مېنىڭ تارتقۇلۇقۇم ...

بۇگۈنمۇ ساھىبجامال ئىككىمىز خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. قايسى تېمىدىلا بولسا ئۇ كۆپرەك سۆزلەيتتى. مەن ئاندا-ساندا ئاۋاز قوشاتتىم. ھەر يان چېچىلغان خىيالىمنى يىغىشقا بار كۈچۈم بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلغىنىم بىلەن دىققىتىم دەممۇدەم چېچىلىپ، تۇرۇپلا ئۇنىڭ نېمە توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىم. گەپ سورىسا مەڭدەپ تۇرۇپ قالاتتىم، ئۇنىڭ سوئال ۋە ھەيرانلىق ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.

بىر چاغدا ساھىبجامال مەندىن:

ــ ھە راست، سىڭلىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۇ ياخشى، ئاللىقاچان خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، ــ دېدىم ۋە نەچچە كۈندىن بېرى سىڭلىمغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋال سوراپ قويمىغىنىمدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدىم.

ــ بايرامدا نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرغان بولساممۇ ئۇلانمىدى. بايرامنى قانداقراق ئۆتكۈزدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى ساھىبجامال يەنە.

ــ ئادەتتىكىچە، ــ قىسقىلا جاۋاب بەردىم.

ــ ھەي، ــ دېدى ساھىبجامال ئېغىر خورسىنىپ، ــ سىز ماڭا ئوخشىمايسىز. بەختلىك ھەم خاتىرجەم ئائىلىڭىز بار. سىز مۇشۇ ئەخلاقىڭىز ھەم پاكلىقىڭىز بىلەن بەختلىك بولالماي قالسىڭىز ئادالەتسىزلىك بولىدۇ، ــ بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم چىممىدە قىلدى. نېمىشقىكىن ئۇنىڭغا دەردلىرىمنى ئاشكارا قىلغۇم كەلمىدى. دەردكە دەرد قوشۇلسا ئاقىۋىتى نېمە بولماقچى؟ ساھىبجامال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ سىزگە دېسەم، بايرامدا يۇرتقا بارغاندا ئېرىم يارىشىپ قالايلى دەپ كەپتىكەن، مەن قوشۇلمىدىم.

ــ نېمىشقا؟

ــ مەن بەرىبىر ئېرىمگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر گۇناھكاردەك ھېس قىلىمەن. شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىللە ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

ــ نېمىلا دېگەنبىلەن قىزىڭىز شاھناز بار ئەمەسمۇ؟

ــ قىزىمنى ئويلىسام ھازىرلا يارىشىۋالغۇم بار. ئۇنىڭغا يۈرىكىم چىدىمايدۇ، ئەمما نېمە ئامال؟

سىز ھەمىشە «بۇ جاھاندا ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق» دەيتتىڭىزغۇ. بىر قېتىم خاتالاشقان ئادەم بىر ئۆمۈر جازالىنىشى كېرەكمۇ ئەمدى؟ نېمىلا دېگەنبىلەن سىزنىڭ قەلبىڭىز پاك.

ــ تېنى بۇلغانغان ئايالنىڭ قەلبىنى پاك دېسە كىم ئىشىنىدۇ زۇبەيدە؟ قەلبىنىڭ پاكلىقى بىلەن تەننىڭ پاكلىقى بىرلەشسىلا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي پاكلىق ھېسابلىنىدۇ. تېنى پاك، قەلبى ناپاك ياكى قەلبى پاك، تېنى ناپاك دېگەندەك ئۇقۇملارنى يېشىپ ئولتۇرغۇم يوق. ھازىر بىرەرسى ماڭا يېقىنلاشسىلا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كۆز سالىمەن، كۆزلىرىم ئۆتكۈر، قەلبىم سەزگۈر بولۇپ كەتتى، مەن ئازغۇنلۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقتىم، ئۇ بەكلا تاتلىق، ئەمما زەھەرلىك بىر مېۋىگە ئوخشايدىكەن. مەن بۇ زەھەر بىلەن ئېرىمنى كاردىن چىقىرىشنى خالىمايمەن. ئېرىم مەندىن بۇنداق ۋاپاسىزلىقنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ مېنىڭ كەچمىشلىرىمدىن بىخەۋەر. مەن بۇ ياقىقا ماڭغاندا ئۇ: «مەن سېنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشۇڭغا قارشى ئەمەس، قانچىلىك ئوقۇغۇڭ بولسا شۇنچىلىك ئوقۇغىن. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟» دېگەنىدى. بىر ئەرنىڭ ئەمرىدە تۇرۇپ، يەنە بىر ئەرگە كۆڭۈل بەرگەن سەۋەنلىكىم ئازكەلگەندەك، نىكاھتىن ئاجراشماي تۇرۇپ، بۇ سەۋەنلىكنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ يۈرىدىغان خاتالىقنى قايتا سادىر قىلغۇم كەلمىدى. ھېلىمۇ ئېرىمنىڭ چىرايىغا



www.uyghurkitap.com

تىك قارىيالماي يۈرۈۋاتقىنىمغا نىكەم. ئەسلىدە ئۇمۇ خېلىلا ياخشى بىر ئادەم ئىدى، مەن سۆيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۇ ناچار ئادەم بولۇپ قالمايدۇ-دە. لاياقەتلىك ئەر بولالمىسىمۇ، مەسئۇلىيەتچان بىر دادا بولالايتتى. گەرچە ھېلىقى ئەر بىلەن بولغان ئىشنىڭ ئوڭغا تارتمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ يەنىلا تەتۈرلۈك قىلىپ ئاجراشقانتىم. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت بىر تەرەپتىن، كېيىن تارتىدىغان ۋىجدان ئازابىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېرىمنىڭ مەندىن ئايرىلىپ، كۆڭلىدىكىدەك بىرەرسىنى تېپىپ تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ھوقۇقى بار ئىدى. ئەمما ئۇ ھېلىغىچە باشقا بىرسىنى تاپماي، مېنىڭ يولۇمغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. «بۇ دۇنيادا سەندىن باشقىنى سۆيەلمەيمەن» دەيدۇ. ئېيتىڭا زۇبەيدە، مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟

— دېدىمغۇ، بۇ دۇنيادا سىزگە ۋاپا قىلىدىغان ئاشۇ ئەردىن باشقىسى بىكار. باشقىنى ئويلىمىغاندىمۇ قىزىڭىز ئۈچۈن ھەممىنى قايرىپ قويۇپ يارىشىۋېلىڭ، — دېدىم مەن.

— ماڭا قاراڭ زۇبەيدە، — دېدى ساھىبجامال، — ناۋادا ئېرىمنىڭ ئورنىدا سىز بولغان بولسىڭىز مېنىڭ ئاشۇ ۋاپاسىزلىقىمنى كەچۈرەلەرمىدىڭىز؟

مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. «راست، مەن كەچۈرەلەرمەنمۇ؟» ئارىمىزدا ئېغىر سۈكۈنات خېلى بىر ھازا ھۆكۈم سۈردى.

— بولدى زۇبەيدە، جاۋاب ئىزدەپ بەك زورۇقۇپ كەتمەڭ، سىز كەچۈرگەن بىلەن مەن ئۆزۈمنى-ئۆزۈم كەچۈرەلمەيمەن. مەن قىلغان ناپاك ئىشنى سىزنىڭ بىلىپ قالمىغىنىڭىز ئۈچۈنلا مەن پاك ھېسابلىنىپ قالمايمەن، باشقىلارنىڭ كەچۈرۈش-كەچۈرمەسلىكى بىر مەسىلە، ئۆز ۋىجدانىغا يۈز كېلىش-كېلەلمەسلىك يەنە بىر مەسىلە.

— ناۋادا، — دېدىم مەن خېلىدىن كېيىن، — مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئائىلەمدىن چىقىپ كەتسەم، مەن بىلەن بىر ئۆمۈر ھازىرقىدەك بىللە ئۆتۈشكە قوشۇلارسىزمۇ؟ ئىككىمىز خۇش بولساق تەڭ كۈلۈپ، قايغۇرساق تەڭ ياش تۆكۈپ بىللە ياشىساق دەيمەن.

— جۆيلۈمەڭ، سىز ماڭا ئوخشىمايسىز. سىز ئائىلىسىدىن چىقىپ كېتىدىغان نادان ئاياللاردىن ئەمەس، ئۇنداق بىمەنە ئىش مەن بىلەنلا كەتسۇن!

يۈرىكىمگە يەنە يىغا ئولاشتى. يوتقاننى قاماللاپ بېشىمغا تارتتىم. بۇ كېچە ئۇيقۇ دورىسىنىمۇ يېمىدىم. مەن ئەستايىدىل ئويلىنىشقا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار باردەك ھېس قىلاتتىم. ئەمما خىياللىرىم ئۈزۈك سىزىقلاردەك بىر-بىرىگە زادىلا ئۇلاشمايۋاتاتتى. سۇلتاننى كەچۈرەلەمدىمەن؟ بىز يەنە بىرگە ئۆتەلەمدۇق، يوق؟ دېگەنلەرنى ئويلىماقچى بولاتتىم. ئەمما يىراقتىن ئاڭلانغان مۇزىكا ئاۋازى سۇلتاننى خىيالىمدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن دىققىتىمنى يىغىپ مۇزىكىغا قۇلاق سالاتتىم. ئەمما مۇزىكىمۇ بىردەمدىلا ئەينەك پارچىلىرىدەك ھەر يان چېچىلىپ كېتەتتى. ھەر بىر پارچىسىدا سۇلتاننىڭ سىماسى پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قاراي دېسەم، ئۇ بارا-بارا غۇۋالىشىپ، ئاخىر پۈتۈنلەي يوقاپ كېتەتتى. شۇ ھالەتتە يېتىپ كېچە بىر چاغلاردا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىسى ئويغانسام يامغۇر توختاپ، ھاۋا بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بالكوننىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ قويۇپ يىراق-يىراقلارغا قارىدىم. بۇ يەردە تۇرۇپ يۇرتۇمنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتىم، ئەمما مۇزىكا چالىدىغان ھېلىقى ئەرنىڭ يۇرتىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدىم. چۈنكى ئۇ مەن ئۈچۈن خۇددى خىيالىي چۈشتەك، كۆز ئالدىمدا تۇتۇق بىر ھالەتتە لەيلەپ تۇراتتى- يۇ، يەنە ئارقىدىنلا رېئاللىقىمدا ئەسلا

مەۋجۇت بولمىغان بىر مەۋھۇم نەرسىدەك، توغرىراقى، قارىسام كۆرۈنگىنى بىلەن بىردەمدىن كېيىنلا تارقىلىپ كېتىدىغان تاماكا ئىسىدەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتىن ۋاز كېچىپ كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم، نەدە بولسا بولمامدۇ؟ ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئورنى مېنىڭ قەلبىمدە ئەمەس.

ساھىبجامال سىرتقا چىقايلى دېۋىدى، مىجەزىم يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. بازارغا چىقىپ نېمە قىلىمەن؟ مەن مەھرۇم بولغان نەرسىنى بازاردا ساتمىسا يا؟

— زۇبەيدە، سىز باشقىچىلا بوپ قاپسىز، راستىنلا ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ دوختۇرخانىغا بارايلىمۇ؟ — دېدى ئۇ. ئۇنىڭغا كۆكرىكىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «ماۋۇ يېرىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېمەكچى بولدۇمىيۇ يەنىلا:

— چوڭ ئىش يوق، يېتىپ ئارام ئالسام ياخشى بولۇپ كېتىمەن، — دېدىم. ئۇ ماڭا مېھرىبانلىق نەزىرى بىلەن بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ھەرقانداق ئىش بولسا بەك ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ. ھاياتتىكى بەزى ئىشلارنى «ئەرزىمەيدۇ» دېگەن بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىيالىساقلا كۆڭلىمىز بىرئاز ئەمىن تېپىپ قالىدىكەن، — دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. ئەمما بۇ كۈلۈمسىرىشىمنىڭ ھېچ بىر چىرايلىق چىقمىغىنى ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئىدى. قەلبى يىغلاۋاتقاندا ئۆزىنى كۈلكىگە مەجبۇرلاشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

ساھىبجامال چىقىپ كەتتى، مەن يالغۇز قالدىم، خۇددى ئازابقا چىلىشىپ تۇرغان بۇ دۇنيادا بىر ئۆزۈملا يەككە-يېگانە قالغاندەك. ئادەتتە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىككىمىز بىللە چىقىپ بازار ئايلىناتتۇق. ئەڭ كۆپ بارىدىغان يېرىمىز كىتابخانىلار ئىدى. ئۈرۈمچىدە دىسكو كۇلۇبى، رېستوران دېگەنلەرنى بىلمىگىنىمىز بىلەن، بىز بىلمەيدىغان كىتابخانا يوق ئىدى. بەزىدە مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ئىككىمىزنىڭ تۈننى تاڭغا ئۇلىغان چاغلىرىمۇ بولغان. بىزدەك ئائىلىسىدىن، ئېرىدىن ئايرىلىپ كەلگەن ئاياللارنى ئۇنداق-مۇنداق سورۇنلارغا، ئۇچرىشىشلارغا چىللايدىغانلار چىقىپ تۇراتتى. بىز ئۇلارنى تىللىمايتتۇق، سىلكىمەيتتۇق، ئەمما چىرايلىق گەپ-سۆزلەر ۋە كەسكىن ئىپادىلەر بىلەن رەت قىلاتتۇق، ساھىبجامال بەزىدە تولىمۇ قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلاتتى.

— ماڭا قاراڭ زۇبەيدە، — دەيتتى ئۇ، — بىر نەچچە ئەر تويلىشىپ تۇرغان بولسا، بىز ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسەك، بىرەرسىمۇ بىزگە دىققەت قىلمىسا، سىز بۇنى نورماللىق دەپ قارىمامسىز؟

— دىققەت قىلسا نېمە بولماقچى؟ يەنە بىر تالاي كۆڭۈل ئاغرىقى چىقار شۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم باشقىلارنىڭ ماڭا پەرۋاسىز قارىشى. بۇ مېنىڭ سېھرىي كۈچۈمنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن ھەر ۋاقىت ئەرلەرنىڭ دىققەت نەزىرى ئىچىدە تۇرسام دەيمەن. سىز بۇنى ھاياتنىڭ بىر قىزىقى دەپ قارىمامسىز؟

— ياق! مەن بۇنداق مۈشۈك بىلەن چاشقان ئويۇنى ئويناشتىن بىزار.

— ھەي، قارىغاندا مەن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بارلىق ئاجىزلىقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ناچار ئايال بولسام كېرەك.

— ئۇنداق ئەمەس ساھىبجامال، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ناۋادا ئەر كىشى بولغان بولسام، بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقىغا قارىمايتتىم، سىزنى ئۆزىڭىز كۈتكەندىنمۇ ئاشۇرۇۋېراق سۆيەتتىم ۋە سۆيگۈ زەنجىرى بىلەن ئۆزۈمگە مەھكەم باغلىۋېلىپ، باشقا ئەرگە نەزەر كۆزىنـ

مۇ سالماس قىلىۋېتەتتىم.

— ئەپسۇسكى، سىز ئەر كىشى ئەمەستە. هەي، «يارىم ئۈچۈن تاياق يېدىم بىر مىڭ ئالتە يۈز، يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن جېنىم قارا كۆز» دېيەلەيدىغان ئەرلەر هازىرمۇ بارمىدۇ؟

— هازىر ئاشۇ تاياقنى ئەرلەر ئەمەس، بىز ئاياللار يەۋاتامدۇق، — دېدىم مەن. ئۇ كۆزلىرىمگە قاراپ بىر هازا تۇرۇپ كەتتى، — ساهىبجامال، — دېدىم مەن، — بىز ئەرلەردىن ئەنە شۇنداق يېتۇك مۇهەببەتنى كۈتكەنگە ئوخشاش، ئۇلارمۇ بىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۈتىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى، تۇتۇرۇقسىزلىقى سىزنى يىرگەندۈرگەنگە ئوخشاشلا، سىزنىڭ ئەرلەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنۇشىڭىزنىڭ ئۇلاردا كۈچلۈك نەپرەت قوزغايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

— زۇبەيدە، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مېنى چۈشەنمەيدىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ. مەن ئۇلارنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنمايمەن. ئەمما سىزگە دېسەم، بەزى ئەرلەر ئاياللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنى ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسەت قىلىۋالغان. مەن دەل شۇنداق ئەرلەرنى رەت قىلغان چاغدىكى هۇزۇرنى بۇ دۇنيادا باشقا يەنە بىر نەرسىدىن ئالالىشىم ناتايىن. ئۇلار سىزگە تەلەپ قويۇپ يېلىنغىلى تۇرغاندا جاهاندىكى شېرىن گەپلەرنىڭ هەممىسىنى تۆكىدۇ، تۇرقى شۇنچىلىك بىچارە. هەيران قالىسىز، ئەسلىدە بۇ گەپلەر ئۇلارنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ ئوتتەك سۆيگۈسىگە تەشنا بولۇپ تۇرغان ئاياللىرىغا دېيىشتىن ئېرىنىپ يىغىپ قويغان گەپلىرى. سىزدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن دەيدۇ تېخى هېلىلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىز بىلەن تونۇشماستىمۇ ياشاپ كەلگەن، بىز بولمىساقمۇ يەنە ياشاۋېرىدۇ. ئۇ گەپلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاڭلايمەن. ئۇلارنىڭ رەت قىلىنغان چاغدىكى هالىتىنى كۆرسىڭىز تېخىمۇ هەيران قالىسىز. بايام تېخى سىزنى سۆيىمەن دېگەن ئەر رەت قىلىنىش بىلەنلا جۇۋۇسىنى تەتۈر كىيدۇ. بەزىلىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا سىزگە تۆهمەت ئوقى ئاتىدۇ. ئەجابا، ئۇلار نېمە دېسە بىز خوش-خوش دەپ تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقى ئەمەسقۇ ئاخىر. شۇڭا دەيمەن، ئاياللار بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولۇشنىلا مەقسەت قىلىپ يېقىنلاشقان ئەرلەر مەيلى قانچە بىلىملىك، قانچە هۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەڭ رەزىل ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. «مەن ئېرى بار ئايال» دېسىڭىز، «مەن دەل ئېرى بار ئاياللارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلار پاكىز» دەيدۇ. قاراڭ، شۇمۇ گەپمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئايالىغا يەنە بىر ئەر شۇنداق دەپ سالسا، ئۇلار قانداق قىلار؟ ئەسلىدە ئەركەك بولغان ئىكەن، باشقا بىرسىنىڭ ئىلكىدىكى ئايالغا يېقىن يولىماسلىقى، بارلىق ئەرلەر بىر-بىرىنىڭ ئىززەت-هۆرمىتىنى قوغدىشى، بىلىپ-بىلمەي تاپتىن چىقىۋاتقان ئاياللارنى ئۆز پەزىلىتى بىلەن هېيىقتۇرۇپ توغرا يولغا باشلىشى كېرەك ئىدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە ئىنسانشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىۋاتامسىز ياكى گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىۋاتامسىز؟

— سىز مېنى بۇنداق قىلىشقا سالاهىيىتىڭ توشمايدۇ دېمەيدىغانسىز؟ مېنىڭمۇ بىر قېتىم ئازغىنىم راست. ناۋادا ئاشۇ ئازدۇرغۇچى ئەر بولمىسا مەن ئۆزۈمچىلا ئېزىپ قالارمىدىم؟

مەن ئۇنىڭ ئوچۇق-يورۇق مىجەزىنى ياقتۇراتتىم، بەزىدە ئۇنىڭ بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدىغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قايمۇقۇپلا قالاتتىم. بىر قارىسام ئۇنى تولۇق چۈشىنىدىغاندەك، يەنە بىر قارىسام زادىلا چۈشەنمەيدىغاندەك هېس قىلاتتىم. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ گاه تاغدىن، گاه باغدىن سۆزلەشلىرى ماڭا هامان يېڭىلىق تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ياتاقداش بولغىنىمدىن شۇنچىلىك مىننەتدار ئىدىم. ئىك

كىمىز ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىزدا نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقتۇق، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلدۇق. نۇرغۇن تېمىلاردا مۇنازىرلىشىپ، نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولدۇق. بەزىلەر ئاددىي كۆزى بىلەن قارىغان ئىشلارغا بىز ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قاراشنى، ئۇدۇل نۇقتا بويىچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يايىما شەكىلدە تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگەندۇق. شۇ جەرياندا مەن جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقتىن خېلىلا چەتنەپ كەتكىنىنى، ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇلۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدىم. ئەمما ئېرىمنى باشقا بىرسىنىڭ تارتىپ كېتىشىنى ئويلىماپتىمەن. ئەجەبا، ئېرىم ۋە مەنمۇ مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئىچىدە ئەمەسمىدۇق؟ ئەجەبا، ئاشۇ تەسىرلەرنىڭ بىزگە يۇقماي قېلىشى مۇمكىنمىدى؟ مەن بۇلارنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىغاندىمەن؟ ئاھ خۇدا، نېرى تۇر بولمىغۇر خىياللار! ئەستا، نېمىشقىمۇ ساھىبجامال بىلەن بىللە چىقمىغاندىمەن، ئۇ رەنجىگەنمىدۇ؟ ئەمما بۈگۈن راستتىنلا سىرتقا چىققۇم يوق ئىدى. يالغۇز قېلىپ يا بىر كىتاب ئوقۇمىدىم ياكى بىرەر ئىش قىلمىدىم. كارىۋىتىمغا چىقىپ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ ياتتىم. قولۇمدا ھېلىقى كامالچە بار ئىدى. ئۇنى ئاپىرىپ بەرمىسەم ھېلىقى ئەر مۇزىكىسىنى چالالمايتتى. ئېلىپ بارسام... ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. سۇكۇتلىرىم ۋاقىتتىن رەھىمسىزلىك بىلەن قىساس ئالماقتا، ۋاقىتنىڭ ھەر بىر مىنۇت، سېكۇنتى غەلىتە مەخلۇققا ئايلىنىپ قەلبىمنى غاجىلىماقتا ئىدى، «بارغىن» دەيتتى بىر ئۈنلۈك ئاۋاز، «بارساڭ بولمايدۇ» دەيتتى يەنە بىر ئاۋاز. ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ماڭماقچى بولاتتىم، ئەمما كارىۋاتقا مىخلىنىپ قالغاندەك يەرگە چۈشەلمەيتتىم. ئاستا-ئاستا كەچ كىردى. بۈگۈننى ئۆتكۈزەلىسەملا ئەتە ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. ساھىبجامال قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئالغاچ كەپتۇ. ئۇ خۇددى ياتاقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتسە بولمايدىغاندەك يەڭگىل ھالدا شىپىرلاپ ماڭاتتى، پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى. مەن ئۇنىڭ زورلاشلىرى بىلەن بىر تال بانان، بىر تال ئاپېلسىن يېدىم. ئۇ كارىۋىتىمنىڭ بېشىدا بىر كىتابنى قويۇپ قويىدى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىسام «يېڭى ھايات» دېگەن كىتاب ئىكەن. ئۇ قولىنى پېشانەمگە قويۇپلا چۆچۈگەن ھالدا:

— ئوتتەك قىزىپ كېتىپسىزغۇ؟ ياتسام ئوڭشىلىپ كېتىمەن دېسىڭىز راستىمىكىن دەپتىمەن. چاپسان ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! دوختۇرخانىغا بارايلى، — دېدى.

— ھېچ ئىش يوق، ئەتىلا ياخشى بوپ كېتىمەن، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، — دېدىم. ئۇ ئۇنى دەپمۇ، بۇنى دەپمۇ مېنى كارىۋىتىمدىن تۇرغۇزالمىغاندىن كېيىن، ئارتۇق گەپ-سۆز قىلمايلا كارىۋىتىمغا چىقىپ مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى، دوستلۇق مېھرىدە ئېرىگەن قەلبىم ئاستا-ئاستا تىنچلىنىشقا باشلىدى.

ئەتىسى لېۋىمنى چىشلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. چۈنكى بۈگۈن دەرس باشلىناتتى. كۈنبويى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىلا يۈردۈق. مەن گاراڭلىقتىن تېخىچە ئوڭشىلىپ كېتەلمىگەنىدىم. كىملەردۇر سالام قىلاتتى، ئەھۋال سورايتتى، مەنمۇ جاۋاب بېرەتتىم. كۈلۈمسىرىمەكچى بولاتتىم. ئەمما جاۋغايلىرىم تارتىشىپ قالاتتى، چۈنكى ھەممىلا ئادەم ئېرىمنىڭ مېنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى بىلىدىغاندەك، ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ھېچكىمنىڭ چىرايىغا تىك قارىيالمايتتىم. ھېلىقى كۆۋرۈك تامان بارغۇم كېلەتتى، چۈنكى ئۇ يەردە كىم ئىكەنلىكىنى، نەدە ياشايدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمىسەممۇ، گۈزەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ سۆيىدىغان تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى مېنى ساقلاپ تۇراتتى. بىر ئادەمنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ كىشىگە مەلۇم

تەسەللى ۋە ئارامچىلىق بېغىشلايدىكەن. ئەمما بۇلار يالغۇزلۇقتا، غېرىبلىقتا پەيدا بولغان شۇنچىكىم بىر خىيال ئىدىكى، بۇ خىياللار مېنى كۆۋرۈك يېنىغىلا ئېلىپ بارالىغىنى بىلەن، كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە باشلاپ بارالمايتتى، كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپى مەن ئۈچۈن تولىمۇ مەۋھۇم بىر دۇنيا ئىدى.

ئۇنداق چۈشىنىكسىز دۇنيادا، چۈشىنىكسىز ئادەملەر ئارىسىدا يەنە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇشۇمنى كىم بىلىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ بۇ كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن مەكتەپتىن ئۇدۇل ياتىقىمغا قايتىپ كېلىپ، ساھىبجامالنىڭ سوئال نەزىرىدە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغان ھالدا يېتىپ قالدىم. يوتقىنىمنىڭ ئىچىدە ھېلىقى كامالچە بار ئىدى. كامالچە بىردە چوكا مۇزدەك سوغۇق ئېقىم تارتىپ مېنى مۇزلاتسا، بىردە قىزىق تومۇردەك قولۇمنى كۆيدۈرۈپ پۈتۈن بەدىنىمگە ئىسسىق ھارارەت بېرەتتى. دەرۋەقە، مەن گاھ قىزىپ، گاھ سوۋۇپ ناھايىتى تەستە ئۇخلىدىم.

كېچىسى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ئورۇقلاپ كەتكەچكە بويى بۇرۇنقىدىن ئېگىزلەپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان سۇلتان بىلەن ئىككىمىز يانمۇيان مېڭىپ، باللارنى ئەكەلگىلى بارىمىز دەپ كېتىۋاتقۇدەكمىز. قولۇمدىكى كامالچىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ بىر يەرلەرگە تىقىشتۇرغۇدەكمەن، ئۇ مەندىن پات-پات «نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىغۇدەك. مەن «ھېچ... ھېچنېمە...»دەپ دۇدۇقلىغۇدەكمەن، ئۇ يەنە پەرۋاسىز مېڭىۋېرىپتۇ. ئاخىر مەن يوشۇرۇۋېرىشتىن بىزار بولۇپ كامالچىنى ئوچۇقلا كۆتۈرۈپ ماڭغۇدەكمەن، ئۇ مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ھېچنېمە دېمەپتۇدەك. مەن ئىچىمدە «ھەي ناكەس، قولۇمدىكى نەرسىنى ئېلىپ سۇندۇرۇۋەتسەڭ بولمامدۇ؟» دېگۈدەكمەن. كېيىن يەنە ئۆزۈمچە خىجىل بولۇپ كامالچىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپتىمەن. باللارنى ئېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن كامالچىنى ئىزدەپ كەلسەم، يوشۇرۇپ قويغان يېرىمدىن تاپالمىغۇدەكمەن، ئىزدەپتىمەن، ئىزدەپتىمەن، ئىزدەۋېرىپ ھېرىپ چىلىق-چىلىق تەرگە چۈمۈپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. ھېلىقى كامالچە يەنىلا قولۇمدا تۇراتتى، چۈشۈمنى قايتا-قايتا ئويلاپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدىم. نەچچە كۈندىن بېرى سۇلتاننى ئويلاشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرگەنىدىم. ئۇ نېمە دەپ مېنىڭ چۈشۈمگە كىرىپ يۈرىدىغاندۇ؟ باللىرىم قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ توۋا، چۈشۈمدە سۇلتاننىڭ چىرايىنى شۇنداق ئېنىق كۆردۈم، ئەمما باللارنى ئەكەلگىلى بارىمىز دەپ ماڭغان تۇرۇقلۇق ئۇلارنى كۆرمەپتىمەن، نەدىن ئەكىلىدىغىنىمىزمۇ ئېنىق ئەمەس. باللارنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلدىم دېگۈدەكمەن، ئەمما ئۆيىنىمۇ، باللىرىمنىمۇ كۆرمەپتىمەن. ئۆيۈمدىكى بىرەر مەنزىرە ياكى باللىرىمنىڭ چىرايى غىل-پال بولسىمۇ چۈشۈمدە زاھىر بولماپتۇ. بۇ زادى نېمە ئىش؟ بىردىنلا يۈرىكىمگە نەشتەر ئۇرۇلغاندەك بىئارام بولۇپ زادىلا چىدىيالمىدىم. ئاھ باللىرىم، نەچچە كۈندىن بېرى يۈرىكىمنى شۇنچە ئەزگىنى داداڭلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىلا ئەمەس، بەلكى سىلەرگە بولغان سېغىنىش ئازابى ئىكەن ئەمەسمۇ. سىلەرنى بەك سېغىندىم. نېمىشقىمۇ سىلەرنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلمىگەندىمەن؟ ئۇماق قوزىلىرىم، سىلەرنى تاشلاپ كەتكەن ۋاپاسىزلىقىمنى كەچۈرەلەرسىلەرمۇ؟ قەلبىڭلاردىكى جاراھەتنى ساقايتماقتا يوق، تۆپىلەپ يەنە يارا قىلغان بىئەقىل ئاناڭلارنى سېغىنغانسىلەرمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنى بۇ يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان داداڭلار بىلەن ئاناڭلاردىن مۇشۇلارنى كۈتكەن بولغىيمتىڭلار؟ سۇلتان، ۋاپاسىز ئەبلەخ! ئەمدى سېنى كەچۈرۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماڭا قىلغان سادىقەتسىزلىكىڭ يەتمىگەندەك، ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدا چەكسىز ھىجران ئازابى پەيدا قىلدىڭ، شۇ تۇ-

پەيلىدىنمۇ كەچۈرۈمدىن مەھرۇمسەن.
مانا، يەنە تاڭ ئاتتى. روھىي ھالىتىم شۇنچى-
لىك ناچار، تېنىم دەرمانسىز. بىرسىنىڭ يول
كۆرسىتىشىگە، ياردەم بېرىشىگە، كۆيۈنۈشىگە،
تەسەللىيسىگە شۇنچىلىك موھتاج ئىدىم. ئۆ-
زۈمنى تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك، بۇ
دۇنيادىن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ۋاقىتسىز خوش-
لىشىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. يۈرىكىمدىكى
تەشنالىق، ئاغرىق ئازابى بارغانسېرى كۈچەيمەك-
تە ئىدى. ئاھ بالىلىرىم، دۇنيا تەرىپىدىن پۈتۈن-
لەي ئۇنتۇلغان بىچارە ئاناڭلارنى سىلەرمۇ
ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشىمامسىلەر؟ ياق، سىلەر
ئۇنتۇمايسىلەر، پەقەت داداڭلار بىلەن ئىككىمىز-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىسىلەر.
سىلەرنى سېغىندىم، ئاجايىپ سېغىندىم. سىلەر-
نى كۆرمەيلا ئۆلۈپ قالارمەنمۇ؟ يۈرىكىم، ئاھ
يۈرىكىم... لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ كۆك-
سۈمگە قويدۇم، ھېچ ئارام بېرىدىغاندەك ئەمەس،
ئىچىمدىكى ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىشقا باش-
لىدى. مۇشتۇمۇم بىلەن كۆكرىكىمگە نەچچىنى
ئۇردۇم. سوۋۇتۇلغان بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇنى
بىر كۆتۈرۈشتىلا پاك-پاكىز ئىچىۋەتتىم.
قەلبى ئازابتىن ھەرقانچە ئۆرتەنسىمۇ يۈرى-
كى سوقۇشتىن توختاپ قالمىسىلا ئادەم ھەممى-
گە چىدايدىكەن، مانا، چۈشكىچە بولغان ۋاقىتنى
لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆتكۈزدۈم. مەن
شۇندىلا ۋاقىتنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىشكە
باشلىدىم. چۈنكى ۋاقىت ھەممىگە قادىر ئىدى.
چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى بىر ئاماللار بىلەن
ئۆتكۈزەلىسەملا يېڭى بىر ئەتە باشلىناتتى. ئەتى-
كى قۇياش ماڭا يەنە ئازابلارنى يەڭگۈدەك كۈچ
بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئاستا-ئاستا ئىزى-
غا چۈشەتتى. شۇ تەرزدە بەلكىم قەلبىمدىكى جا-
راھەتلەر قاسراق تۇتۇپ، ساقىيىپ قېلىشىمۇ
مۇمكىن ئىدى. ناۋادا ئاشۇ جاراھەتلەرگە سۈركى-
گۈدەك بىر مەلھەم بولغان بولسا قانداق ياخشى
بولار ئىدى ھە؟! ئۇ چاغدا جاراھەت تېخىمۇ
تېزرەك ساقايغان، مەنمۇ ئاغرىق ئازابىدىن بالدۇ-
راق خالاس تاپقان بولاتتىم. ناۋادا سۇلتان ماڭا
مۇشۇ پەيتتە بىر قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ قويغان
ياكى مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولسا، بىر مۇنچە
تىللىۋالغان، ھارغىچە ئۇرۇۋالغان بولسام، ئاندىن
كەينىمگە بۇرۇلۇپلا چاقىرىشلىرىغا، ئەپۇ
سوراپ يېلىنىشلىرىغا پەرۋا قىلماي كېتىپ
قالغان بولسام... ئاھ خۇدا، يەنە نەدىن كەلدى بۇ
بولمىغۇر خىياللار؟ مېنىڭ ئۇنى كۆرگۈم يوق،
ئاۋازىنى ئاڭلىغۇممۇ يوق. بىراق قىزىم نازىلە
بىلەن ئوغلۇم ئىمراننى شۇنچىلىك سېغىندىم-
كى، بىر ئانا ئۈچۈن پەرزەنتىنى سېغىنىش ئوتى-
نىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئوتتىن كۈچلۈك ئى-
كەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلى-
ماقتا ئىدىم. باشقا ئوتتا يۈرەكلا كۆيسە، بۇ ئوتتا
پۈتۈن بەدەن، تىرنىقىڭنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ ھەر
بىر تال چېچىڭغىچە ھەممە يېرىڭ ۋاژىلداپ
كۆيىدىكەن ئەمەسمۇ؟!
چۈشتىن كېيىن دەرس يوق ئىدى. شۇڭا كا-
رىۋىتىمغا چىقىپ كۆزلىرىمنى چىڭگىدە
يۇمۇپ ياتتىم.
— زۇبەيدە، مەن سىزگە شېئىر ئوقۇپ
بېرەي، — دېدى ساھىبجامال. كۆزلىرىمنى
ئاچماي تۇرۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئۇ دائىم
ماڭا شېئىر ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ ئادەتتە ئۆزى
يازغان كىچىككىنە بىر پارچە نەسرىگىمۇ ئەڭ
ئالدى بىلەن مېنىڭ پىكرىمنى ئالاتتى.
— سىز دېگەن مېنىڭ تۇنجى كىتابخانىم.
شۇڭا ماڭا ئەستايىدىل پىكىر بېرىشىڭىز
كېرەك، — دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەنمۇ ئۆز قاراشلى-
رىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتىم، — سىزنىڭ كۆ-
زىڭىز بەكلا ئۆتكۈر، مەن بىخەستەلىك قىلغان
كىچىككىنە يەرنىمۇ دەرھال بايقىۋالىسىز، —
دەيتتى ئۇ. يەنە بەزىدە، — ياللا زۇبەيدە، سىز نې-
مىشقا يازمايسىز؟ مۇشۇ ئۆتكۈر كاللىڭىز بىلەن
قولىڭىزغا قەلەم ئالىدىغانلا بولسىڭىز كاتتا ئە-
سەرلەرنى يازالايتتىڭىز، — دەيتتى.

www.uyghurkitap.com

— يېزىقچىلىق دېگەن قىلىمەن دەپلا قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئاللا ماڭا ئىشتىياقنى بەرگەن بىلەن ماھارەتنى بەرمىگەنكەن. يەنىلا سىز يېزىڭ، مەن ئەڭ ياخشىسى كىتابخان بولاي، — دېسەم، ئۇ تەرسالىق بىلەن:

— ئۇنداق دېمەڭا جانىم، ئىككىلىمىز تەڭ يازايلىچۇ، — دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەممە ئادەم يېزىپ كەتسە، ئۇنى ئوقۇغىلى ئادەم چىقمىسا، بۇ بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟ — دېسەم، ئۇ يەنە:

— ھامان بىر كۈنى ئىچكى دۇنيارىڭىز ماڭمىدەك پارتلاپ چىقىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا يازمىغىنىڭىزنى مەن بىر كۆرەي، — دەيتتى. مەن جاۋابەن كۈلۈپلا قوياتتىم، خاتىرەمگە كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئانچە-مۇنچە پۈتۈپ قويغىنىم بىلەن، يازغۇچى بولالمايدىغانلىقىم كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. مەن يازغۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ھەم ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتىم. ئىچىمدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغىنىم بىلەن، قولۇمغا قەلەم ئالساملا قەلىمىم تىلىمغا ئوخشاشلا ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. شۇڭا «ئالتۇننى يەنىلا زەرگەر سوقسۇن» دەپ يېزىشقا كۈچىمەي، ساھىبجامالنىڭ يازغىنىدىن، ئوقۇپ بەرگەنلىرىدىن ھوزۇر ئالاتتىم. ساھىبجامال بۈگۈن ماڭا ئالدى بىلەن رۇسىيەنىڭ ئاتاقلىق شائىرى پۇشكىننىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى:

ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى،
ھەسرەت چەكمە بولما پەرىشان.
تىنچلانماق لازىم قايغۇدا،
قۇۋناق كۈنلەر كېلىدۇ ھامان.

مەڭگۈ ئالغا تەلپۈنەر يۈرەك،
رازى بولماس بۈگۈندىن ئىنسان.
ئۆتۈپ كېتەر ھەممە بىر پەستە،
ئۆتكەنلىرى بولۇر قەدىردان.

پۇشكىن بۇ شېئىرنى خۇددى ماڭىلا ئاتاپ يازغاندەك، بۈگۈننى بىر ئامالالار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەلىسەملا، ئەتەم تولىمۇ گۈزەل بولىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە يېنىك تىن ئالدىم. شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچى مېنى ئۆزگىچە پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى. شېئىر ئەسلىدە يارا ئېغىزىدىن پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل، كۈلكە ئىچىدىن تۆكۈلگەن كۆز ياش، يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ناخشا، جىمجىتلىق قوينىدىن ئېتىلىپ چىققان ۋولقان، غوۋغالار ئىچىدىكى سۈكۈتلەرنىڭ يېنىككىنە پىچىرلىشى، ئەبەدىي ئۈزۈلمەس كۈينىڭ يارقىن شۇئىرلىشى ئىكەن ئەمەسمۇ. بۇلارنى ھېس قىلغانسېرى قەلبىم شېئىرغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ساھىبجامال:

— ئەمدى مەن سىزگە يېقىندا يازغان «ئاخىرقى سۆيگۈ» دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ۋە پەقەت شېئىر ئوقۇش ئۈچۈنلا يارالغاندەك يېقىملىق ھەم يۈرەككە دەل تېگىدىغان تىترەك ئاۋازى بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىشنى داۋاملاشتۇردى:

مەن ساڭا قەرزدار بولغاندەك گويا،
سەن يەنە بىرسىگە قەرزدار بەلكىم.
ھاياتتا ھېچكىمگە ئەگمىگەن بېشىڭ،
سۆيگۈگە ئاسانلا بولىدۇ تەسلىم.

سۆيگۈ گاھ داپ قىلىپ چالىدۇ سېنى،
گاھىدا ھاپ قىلىپ يۇتىدۇ پۈتۈن.
قۇياشتەك چاقناتسا بەخت كۆكىدە،
گاھىدا مېڭەڭدىن چىقىرار تۈتۈن.

ھەممىدىن بىراقلا كەچمەك بولسەن،
ۋە لېكىن كېچەلمەي يەنە ئاۋارە...
ۋىسالدىن ئۇزاقتۇر ھىجران دەملىرى،
شۇ سەۋەب يۈرىكىڭ بولار سەدپارە.

بىرەلمەي سۆيگۈگە ئېنىق بىر تەرىپ،
مېڭەڭنى مىڭ خىيال ئالىدۇ ئوراپ.

سۆيۈلۈپ سۆيەلمەي، سۆيسەڭ سۆيۈلمەي،
ھاياتىڭ تۈگىشەر ئاشۇنداق خوراپ.

ھەلقۇمغا كەلگەندە ئاخىرقى تىنىق،
قەلبىڭنى تىلغايدۇ ھەسرەتلىك پىراق.
يادلايسەن بىرسىنى ئاستا پىچىرلاپ،
كېچىكىپ قالىسەن ئۇ چاغدا بىراق...

شۇ چاغدا چۈشىنىپ يېتىسەن ئاخىر،
سۆيگۈنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى.
كۆزۈڭنى يۇمدۇرۇپ قويار ئەزرائىل،
ئالدىراپ ھەممىنى كېپەنلىگىلى.

شېئىر ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ، قەلبىمنى پارە-پارە قىلىۋەتتى. بىردىنلا قەلب دېڭىزىمدا شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلدى، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە جىمجىتقىنا لەيلەپ كېتىۋاتقان ئاجىز قولۋىقىم بىرلا دولقۇن بىلەن سۇ ئاستىغا غەرق بولدى. كۆز يامغۇرىدەك تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىم ئالدىدا پۈتۈنلەي چارىسىز قالدىم. ئالقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى توسۇۋالغان پېتى ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم. ساھىبجامال چۆچۈپ ماڭا قارىدى. مەن چاقماق تېزلىكىدە ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. يوتقىنىم ئارىسىدىن كامالچىنى ئېلىپ، ساھىبجامالنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىنى كەينىمدە قالدۇرۇپ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ بىنادا لىفىت يوق ئىدى، ئۆپكەم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالغاندەك ھاسىراپ، دېمىمنى ئالالمايۋاتقىنىمغا قارىماستىن 7- قەۋەتتىن پەسكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئادەتتە تاكسى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ يولدا نەچچە مىنۇتقىچە بىرمۇ تاكسى كەلمەي بەكلا جىلە بولدۇم. ئىنساننىڭ ھاياتىدا مۇشۇنداق كۈتۈشلەردىن قانچىسى بولىدىغاندۇ؟ ئاخىر كۈتۈشلىرىمگە خاتىمە بېرىپ يېتىپ كەلگەن بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ كۆۋرۈكنى نىشانلاپ ماڭدىم. نېمىدېگەن ئۇزاق يول بۇ؟ نىمانداق تولا يانىدىغان سېرىق، قىزىل چىراغلار بۇ؟ نېمىدېگەن كۆپ ماشىنىلار بۇ؟ ماشىنىدىن چۈشۈپ قىزىل چىراغقا پەرۋامۇ قىلماستىن كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. قۇياش ماڭا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقاندەك تېز سۈرئەتتە تاغ كەينىگە چۆكمەكتە ئىدى. ئەنە، مەن كۆۋرۈكنى كۆردۈم، كۆۋرۈككە يېقىنلاشتىم. پەلەمپەيلەرگە قەدەم قويدۇم، كۆۋرۈكنىڭ ھېلىقى ئايلانمىسىغىچە كەلدىم، ئەمما ئۇ يەر قۇپقۇرۇق تۇراتتى. ئەزەلدىن ئۇ يەرگە بىرەر ئادەم كېلىپ باقمىغاندەكلا ئىدى. بەلكىم كەلگەندۇ، لېكىن تاش پەلەمپەيدە ھېچقانداق ئىزنا يوق ئىدى، كۆز ياشلىرىم يەنە تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن نېمىگە شۇنچە ئالدىرىغان بولغىيتتىم؟ ئۇ مېنى ساقلايمەن دېگەنمىدى؟ ئۇ ماڭا بىرەر ئىپ غىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىغان تۇرسا، نەدە يۈرۈپ ماڭا ساقلايمەن دەپ ۋەدە بەرگىدەك؟ بەلكىم مەن خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمەن. بەلكىم تۇيغۇلىرىم مېنى ئالداپ قويغاندۇ، بەلكىم ھەممىسى مېنىڭ چۈشلىرىمدۇ، بەلكىم مەن بۇ يەردە ھېچكىمنى ئۇچرىتىپ باقمىغاندىمەن...

بىرسى بىلىكىمنى يېنىك تارتقاندەك قىلدى. قارىسام ھېلىقى فوتوگراف ئىكەن.

— ئۇ كەتتى، — دېدى ئۇ، — ئۇ بۇ يەردە سىزنى توپتوغرا ئۈچ كۈن ساقلىدى، كەلمەيدىغانلىقىڭىزغا كۆزى يەتتى بولغاي، ئاخىر كېتىپ قالدى.

دېمەك، ئۇ كېتىپتۇ-دە، بىز بۇ كۆۋرۈك بېشىدىنلا ئەمەس، بۇ دۇنيادىنمۇ بىر-بىرلەپ كېتىمىزغۇ ئاخىر.

— ئۇ نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدىم فوتوگرافتىن.

— بىلمەيمەن، ئۇ بۇنى سىزگە قالدۇرۇپ قويدى.

فوتوگراف شۇنداق دېگەچ ماڭا بىر ئىسكىرىپكىنى ئۇزاتتى، بۇ ھېلىقى ئەر چالغان ئىسكىرىپكا ئىدى.

— ئۇ قاچان كەتتى؟ — دەپ سورىدىم پەس ئاۋازدا.

— بەش مىنۇت بولدىمىكىن، بەلكىم ئۇنچىلىكمۇ بولمىغاندۇ.

ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم، بەش مىنۇت ئىچىدە ھەممە ئۆزگەرگەندى. ئۇ ئەر يىراق بىر جايدىن ماڭا قاراپ قەدەممۇقەدەم يېقىنلاپ كەلگەنۇ، ئاشۇ رەھىمسىز بەش مىنۇت ئىككىمىزنى ئۇچرىشىشتىن مەھرۇم قىلغان، مەن شۇنچە تېز يۈگۈرگەن بولساممۇ يەنىلا كېچىكىپ قالغان. پەقەت بەش مىنۇتلا... قەلبلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنچىلىك بولغىيمىدى؟ فوتوگرافمۇ كەتتى. مەن يامغۇر ياغقان ھېلىقى كۈنى ئۇ مېنى ساقلاپ ئولتۇرغان پەلەمپەيگە كېلىپ ئولتۇردۇم. بايىلا تېخى بىر ئەر مېنى مۇشۇ يەردە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى، ئەمدى ئۇ كېتىپ قالدى، بەلكىم بۇ شەھەردىنمۇ كېتىشى مۇمكىن.

ئاستا-ئاستا گۈگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. ئەتراپىمنى ئوراۋاتقىنى قاراڭغۇلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ چالغان مۇزىكىلارنىڭ يېقىملىق مېلودىيەلىرى ئىدى. شۇ تاپتا مۇزىكا ماڭا كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىدەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ماڭا غۇۋا ئەسلىمە، يارقىن مۇزىكا، نەپىس ئىسكىرىپكىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇ ھامان ياتاقتا ساھىبجامال شېئىر ئوقۇۋاتقاندا، كامالچىنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرەي، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۇ مۇزىكىسىنى چالالماي قالسا ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ. نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كامالچىنى ئۇنىڭغا چوقۇم ئاپىرىپ بېرەي... دەپ ئويلىغىنىم ئېسىمگە كەلدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ مەندىن چاققان چىققان ئىدى. كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىدىن دەل ۋاقتىدا كېچىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت بولسا كېرەك. دېمەك، ئۇ كەتتى، كەتكىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. بىراق ئۇ شۇ مېڭىشىدا مۇھەببەتتىن زادى قانچىلىك يىراقلاپ كېتەلەر-ھە؟

مەن ئاستا شىۋىرلاپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلىدىم.

كېتىدىغانلار كەتتى، كېچىدىغانلار كەچتى، مەن يەنە تەنھا قالدىم. ئۆتكەن ئىشلار ئۇچۇن قانچىلىك قايغۇرۇشۇمدىن، قانچىلىك داد-پەرياد چېكىشىمدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ياشىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى مەن بەزىدە زىرە، قارىمۇچلىرى ئوبدان تېتىغان كاۋاپتەك تەملىك بىلىنسە، بەزىدە قىزىلمۇچتەك ئاچچىق تېتىيدىغان، بەزىدە سۆيگەن ئادىمىڭ ئېيتقان مۇڭلۇق مۇھەببەت لىرىكىسىدەك يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلسا، بەزىدە قەبرە تەزكىرىسىدەك دىلىڭنى ئېزىدىغان، تۈرلۈك-تۈمەن سەۋدالارغا تولغان بۇ ھاياتنى يەنىلا قىزغىن سۆيەتتىم. ۋاپاسىز يارنىڭ كۆزىدەك مېھرىسىز، ئەمما ئوتى يامان بۇ دۇنيادىن يەنىلا كېچەلمەيتتىم. ئەتراپىمدا «قۇتقۇزۇش» دېگەن مۇزىكا لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ مۇزىكا گاھ تىكەنلىك، گاھ يۇمران قوللىرى بىلەن يۈرىكىمنى سىلاشقا باشلىدى، قۇلىقىمغا «ئازاب ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلماقنى ئىستىسەڭ ئۆزۈڭگە، يەنىلا ئۆزۈڭگە، ئەڭ ئاخىرىدىمۇ پەقەت ئۆزۈڭگىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ» دەپ پىچىرلايتتى. مەن ئاخىر ئۆز-ئۆزۈمگە غەيرەت بېرىپ، ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتىقىمغا قاراپ ماڭدىم. چۈنكى بۇ كېچىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى بۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە ئۆتكۈزەلمەيتتىم. مەن يەنىلا بىر ياتاققا، تۇرالغۇغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مېنى باغرىغا سىغدۇرۇپ كېتەلىگۈدەك بىر ماكانغا موھتاج ئىدىم. توۋا دەيمەن، ئادەم بۇ ھاياتتا ئۆزىمۇ بىلىپ-بىلمەي نېمىدېگەن كۆپ نەرسىلەرگە موھتاج بولىدۇ-ھە؟ تېخى نەچچە كۈنلەر ئىلگىرى سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە موھتاج بولغانىدىم. دەرۋەقە، ھەرقانداق ئادەم بۇ دۇنيادا سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئېھتىياجى بىلەن ياشايدۇ، ئەزبىرايى خۇدا، ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن ئايرىلغان كۈنى دەل مەھشەر كۈنى بولىدۇ. نەچچە كۈن ئىلگىرى تەسۋىرلىگۈسىز چوڭقۇر نەپرەت قاينىمى ئىچىدە ئۇنى يەڭگۈدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە موھتاج بولغانىدىم. تېخى قايسى كۈنىلا ئەنە ئاشۇنداق تۇيغۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشىغانىدىم. مانا ئەمدى ئۆزۈم سىغقۇدەك

كىچىككىنە بىر ماكانغا موھتاج بولۇۋاتىمەن. دەل مۇشۇ موھتاجلىق مېنى سۆرەپ كېتىۋاتماقتا، ۋاقتىنىڭ قانچىلەر بولۇپ كەتكىنىنى، قايسى يوللارنى بېسىپ قەيەرگە ماڭغىنىمنى بىلمەيتتىم. پەقەت كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرلىرىغا يېقىنلىشىش، ئۇدۇللىشىش، يىراقلىشىش داۋامىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سايەمگە قارىغان ھالدا كېتىۋاتاتتىم. سايەم بىردە ئالدىمدا ئۆزىراپ يىراقلارغىچە تاشلىنىپ تۇرسا، بىردە پۇتلىرىم ئاستىغىلا چۈشۈپ قالاتتى. بىردە كەينىمگە ئۆتۈپ كېتەتتى، بىردەمدىن كېيىنلا يەنە ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. سايە بىلەن ئازاب بىر-بىرىگە نەقەدەر ئوخشىشىدۇ ھە؟ سەن مەيلى قۇياش نۇرى ۋە ياكى چىراغ نۇرى ئاستىدا بول، ھاياتلا بولساڭ سايە بىلەن ئازابتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەرسە سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايدىكەن. شۇلارنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن. بىر چاغدا ئۆزۈمنىڭ خەلق مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ، نەچچە كۈن ئاۋۋال قەلبىمدىكى كونا ئاغرىقنى قايتىدىن قوزغىغان ھېلىقى رەسىمنى ئىزدىدىم. ئەنە، قىز ئاجايىپ بىر تەشنالىق بىلەن بوينىنى سوزغان پېتى يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرگەن، ئەمما يىگىتنىڭ خىيالچان كۆزلىرى باشقا بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، ئۇ كۆزلەردە تەسۋىرلەش قىيىن بولغان بىر خىل تەشنالىق ئوتى يېلىنجاپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇچقۇنلارنىڭ تېگىدە باشقا بىر قىزنىڭ سىماسى ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. رەسىمدىكى قىز بۇلارنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى سەۋدايىلارچە ئاشىق بولغان ئاشۇ تۇتۇرۇقسىز يىگىتكە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتكەن ھەم ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەن... مەن مۇڭلانغان ھالدا كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ پەسكە سىرغىدى. بارماقلىرىمنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىمنى سۈرتۈۋېتىپ ئەتراپقا قارىدىم. ئابايا مۇشۇ يەردە ماشىنا توسۇلۇپ قالغاچقا، ماشىنىغا پەرۋا قىلماي يەرگە چۈشۈپ بۇ يەردىن يۈگۈرۈپ ئۆتكىنىم ئېسىمگە كەلدى. تۇرۇپلا ھەيران قالدىم، نېمىگە شۇنچە ئالدىرىغان بولغىيتتىم؟ ھېلىقى ئەر بىلەن كۆرۈشكىلىمۇ؟ كۆرۈشسەممۇ ئاقىۋىتى قانداق بولماقچىدى؟ مەن ھاياتىمدىن مۇقەددەس بىلىدىغان ئەقىدەمدىن كېچىپ ئاشۇ ئەر بىلەن كېتەرمىدىم؟ مەن شۇنچىۋالا يەڭگىلتەك ھەم ئەخمەقمىدىم؟ ئۇنىڭغا كامالچىنى ياندۇرۇپ بېرىپ، شاقىدە كەينىمگە بۇرۇلۇپلا قايتىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكىم يوقمىدى؟ نەچچە يىللاردىن بېرى زورۇقۇپ، ئەجىر قىلىپ قۇرغان ئائىلەمنى ئېرىمنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىنلا كۆمپەيكۆم قىلىۋەتسەم - ھە! مەن بۇ ئائىلىنى پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا قۇرغانمۇ؟ ئاۋادا بۇ تەقدىرنىڭ ماڭا قويغان سىنىقى بولسىچۇ؟ مەن مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى بېكىتەلمەي تۆيۈق يولغا كىرىپ كەتسەم، ئازغۇن ئېرىمدىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟ ئېرىم بۇزۇلدى دەپلا مەنمۇ بۇزۇلۇشۇم كېرەكمۇ؟ ئادەم بۇ دۇنيادا شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشامدۇ؟ ئۇنداقتا مېنىڭ ھاياتىم، مۇھەببەت، نەپرىتىم خاسلىقىنى تامامەن يوقاتقان بولامدۇ؟ ئېرىمدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىردەملىك ھېسسىياتقا ئەسىر بولۇپ بەختىمىنى تاپقانمۇ بولاي، ئۇ چاغدا ئىككى بالام قانداق قىلىدۇ؟ «ئانا» دېگەن بۇ مۇبارەك نامنىڭ ئۇلۇغلۇقى نەدە قالىدۇ؟ ئايال ئۆلۈمدىن ئاچچىق تولغاق ئازابىنى يېگىپ، يىلىكتىن ئايرىلىپ چىققان ئاپپاق سۈتى ئارقىلىق ئىنسانىي قاتارغا قوشالىغانلىقى ئۈچۈنلا «ئانا» دېگەن شەرەپكە نائىل بولالايدۇ ئەمەسمۇ؟! ئانا — مۇھەببەتنىڭ پەرۋىشكارى. ئانا — سەۋر-تاقەتنىڭ مۇجەسسىمى. پەقەت ئانىلارلا دۇنياغا ئەپۇ قىلىش ۋە ئۈمىد نەزىرى بىلەن قارىيالايدۇ. ئاھ خۇدا! مەن نەچچە كۈندىن بېرى قانداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىپ كەتتىم-ھە؟ بايام ئاسىي خىيالنىڭ قۇلى بولۇپ مۇشۇ يولدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، بۇ يوللار نېمىشقا بىر زەھەرلىك يىلانغا ئايلىنىپ مېنى چېقىپ ئۆلتۈرمىگەندۇ؟ ئىستولبىلار نېمىشقا بېشىمغا ئۆرۈلۈپ مېنى يەرگە چاپلى-

ۋەتمىگەندۇ؟ تەقدىر مېنى سىناش ئۈچۈن ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە ھېلىقى ئەرنى مېنىڭ يولۇمغا ئەتەي ئۇرۇنلاشتۇرغان ۋە يەنە ئۇنى ئاستا يولغا سېلىشۋەتكەندى. مەن قەلبىمنىڭ ئىچكى جاراھىتىگە سىرتتىن مەلھەم ئىزدەيدىغان شۇنچىۋالا تۇتۇرۇقسىز ئايالمۇ؟ ئۇ سىناقتىن راستتىنلا ئۆتەلمەس بولغىيمىتىم؟ باللىرىم، جانجىگەرلىرىم مېنى كەچۈرۈڭلار! بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. سىلەر ئۈچۈن، پەقەت سىلەر ئۈچۈنلا مەن ھەممىگە چىدايمەن. سۇلتان، ئاڭلاپ تۇر! سەن مېنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىمدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس، مەن سەن بولمىساڭمۇ ياشاۋېرىمەن. ئەمما ماڭا باللىرىم بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ، مەن ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن. ئۇلارنى قاتارغا قوشۇش، ھەقىقىي ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىمدىن كېچەلمەيمەن. سەن ئالا كۆڭۈللۈك قىلغىنىڭ ئۈچۈنلا مەنمۇ قىڭغىر دەسسەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. چۈنكى سەن ئۆز ھاياتىڭنى ياشىغىنىڭدەك، مەنمۇ ئۆزۈمگە تەئەللۇق ھاياتىمنى ياشايمەن. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئەمما ھەرگىزمۇ بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن ياشاپ بېرەلمەيدۇ. تېگىشلىك ھايات يولىنى ھەممە ئادەم ئۆزى باسىدۇ. ئۆزىنىڭ ھايات نىشانىنى باشقىلارنىڭ ماڭغان يولىغا قاراپ بېكىتىش ۋە ئۆزگەرتىش تولىمۇ ئەخمىقانىلىك ئەمەسمۇ؟

— زۇبەيدە، زۇبەيدە، — بىرسىنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ شىپپىدە توختىدىم، — خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر كەلدىڭىز، ھەممىمىزنى شۇنداق ئەنسىرەتتىڭىز، سىزنى ئىزدەپ پۈتكۈل ئۈرۈمچىنى قىزىۋەتتۇق.

بۇ ساھىبجامالنىڭ ئاۋازى ئىدى، مەن ئۇنىڭ «ھەممىمىز» دېگەن گېپىدىن تولىمۇ ھەيران بولۇپ، بۇرۇلۇپلا ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن ساھىبجامالنى كۆرۈشنى ئويلىغان، ئەمما ئۇ كىشىنى بۇ يەردە كۆرەرمەن دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، توغرىراقى ئۇنى بىر مەھەل، ھەتتا پۈتۈن بىر ئۆمۈر كۆرمىسەم دەيتتىم. بىراق ئۇ كۆز ئالدىمدىلا تۇراتتى. ئۇ نېمە دەپ كەلگەندۇ؟ ئۇ كېلىشتىن ئەيمەنمىگەن بىلەن، مەن ئۇنى كۆرۈشتىن يىرگىنىمەن، ئەڭ ياخشىسى مەن كېتەي! مەن بۇرۇلۇپلا يۈگۈردۈم. شۇ دەقىقىدە:

— ئانا! — دەپ چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭغىچە قارشى تەرەپتىن تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقان ماشىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىدىغان تورمۇز ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ كەتتىم. مەن «باللىرىم» دەپ ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا قاتتىق يىقىلدىم. قولۇمدىكى ئىسكىرىپكىنىڭ تاراڭشىپ يەرگە چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئېنىقكى، ئۇ چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى. ھاياتىم شۇنچىلىكلا بولغىيمىدى؟ خەيرىيەت، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا كۆرمەي ئىلاج يوق. شۇغىنىسى باللىرىم ئانىسىز قالىدىغان بولدى. ئاھ بىچارىلەر!... ئەجەب ئىش، ماشىنا خېلىلا قاتتىق سوققاندەك قىلىۋېدى، سىزىملىرىم يەنە نورمالغۇ. مەن يەنە نەچچە دەقىقە كۈتتۈم، ھېچبىر ئۆزگىرىش يوق. ساھىبجامالنىڭ:

— زۇبەيدە، سۇلتان، يارىلانمىغانسىلەر؟ — دېگەن ئاۋازىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدىم. ئارقىدىنلا باللىرىمنىڭ:

— دادا، ئانا، كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار! — دېگەن ئەلەملىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدىلا ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆزۈمنى ئاچتىم. تېخى ئۆلمىگەنلىكىمنى، قان ئىچىدە ئەمەس، بەلكى بىرسىنىڭ قۇچىقىدا يېتىۋاتقىنىمنى بىلىپ ھەيران قالدىم. ساھىبجامال بىلەن باللار كېلىپ بىزنى يۆلەپ يولنىڭ چېتىگە ئېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا بىلدىمكى، مەن سۇلتاندىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈگۈرۈپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا چىقىپ قاپتىمەن. ماشىنا ماڭا يېقىنلاپ كەلگەن، باللىرىم قورقۇپ مېنى چاقىرغان ئاشۇ جىددىي پەيتتە

سۇلتان چاقچاقلىق بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنى قۇچاقلاپلا ئۆزىنى چەتكە ئاتقان ئىكەن، تەليىمىزگە ھەر ئىككىلىمىزنىڭ بىلەكلىرىمىز، پۇتلىرىمىز سۇرۇلۇپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەنسىرىگۈدەك چوڭ ئىش بولمىغانىدى. بالىلىرىمنىڭ كۆزلىرىدە ياش، ئۇلار مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان ئىدى. مەنمۇ ئۇلارنى مەھكەم قۇچاقلىدىم، ھېچقايسىمىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدۇق. كۆرۈۋاتقانلىرىمنىڭ چۈش، خىيالىي تۇيغۇ ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىرايتتىم. شۇ تاپتا پۈتكۈل يەر شارى بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كىچىككىنە دائىرىنى مەركەز قىلىپ ئايلانماقتا ئىدى. دەسلەپتە ئاستا ئايلانغان بولسا، كېيىن سۈرئىتى بارا-بارا تېزلەشتى. مەن تۇرۇۋاتقان يەردە بىر چوڭقۇرلۇق ھاسىل بولۇپ، شۇ چوڭقۇرلۇق تېگىگە سەنتۈرۈلۈپ-سەنتۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم. كۈچلۈك بىر جۈپ قول مېنى يۆلىدى، شۇئان يەر شارى ئايلىنىشتىن بىر پەس توختاپ قالغاندەك بولدى. ساھىبجامالنىڭ:

— بالىلىرىم، ئاپاڭلارنى ياتاققا ئەكىرەيلى، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا ئاندىن بىرئاز ئەسلىمگە كەلگەندەك بولدۇم، — يۈرۈڭلار، ھەممىمىز ئاۋۋال ياتاققا كىرەيلى، باشقا گەپلەرنى شۇ چاغدا دېيىشسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز، — دېدى ساھىبجامال.

مەن ماڭماقچى بولۇۋېدىم، ئىختىيارسىز سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. سۇلتان گەپ-سۆز قىلمايلا مېنى دەست كۆتۈرۈۋالدى. قارشىلاشماقچى بولاتتىم. ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ يىراق-يىراقلارغا قېچىشنى ئويلايتتىم، ئەمما دەرمانىم قۇرۇغان بولۇپ، ماڭغۇدەك ھالىم يوق ئىدى، ھاسىراپ ئاران-ئاران نەپەس ئالاتتىم. شۇ تاپتا خۇددى ئاخىرقى نىشانغا يېتىپلا ماغدۇرى ئۈزۈلگەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرىغىلا ئوخشاپ قالغانىدىم. ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈم يالغۇز چىقسامۇ 4-قەۋەتلەرگە چىقار-چىقمايلا ھاسىراپ، دېمىم سىقىلىشقا باشلايتتى. ئەمما ئۇ شۇ تاپتا مېنى خۇددى بىر كىچىك بالىنى ياكى يېنىككىنە بىر پەيىنى كۆتۈرۈۋالغاندەك بىمالال كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ قاچانلاردىن شۇنچىۋالا كۈچتۈڭگۈر بولۇپ كەتتىكىنە؟ مەن ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە قارىدىم. سۆيگۈ ئاتلىق قىمارخانىدا ھەممە نېمىسىنى ئاللىقاچان ئۇتتۇرۇۋەتكەن، قايتا دوغا تىككۈدەك ھېچبىر بىساتى قالمىغان بۇ بىچارە قىمارۋازنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، تاتارغان چىرايىدىن خىجىللىقنى، چەكسىز پۇشايمان ئىلكىدە ئۆرتىنىۋاتقان، ئەپۇ سوراشقا پېتىنالمايۋاتقان، ئەمما كېيىنكى ھاياتىنى ماڭا تەسەددۇق قىلىشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولغان بىر خىل مۇرەككەپ روھىي ھالەتنى كۆرۈپ ئۈلگۈردۈم، يۈرىكىم ئۆرتىنىپ، بۇرنۇمنىڭ ئۇچى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى. كۆز ياشلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كىرپىكلىرىمنى جۇپلىدىم. ئۇ مېنى ياتىقىمغا ئەكىرىپ كارىۋىتىمغا ياتقۇزدى. كۆزۈمنى ئاچتىم، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي بالىلىرىمنى ئىزدىدىم، ئۇلار دەرھال يېنىمغا كەلدى.

ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئاستا ئۆرە بولدۇم. قىزىم:

— سىزنى بەكلا سېغىندۇق ئانا، بىزگە سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېگىنىچە يىغلامسىراپ مېنى قۇچاقلىدى. ئوغلۇممۇ:

— ئانا، سىزنى بەك كۆرگىمىز كەلدى، ئەمدى بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ، — دەپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى باغرىمغا ئاتتى. ئاھ! بۇ دۇنيادا بىر ئانا ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنىڭ «ئانا» دەپ تاتلىققىنا چاقىرىشلىرىدىن، جىلمىيىپ قاراشلىرىدىنمۇ ئارتۇقراق بەخت بارمىدۇ؟

— مەنمۇ سىلەرنى بەك سېغىندىم بالىلىرىم، جانجىگەرلىرىم، — ئۇلارنى تېخىمۇ بەكرەك قۇچاقلىدىم. يۈرەك-باغرىمنىڭ شۇر-شۇر قىلىپ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

— شۇنداق زۇبەيدە، قەدىرلىكىم، ھەممىمىز سېنى بەك سېغىندۇق، بىزگە سەن بولمىساڭ ھەرگىز بولمايدۇ، بىز سەنسىز ياشىيالمايمىز.

كۆز يېشىم يار ئېلىپ كەتكەن سۇدەك توخـ

تىماي ئاقاتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا يەنىلا قارىماسلىقتا تىرىشاتتىم. ئىچىمدە «ياق سۇلتان، سەن كەت، مېنى ئارامىمدا قوي. مەن سەن بولمىساڭمۇ ئوخشاشلا ياشاۋېرىمەن. باللارنى ماڭا قويۇپ خالىغان يېرىڭگە كەت» دەيتتىم-يۇ، ئەمما خۇددى سۆزلەشكە دەرمانىم يەتمەيۋاتقاندەك، ئېغىزىمدىن بىرەر ئېغىز گەپ چىقمايتتى. ئۇ كېلىپ باللار بىلەن مېنى قوشۇپلا چىڭ قۇچاقلىدى. بۇرۇن ئۈنسىز يىغلىغان بولسام، ئەمدى تۇيۇقسىز ئۈن قويۇپ پاكىڭىدە ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتىم، باللارمۇ يىغلايتتى، ئۇنىڭمۇ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گەرچە ئۇنىڭ يىغىسى ماڭا ئىچ ئاغرىتىش ۋە كەچۈرۈش ھېسسىياتىنى قوزغىيالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئىتتىرىۋېتىشكە، قوغلىۋېتىشكە ئامالسىز قالدىم. ئامالسىز قالغانلىقىم ھەرگىزمۇ ئۇنى كەچۈرگەنلىكىمدىن ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنى كەچۈرەلمەيتتىم، كەچۈرگەن ھالەتتىمۇ ئۇ قالدۇرغان جاراھەت مەڭگۈ ساقايمايتتى، قاداتقان چىنىنىڭ دەزىدەك ھامان چېنىپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كۆزلىرىمنى مەھكەم يۇمۇۋالدىم. شۇ چاغدا بىلدىمكى، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم قانچىلىك بولسا، نەپرىتىممۇ ھەم شۇنچىلىك ئىدى.

— زۇبەيدە، زۇبەيدە...

ئۇ ئىسمىمنى چاقىراتتى، پەرۋا قىلمىدىم. بېشىم پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. باللىرىمنىڭ يىغىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ئانا، جېنىم ئانا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ.

بىردىنلا سەگەكلەشتىم، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۈچۈن باللارمۇ تەڭ ياش تۆكسە قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئىشلاردا ئۇلار ئەيىبلىكمىدى؟ ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ مالامەت چەككىنى يەتمىگەندەك، ئۆز دەردىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى ئوتتۇرىمىزغا ئېلىپ يىغلىتىۋېرىشكە يۈرەك قانداق چىدايدۇ؟ بولدى قىل يۈرىكىم، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! سۇلتان، سەبىي باللىرىمنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك سېنى يەنە داۋاملىق دادا دەپ چاقىرىۋەرگىنىگە قاراپ، گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلۈڭ خېلى ئارام تېپىپ قالدىغۇ دەيمەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئاتىلىق بۇرچۇڭنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىشقا تىرىشارسەن. بىراق مەن ئەمدى ساڭا قانداقمۇ ئىشىنەي؟ ئۆزۈمنى ئىشىنىشكە زورلىغان ھالەتتىمۇ، يوغان بىر مىتە قۇرت ھەر ۋاقىت يۈرىكىمنى رەھىمسىزلەرچە غاجاپ، مېنى ۋاقىتسىز ھالاك قىلىشى مۇمكىن، سەن يۈرىكىمدىكى ئاشۇ قۇرتنى ئېلىۋېتەلەمسەن؟

ساھىبجامالغا قارىدىم، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى قىزىرىپ، تېنى ياپراقتەك تىترەپ تۇراتتى.

— يائاللا زۇبەيدە، — دېدى ئۇ، — شۇنچە ئىشلار بولغان تۇرۇقلۇق ماڭا بىر ئېغىزمۇ تىنمىغىنىڭىزنى قاراڭ. مەن سىزنى قىيامەتلىك دوستۇم دەپ يۈرسەم، ئەكسىچە سىز مېنى يات كۆرىدىكەنسىز ھە؟ — مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشقا مۇۋاپىق سۆز ئىزدەۋاتقاندا، ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — مەنمۇ ئەتىلا قىزىمغا تېلېفون ئۇراي، دادىسى بىلەن بىللە كەلسۇن، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ، ھېچبىرىمىز ئەزەلدىن ياش تۆكۈپ باقمىغاندەك، بۇ دۇنيادا ھەسرەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەك، جاھاندىكى جىمى خۇشاللىق پەقەت بىزگىلا مەنسۇپتەك، ھەممىنى ئۇنتۇپ تازا بىر يايرىۋالايلى.

ساھىبجامالغا قاراپ بېشىمنى ئاستا لىڭشىتتىم. كۈلۈمسىرەشكە شۇنچە تىرىشقان بولسامۇ كۆزۈمدىن يەنە تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى، باللىرىم يۇمران بارماقلىرى بىلەن يېشىمنى سۈرتۈپ يۈزۈمگە يۈزىنى ياقتى. مەن ساھىبجامالغا قۇچىقىمنى ئاچتىم، ئۇ يىغلىغان پېتى ئۆزىنى باغرىمغا ئاتتى، بىز مەھكەم قۇچاقلاشتۇق.

(ئاپتور چىرا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىدا)

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**

ئابلىكىم تالىپ

# شىنجاڭدا بۇلبۇلۇڭدۇرمەن



www.uyghurkitap.com

1

نازاكەتلىك باغلارغا مۆكۈشەرمىز سەن بىلەن،
گۈل تۈۋىدە كۈي- چاقچاق تۆكۈشەرمىز سەن بىلەن.
دېڭىزىدىن ھاياتنىڭ ئالتۇن ئىزدەپ، دۇر ئىزدەپ،
قايناملارغا غەۋۋاستەك چۆكۈشەرمىز سەن بىلەن.
تىكەن كۆمۈپ يوللارغا قەستلىگەندە نامەردلەر،
خەنجەر ئۇرۇپ باغرىنى سۆكۈشەرمىز سەن بىلەن.
ئەركەك دېگەن نۇر تۆكۈپ ئىللىتىدۇ تۇپراقنى،
زېمىستاندا لاۋۇلداپ كۆيۈشەرمىز سەن بىلەن.
بېشى كۆككە يەتكەنگە ئاقىۋل تىلەپ، قۇت تىلەپ،
مۇشكۇلاتنىڭ قەددىنى پۈكۈشەرمىز سەن بىلەن.
كۆكتە يۇلتۇز كۆز قىسىپ جىلمىيىدۇ بىزلەرگە،
پەرۋاز ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىشەرمىز سەن بىلەن.
ۋەتەن قوينى ئايدالا، بىز — كۆكلىگەن گۈل- گىياھ،
ئەل- ئاۋامنى يۈرەكتىن سۆيۈشەرمىز سەن بىلەن.

2

مېنى دىلبەر چۈشەنمەستىن نادان دەپتۇ،
كۆيۈك ئەزگەن چىرايىمنى سامان دەپتۇ.
پىراقىدا قۇياش يەڭلىغ يېنىپ تۇرسام،
ھىجىر ئەسكەن دىدارىمنى تۇمان دەپتۇ.
سەھەرلەردە سالامىمنى ئېلىپ كەتكەن
يېقىملىق شۇ شابالارنى بوران دەپتۇ.

ۋىسال قۇچماق ئۈچۈن گۈلباغ ياساپ چىقسام،
بۇنى بىلمەي بىراۋلارنى جانان دەپتۇ.
كۆرۈشكەندە ئاڭا تۆكسەم تىلىمدىن بال،
بىزار قىلدى مېنى ھەر كۈن چايان دەپتۇ.
بۇنى ئاز دەپ يەنە بەگباش نادانلارغا
دىلىمدا بار ئاڭا كۈرمىڭ گۇمان دەپتۇ.
پىغان زەردابىغا چۆمگەن ھەكىمىمۇ،
كۆرەڭ دىلبەر ياشاۋەرگىن ئامان دەپتۇ.

3

«ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە، يار دەپ يىغلايمەن» *
ئۈزۈلمىسۇن يېرىم يولدا تار، دەپ يىغلايمەن.
قۇياش بولۇپ باغلىرىمغا تۆكمىسەڭ ئاپتاپ،
مۇزلىتىدۇ گۈللىرىمنى قار، دەپ يىغلايمەن.
ئاي، يىل ئۆتۈپ جامالىڭنى كۆرەلمىسەممۇ،
ھەر ئاخشىمى چۈشلىرىمدە بار، دەپ يىغلايمەن.
گۈلباغلاردىن تاپالمىسام ھىدىڭنى ئىزدەپ،
مەن ئۆزۈمنى چۆلدە قالغان نار دەپ يىغلايمەن.
بىتاپ بولۇپ قالدىڭمۇ دەپ سورىغانلارغا،
مەن دىلبەرنىڭ ۋەسلى ئۈچۈن زار، دەپ يىغلايمەن.
سەھەرلەردە ئاھۇ زارىم ساڭا يەتمىسە،
ماڭا شۇتاپ لازىم بولدى دار، دەپ يىغلايمەن.
قارا كۆزۈم ئوچۇق كەتسە مۇرادقا يەتمەي،
يۇتۇپ كەتتى مېنى ئاخىر غار، دەپ يىغلايمەن.

4

سېنى دىلبەر قۇچاقىمدا قال، دەپ يىغلايمەن،
نىگار سەنسىز سىياقىمنى دال، دەپ يىغلايمەن.
قونۇپ سېنىڭ زىناقىڭغا جېنىم ئامرىقىم،
بولغۇم كەلدى مەڭزىڭدىكى خال، دەپ يىغلايمەن.
پىراقىڭدا تولا كۆيۈپ قاغجىراپ كەتتىم،
سۇنۇپ بەرگىن لەۋلىرىڭدىن بال، دەپ يىغلايمەن.
ئېرىقىمدا سۇزۇك-سۇزۇك سۇ بولۇپ ئاقىن،
گەر ئاقمىساڭ قۇرۇپ كېتەر تال، دەپ يىغلايمەن.
ئاشىقلارنىڭ يارىسىغا ئىزدىسەڭ مەلھەم،
قوۋۇرغامدا دۇتار ياساپ چال، دەپ يىغلايمەن.
مەن غېرىبنىڭ نالىسىگە ئېرىمىسەڭ يار،

* بۇ مىسرا خەلقنىڭ.

يەنە باشقا كۈلپىتىڭنى سال، دەپ يىغلايمەن.
مېنى بىر رەت ۋىسالىڭغا قاندۇرالمىساڭ،
ئىگەم بەرگەن ئامانەتنى ئال، دەپ يىغلايمەن.

5

لېۋىڭدىن مەي ئىچىپ دىلبەر، ئاڭا بەكمۇ خۇمار بولدۇم،
يامان كۈنلەردە بوينۇڭغا ئېسىلغان تىلتۇمار بولدۇم.
نېمە باركىن سىياقىڭدا ، مېنى ئاتتىڭ قاراقىڭدا،
كېچە-كۈندۈز پىراقىڭدا گويا شامدەك يانار بولدۇم.
شېخىڭدا بۇلبۇلۇڭدۇرمەن، سەپەردە دۇلدۇلۇڭدۇرمەن،
خۇشال نەغمە-ناۋالاردا، چالارىڭغا ساتار بولدۇم.
ماڭا باقساڭ بولۇپ ئاپتاپ، سۇنۇق كۆڭلۈم كۈلەر يايراپ،
تىلىمدىن بال تۆكۈپ سايراپ، كۈيۈڭگە كۈي قاتار بولدۇم.
ساڭا يەتكەچ مېنىڭ ئاھىم، چىراي ئاچتىڭ ماڭا ئايىم،
شېرىن ئارزۇ بولۇپ مەقبۇل، قۇچاقىڭدا ياتار بولدۇم.

(ئاپتور گۇما ناھىيەلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىدا)

ئابلىز ھوشۇر

# غەزەللەر

1

بۇ مېنىڭ قەلبىم سېنىڭ ئىشقىڭدا گۈلخان بولسا بەس،
ئۇشبۇ گۈلخان ۋەجىدىن كۆڭلۈك خىرامان بولسا بەس.
قانچە-قانچە كېچىلەرنى سېنى دەپ تاڭ ئاتقۇزۇپ،
تامچە-تامچە تەرلىرىمدىن لالە-رەيھان بولسا بەس.
ھەر ھۆجەيرەمدە ئۆزۈك بەرگەن تۇزۇڭنىڭ قۇۋۋىتى،
زەررە مېھرىڭ قىممىتى مىڭلاچە داستان بولسا بەس.
سەن ئازاب چەكسەڭ مېنىڭ باغرىم بولاركەن چاكۇچاك،
مەيلى چاك-چاك بولسا باغرىم، ساڭا غەمخان بولسا بەس.
قىل، ھوشۇرى، گەپنى قىسقا مىڭ تۈمەن سۆزدىن كۆرە
بىر ئۆمۈر ئەھدۇ ۋاپادا سۆيگۈ قەندان بولسا بەس.

2

گاھ نەزەر سالسام كۆرۈلدى كۆكتە نۇرلار پارقىراپ،
گاھ نەزەر سالسام چۈشۈپتۇ يەرگە يامغۇر شارقىراپ.
گاھ قاپاق تۈرسە تەبىئەت، گاھى كۈلكە چېھرىدە،
گاھ چاقار تەننى جۇدۇن باغۇ باراڭلارنى تاراپ.
ئوينىماس ئەمدى بېلىقلار كۆلدە ئەركىن سەكرىشىپ،

شۇڭغۇماس بولدى بىلىقچى قۇشمۇ دەرياغا قاراپ.
دېمىگىن نامەرد تەبىئەتنى، ھوشۇرى، باسسا قار،
باسسا قار باغلار ياتار ماموق چۇشەكتە گۈل پۈراپ.

3

ھەر باھارنىڭ پەيزى باشقا، ھەر چىمەننىڭ جىلۋىسى،
ھەر بۇلاقنىڭ سۈيى باشقا، ھەر چېچەكنىڭ شىرنىسى.
قارىساڭ، باغلار تۇگۈل، تاغلار سىياقى رەڭمۇرەڭ،
ھەر پەسىلنىڭ ھۆسنى باشقا، ھەر مۇقامنىڭ نەغمىسى.
بۇ جاھان شۇنداق جاھان: رەڭدار بوياقلارغا قېنىق،
باغدا بۇلبۇل، كۆلدە ئاق قۇ، تاغدا ئاھۇ سەيلىسى.
سالدۇ ھەر كويغا تۇرمۇش يوللىرى ئەگرى-توقاي،
ھەر كىشىنىڭ غېمى باشقا، ھەر گۆدەكنىڭ غەلۋىسى.
ھەر كۆڭۈلنىڭ قاتلىرىدا ئۆزگە بىر ئالەم ياتار،
مەيلى ئاقىل، مەيلى غاپىل مەيلىچە نېسىۋىسى.
گاھى كۈلكە، گاھ يىغا، گاھىدا ئامەت قوش كېلۇر،
گاھى دوپپاڭنى تېشەر نامەرد چۆلنىڭ جىگدىسى.
ئەي ھوشۇرى، بۇ جاھان گويا چىگىش يىپ بىر تۇتام،
گاھى كۈل سەن، گاھىدا سەن-سەن چىمەننىڭ ئەركىسى.

4

بىر قارا كۆزلۈك كېچە ھۆسنى جامالىن قىلدى پەش،
قىلسا پەش ھېچگەپ ئەمەستى، قىلدى ئۇ كۆڭلۈمنى غەش.
بويىنى غۇنچە دېسەم، غۇنچە خىجىلكەن قەددىدىن،
قەلبىگە باقسام ياتار جۇپ چەشمىسى تەكتىدە لەش.
تالى مەجنۇن داڭدا قالغاي ئەيمىنىپ خۇش نازىدىن،
كۈلكىسى كۆكلەرگە پەرۋاز، گەپ دېگەن ماڭدامدا بەش.
لەۋ يېرىپ چىققان سادادىن تەن بىلەن جان ئەيمىنەر،
كىمگىدۇر «تەنبىھ» قىلار ئۇ، بارمىقىن ئەيلەپ دەرەش.
نەپسىگە شەيتاننى مىندۇرسە جامالى ۋەجىدىن،
ياكى ئىتنى «چاغ» دېمەسكەن ياكى بىرئاسلاننى «پەش».
بىر نىگاھ سالساڭ مۇبادا، قارمىقى بۇرنۇڭدىدۇر،
قارمىقى ئالسا بۇرۇندىن ھېچ ھايا قىلماس كېڭەش.
بۇ جاھان تەننازلىرىنىڭ سېھرى-جادۇسى تولا،
ئەي ھوشۇرى، سەن كۆڭۈل دەپ پاك ۋۇجۇدنى قىلما ھەش!

(ئاپتور ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇكېرىم ئابدۇمجىت دولانى

# ئاتا

1

ئاھ تۇمانلاشتى كۆز ئالدىم سەن كېتىپ ئۆلگەم ئاتا،
ئۆرغۇماس فونتان بولۇپ سورۇندىكى كۆلكەم ئاتا.
قاپتىمەن ئالەمدە تەنھا، سەن تېغىمدىن ئايرىلىپ،
چىرمىدى رەڭسىز غېرىبلىق، كۆزدە يامغۇر-نەم ئاتا.
باش تۆۋەن قۇرۇق قاپاقتەك، ھازىدارنىڭ ئۆزىمەن،
ئۆلۈمۈڭ بەردى ئاجايىپلا ئېغىر بەرھەم، ئاتا.
سەن ھايات بولۇپ قانات، يۈرسەم ھەمىشە كېرىلىپ،
دەيتتى دوستلار سەن بەختلىك، شۇنچە شاد بىغەم ئاتا.
شۇ يېشىمغا كەلگۈچە راست سەن يۆلەپ ئەقىل بېرىپ،
قانچىلاپ راھەت-جاپادا تۇردۇڭ - ھە دەرقەم ئاتا؟
ھېچ تەمەسىز نەپ دېمەستىن ئىشلىگەن سەن بىر ئۆمۈر،
بارمىكىن خالىس پىداكار سەنچە پاك، ھاتەم ئاتا.
بىر ئېسىل ئادەت ئىدى تۇرمۇشتا پاكلىق-ساددىلىق،
نەگە بارساڭ مېۋە بەرگەن قەلبى گۈل كۆكلەم ئاتا.
سەن ئۇلۇغلۇق بابىدا باغرىڭ ئۇپۇق، مېھرىڭ دېڭىز،
پەم-پاراسەت، كۈچ-قۇۋۋەتتە راۋۇرۇس بەردەم ئاتا.
ئايرىلىپ سەندىن مانا ھېچ ئاۋۇماس ئىش-كۈشلىرىم،
كۈلكە - چاقچاقمۇ يېقىمسىز، يېگىنىم بەتتەم ئاتا.

2

نەزىرىمدە سەن خىزىردەك ھەممىدە ئوبدان ئاتا،
باغرى يۇمشاق ئاق كۆڭۈل ھەقىقىي چىن ئىنسان ئاتا.
تىرىشىپ بەرگەن ھالال بىز ئالتە پەرزەنت رىزقىنى،
بىر ئۆمۈر ھارام ئۈچۈن نەپسىڭ ئېتىك قورغان ئاتا.
ماڭا دائىم ئەل ئۈچۈن چوقۇم پىداكار بول دىبان،
دىلغا ئىخلاس ئۇرۇقىنى بىخلىتىپ چاچقان ئاتا.
مەن بىلەتتىم سىنى ياخشى، ياخشىلارغا يار ئىدىڭ،
ئوخشىماس ھېچبىر كىشىگە شەرىپىڭ ئاسمان ئاتا.
چىن مۇھەببەت-نەپرىتىڭ قەلبىڭدە بەك ئايدىڭ ئىدى،
زەررىچە ناھەقنى كۆرسەڭ تەن-تېنىڭ خۇمدان ئاتا.
توۋا دەي ھايات مۇساپەڭدە بىرەر رەت ئاغرىماي،
ئاشۇ سەكسەن ئۈچ داۋاندىن سايمۇ ساق ئاشقان ئاتا.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەر ئالغا كوچىسى 23 - نومۇرلۇق قورۇدا)

مۇھەممەد رەھىم

# ئۆكسۈمىگەن شېئىرلار

## كەچمىشلىرىم

(شېئىرىي تەرجىمىھال)

سەكسەن يىل ياشىماق ئاسان ئەمەسكەن،
سەكسەندىن ھالقىماق تېخىمۇ مۈشكۈل.
ھاياتنىڭ تۈگىمەس سىناقلىرىغا،
گاھ تەدبىر ئىشلەتتىم، گاھى تەۋەككۈل.

سەكسەندىن ھالقىدىم، تەلەي قوللىدى،
كەچمىشىم پۈتۈلمىش قىسمەتلەرگە باي.
«ياز .ـ دېدى تەلىيىم .ـ شېئىر قىلىپ ياز،
كۆپ ئەمەس يۇرتۇڭدا سېنىڭدەك بوۋاي.»

خوپ دېدىم، پىكرىمگە بەرسەم ئىجازەت،
ئىپتىدا قەدەمدىن باشلىدى گەپنى.
سۆيدۇڭدە جۇپ بولۇپ ئىككى ئاتۇشلۇق،
ھاياتقا قوشۇپتۇ يېڭى نەسەبنى .

سۆيدۇڭدە تۇكۇلگەن كىندىك قېنىمنى
يىراقلاپ كەتكەندە قىلدىم ئامانەت.
قويندا ئۆستۈرگەن زېمىن ئانام ئۇ،
مېھرىدىن ۋۇجۇدۇم تاپقان بالاغەت.

ھەر نۆۋەت يۇرتۇمغا بارسام سېغىنىپ،
ئىپاردەك پۇرايدۇ شۇ ئامانەت قان.
يادىمدا ئانامدىن ئاڭلىغانلىقىم
مەن تارتقان كېسەللىك ھەققىدە داستان.

كېسەللىك ــ ئۆلۈمنىڭ مەينەت غالچىسى،
چاڭ سالغان ئىكەن ئۇ گۆدەك چېغىمغا.
نەسلىمگە خاس ئۇدۇم ئاتۇش گېنلىرى،
نىجاتلىق بېرىپتۇ ھايات بېغىمغا.

ئۆلۈمنىڭ غالچىسى ھېيىقتى مەندىن،
بەستىمنى ئىخچاملاپ قويدى ئۇ بىراق.
مەرىپەت قويندا ئۇن سەككىز يىلىم
ئۆتتۈپتۇ ئىلىمگە باغلاپ ئىشتىياق.

ئۆلۈمنىڭ غالچىسى ھەسەتخور ئىكەن،
تارتقۇچلاپ باقتى ئۇ تەن ساقلىقىمنى.
چۈشەندى ئىرادەم تەكتىدىن قاراپ،
ھاياتقا نەقەدەر ئامراقلىقىمنى.

ھادىسە، پاجىئە ھازازۇللىرى
كۆپ قېتىم دېۋەيلەپ توستى يولۇمنى.
بوشاڭلىق قىلمىدى بەختىم ئۇلارغا،
مەنزىلگە يېتەكلەپ تۇتتى قولۇمنى.

قەلەمنى قوش قىلىپ، قەغەزنى ئېتىز،
دان چاچتىم تەپەككۇر جاڭگاللىرىدىن.
ھاسىلىم قانچىلىك، ئايان بولغۇسى
ئاۋامنىڭ تارازا ـ مىسقاللىرىدىن.

مېنىمۇ چىللىدى تۇرمۇش قاينىمى،
شۇڭغۇسام بىر راھەت، ئۇن جاپا ئىكەن.
ھەممىدىن ئەۋزىلى پەرزەنت سۆيگۈسى،
ھاياتلىق شۇنىڭغا تەقەززا ئىكەن.

خانەمنى يورۇتتى پەرزەنت چىرىغى،
سۆيۈندۇم بىر ئۆمۈر پەرزەنت ۋەسلىدىن.
كىمەرسە ئەۋرەمدىن: نەسلىڭ كىم دېسە،
دەپ جاۋاب بېرىدۇ: رەھىم نەسلىدىن.

هاياتلىق كارۋىنىم ئۆتمەكتە شۇنداق،
ئەجرىمگە باش ئەگدى تالاي رىيازەت.
ئۇنلىغان ئارزۇنى تۇغدى بىر ئارزۇ،
ئارزۇلار روھىمغا بەردى شىجائەت.

سەكسەندىن ھالقىدىم، بولدۇم تەۋەررۇك،
بۇ ئىنئام ھاياتتىن ئېرىشكەن بەختىم.
مەنىسىز كۈنلەرنى يۇرمىدىم ئەسلەپ،
مەنىلىك كۈنلىرىم خەلقىمگە تەقدىم.

## قورۇنمىسۇن روھىڭ

(مەرھۇمە رەپىقەمنى ئەسلەپ)

ئوغلۇمنىڭ ئۆيىدە رەسىمىڭنى كۆرۈپ،
خىيالەن گۈل قويدۇم قەبرەڭ ئالدىغا.
خاتىرەم لېنتىسى تەتۈر ئورالدى،
يىللارنى تۈركۈملەپ تاشلاپ ئارقىغا.

ياش ئىدىم ھالقىغان چارەك ئەسىردىن،
سەن تېخى بەش يىللىق پېئونېر ئىدىڭ.
شۇ يىللار ئۆزۈڭمۇ جىگدە پۇرىغان،
ئىپتىدا سۆيگۈگە مۇنتەزىر ئىدىڭ.

ناتونۇش ۋاستە باغلىدى بىزنى،
قەھرىتان قىش كۈنى تويىمىز بولدى.
ھەشەمەت كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويدۇق،
غۇربەتلىك بىر ھۇجرا ئۆيىمىز بولدى.

يىللارنى قوغلىشىپ، گاھى تىركىشىپ،
يورۇتتۇق تۇرمۇشنىڭ غۇۋا كۆزىنى.
ئامەتلەر يول بېرىپ ئارزۇيىمىزغا،
كۆرۈپتۇق ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت يۈزىنى.

بىر-بىرىنى يېتەكلەپ پەرزەنتلىرىمىز،
سىلجىدى بالاغەت يولىنى بويلاپ.

شۇ يىللار بىر كېسەل يېپىشتى ساڭا،
پەرزەنتلەر بەختىگە شۇملۇقنى ئويلاپ.

ۋاقىتسىز كۆز يۇمدۇڭ ئوتتۇز تۆتتىلا،
مۇسىبەت خەنجىرى تىلدى يۈرەكنى.
ئانىسىز يېتىملىك ھەسرىتى بىلەن
پەرزەنتلەر قارغىدى تەتۈر پەلەكنى.

خەيرىيەت، بولدۇم مەن ئاتا ھەم ئانا،
چوڭ قىلدىم مېھرىمنى ئەجرىمگە قوشۇپ.
ئوقۇتتۇم، ئۆيلىدىم، بولدۇم نەۋرىلىك،
ئۆسمەكتە ئۇلارمۇ ھەمدەم بولۇشۇپ.

قىز-ئوغۇل نەۋرىلەر سۈلكەتلىك، ئوماق،
ھۆسنىنى كۆرسەڭمۇ ئىچىڭ كۆيەتتى.
سېغىنىپ، ھال سوراپ كەلگەندە سېنى،
مومام دەپ قۇچاقلاپ تاتلىق سۆيەتتى.

بۇ قۇتلۇق كۈنلەرنى كۆرمىدىڭ، ئىسست...
شۇ ھەسرەت قىينايدۇ بىزنى ھېلىھەم.
بولدىلا، قورۇنۇپ قالمىسۇن روھىڭ،
نەۋرىلەر بەختىنى تىلەيلى ھەردەم.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 122-قورۇدا)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

روزى نىياز

# گۈللەرنىڭ بەرگىدىن تىلەيمەن كەۋسەر

1

گۆھەر ئىزدەپ يولغا چىقتىم، تەرىم قۇيۇلار،
سەھەر-ئاخشام تولغىنىمەن، قەغەز بويىلار.
تاپقانلىرىم ئەل كۆڭلىگە بەرسە ئىشتىياق،
مىنۇتلىرىم ئەسىرگە تەڭ ئايەم تۇيۇلار.

2

شەپەققە ئايلانسا تاڭلارنىڭ يۈزى،
سۈۋارى ئۆركەشلەر نۇرلۇق كۈندۈزى.
كۆكرەكتە چايقىلار لىقشىغان ئىلھام،
كۆزلەردە جىمىرلار تۈنىنىڭ يۇلتۇزى.

3

مەنزىلدە كۈچ-قۇۋۋەت سىرىلار تىنماي،
قوزغالماس گەۋدىلەر ھۇش چاچار ئايھاي!
زېمىندا زەن كۆرمەس تۇچلار چىرايى،
ئاسماندا مېھنەتنى كۈيلەيدۇ تايماي.

4

ئاق شايىسەن، ئاق شايىسەن بىپايان ئالەم،
گۈل چېكىدۇ، نەقىش قىلىپ شايىغا ئادەم.
ئىنسان چۈشى پەرىزاتقا ئايلاندى ئەمدى،
ئىنسانلارغا شەربەت بۇلاق سۆيگۈ پىيالەم.

5

چوققىلارغا ئۈمتۈلىدۇ غايەم، كەپتىرىم،
ھەر يىلتىزدا چېچەك ئاچار ئوتلۇق گەپلىرىم.
بوغۇزۇمنى قاساپ تۇرغان گويا سىرتماقتۇر،
ئاق پېتىچە تۇرۇۋەرسە ئۆمۈر دەپتىرىم.

6

ئەجەل كېپ بىر كۈنى ئۈزۈلسە دېمىڭ،
بىراقلا بېسىقار تەشۋىشۇغېمىڭ.
تىرىكلىك سۈيىنى قەدىرلەپ پەۋەس،
ئويلان، دوست، ھاياتتا نېمىدۇر كېمىڭ؟

7

قۇشلار قوۋمى دەرەخلەردىن تۇتۇپ ماكان،
چاڭگا تىزىپ قالدۇرىدۇ كۈرمىڭ ئەۋلاد.
قەيسىرانە تىرىكچىلىك قىلىپ ھامان،
شاخ-شاخلاردا ئۆتكۈزىدۇ قۇۋناق ھايات.
تاڭ بىلەن تەڭ ئويغىنىپ شاد سايرار لەۋەن،
قۇشلار ئۈچۈن ھەر تۈپ دەرەخ ئانا ۋەتەن!

8

ئۆتۈپ خۇلقى-مىجەزى ئوخشىماس يىللار،
كىرىپ كەلدى تۈيدۇرماي ئۆمرۈم كەچ كۈزى.
قالدى تاختا، مۇنبەردە ئۈنتۈلماس ئىزلار،
ئۇ — يۈرەكلەر تارىنى ھەردەم چەككۈسى.
ئەقىدىدىن، غايەمدىن چېچىلغان نۇرلار،
چەت-چېتىگە ئالەمنىڭ بېرىپ يەتكۈسى!

(ئاپتور شىنجاڭ بوغالتىرىيە كادىرلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزىدە)

www.uyghurkitap.com

ئۆچقۇنجان ئۆمەر

# رۇبائىيلار

ياشلىقنىڭ شاملى چىقىدۇ قاتتىق،
بۇ مەزگىل تاۋلانساڭ چاقنار ھاياتلىق.
ياشلىقتىن باشلانغان ھەر قانداق ئىشنىڭ
ۋەزنى بار، دىنى بار، مېۋىسى تاتلىق.

*　　　*

ئۆيۈڭنىڭ تارلىقى بەك چوڭ گەپ ئەمەس،
بولمىسا ساپ ھاۋا، يوق ئەركىن نەپەس.
ھەممىدىن كۆڭۈلنىڭ تارلىقى يامان،
ئەل ئۈچۈن كۆڭلى كەڭ، بول ئاپتاپپەرەس.

*　　　*

سۇ دېمەك ـ ھاياتلىق، جانغا سۇ كېرەك،
سۇ بولسا چۆلدىمۇ قۇرۇماس پىلەك.
خۇش پېئىل كەمتەرلىك گۆھەر تۇغىدۇ،
مۆرەيدۇ تىنماستىن سۈتى يوق ئىنەك.

*　　　*

كەتمەننىڭ بېشىنى باسساڭ ناۋادا،
دەستىسى بېشىڭغا تېگەر ھاۋادا.

ھەرگىزمۇ يامانغا يانتاياق بولما،
قالىسەن ئاخىرى بىر كۈن بالاغا.

*　　　*

ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاق قەغەز،
بەتنىيەت ئادەمنىڭ كۆڭلىدۇر ئەۋرەز.
لەش باسقان كۆلچەكنى يوقلىماس ھېچكىم،
كۆڭۈلدۇر بەك نازۇك، پۈتمەس كەتسە دەز.

*　　　*

ھالۋىسى بەتتەمدۇر زاغ ـ قىزغانچۇقنىڭ،
كۆڭۈلدە ئورنى يوق، ئاغزى پۇچۇقنىڭ.
ياخشىلىق ئەيلىگىن مىسكىن يېتىمگە،
تاتلىقتۇر ئۈمىچى قولى ئوچۇقنىڭ.

*　　　*

سېخىينىڭ پەزلى كۆپ، قولى كەڭ بولۇر،
بىر قورساق تۇغقاننىڭ مېھرى تەڭ بولۇر.
بەختلىك ئادەمدۇر يۇلتۇزلۇق ئاسمان،
ئەل سۆيگەن ئادەمنىڭ يولى كەڭ بولۇر.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى راھەتباغ ئولتۇراق رايونىدا)



# قاسىم قاغا

نۇرمۇھەممەد ئىسمائىل

(ھېكايە)

زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئاخىرقى تارامىلىرىدىن
بىرى بولغان بۇ ئېقىننى كىشىلەر «شەھەر دەريا-
سى» دەپ ئاتايتتى. قاش- دامبىلىرى تەبىئىيلا شە-
كىللەنگەن بۇ ئېقىن زەرەپشان دەرياسىدىن ئايرى-
لىپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە 40- 50 كىلومېتىر-
چە ئاققاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىنى كېسىپ
ئۆتۈپ شەرققە قاراپ ئېقىپ كېتەتتى. كىشىلەر-
نىڭ ئېيتىشىچە، بىر چاغلاردا بۇ ئېقىننىڭ
سۈيى شۈنداق مول بولۇپ، كەلكۈن مەزگىللىرى-
دە شاۋقۇن- سۈرەنلىرى بىلەن ئەتراپتىكى كەنت،
مەھەللىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ، قىنىغا
سىغماي يېيىلىپ ئاقاتتىكەنمىش. ئەنە شۇ
«شەھەر دەرياسى»نىڭ خاسىيىتىدىن بولسا
كېرەك، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى غولىغا ئادەم-
نىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان، شاخلىرى گىرەلى-
شىپ كەتكەن بۈككىدە توغراقلىق ئىكەن، ماڭ-
دامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ياۋا توشقان، قىرغا-
ۋۇل، كېيىك، جەرەنلەر كىشىنىڭ ئوۋ ھەۋىسى-
نى قوزغىسا، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، ياۋا
توڭگۇزلارنىڭ خارتىلداشلىرى ئادەمنى ۋەھىمى-
گە سېلىپ تېنىنى شۈركۈندۈرەر كەنمىش. تەج-
رىبىسى مول، پىشقان ئوۋچىلاردىن باشقا كىشى-
لەر بۇ توغراقلىققا كىرىشتىن ئەيمىنەركەن-
مىش، بىراق ھازىر ئۇنداق ئەمەس. تۈرلۈك تەبى-
ئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەريانىڭ
ئىككى قىرغىقىدىكى كىشىلەر سۆيۈنۈپ ئەس-
لەيدىغان يوغان ھەم قويۇق توغراقلاردىن بۈگۈن-
كى كۈندە ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، پەقەت دەريا
ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقايلىقتا يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان يېڭىدىن كۆكلىگەن شالاڭ توغ-
راقلارلا گويا ئۆتمۈشكە شاھىت بولۇۋاتقاندەك
قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دەريا سۈيىمۇ (ياز پەسلى-
دىكى كەلكۈن مەزگىللىرىنى ھېسابقا ئالمىغان-
دا) بۇرۇنقى سۈر - ھەيۋىسىنى يوقاتقان بولۇپ،

لۆمشۇپ ئاققىنچە ناھىيە بازىرىغا كىرە-كىرەمەيلا ئۆز قىنىغا سىڭىپ تۈگەپ كېتەتتى.

دەريا ۋە توغراقلارنىڭ ئۆتمۈشىنى بوۋىسى بىلەن دادىسىدىن ئاڭلىغان، يېقىنقى 50-60 يىلدىن بۇيانقى ئۆتمۈشكە ئۆزى شاھىت بولۇپ كېلىۋاتقان قاسىم قاغىنىڭ ھەر قېتىم مۇشۇ دەريا بويىغا كېلىپ، كۆز ئالدىدىكى توغراقلارغا قارىغىنىدا ئىختىيارسىز كۆڭلى مەيۈسلىنىپ قالاتتى. ئۇ، ئادەملەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن ھەيران بولاتتى، ئۇلاردىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ توغراقلارنى كېسىپ، ئوت-چۆپلەرنى قىرىپ نېمىگە ئېرىشكەنلىكى، نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئۇلار توقايلىقتا قارا بوراندەك پەيدا بولاتتى-دە، يالماۋۇزدەك ئايىغى تەگكەنلا يەردىكى توغراق، يۇلغۇن، چاكاندا، چۇچۇكبۇيا، يانتاق، چىگە، قومۇش، قىزژاقلارنى كېسىپ، قىرىپ، بۇ زېمىندا ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر گىياھ ئۈنمىگەندەك قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. دىلى ئازار يېگەن دەل-دەرەخ ۋە ئوت-چۆپلەرنىڭ ئادەملەرگە قېپىدىغاندەك، يەردىن قايتا باش كۆتۈرۈشكە رايى بارمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ يېپىنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قۇرغاق زېمىن قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ، بىر قانچە يىلدىلا چەش قۇمغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

ئارقا تەرىپىنىڭ قامىسى چۇشۇپ پارقىراپ كەتكەن سەرپۇش تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، ئۈچىسىدىكى ماشرەڭ سىپرىق جۇۋىسىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمەيلا قوۋۇشتۇرۇپ، كۆك رەڭلىك سىيامبۇ بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان قاسىم قاغا دەريا بويىغا كېلىپ، ئالا ئايغىر ئۈستىدىن چۈشتى-دە، توپا-چاڭدىن چاپاقلىشىپ كەتكەن چوڭقۇر كۆزلىرىنى دەريادىن سۇ ئىچىۋاتقان مال-پادىلىرىدىن ئۈزۈپ، قاقشالدەك قېتىشىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنى سايە قىلىپ، قارشى قىرغاقتىكى توغراقلىققا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن كەك ماڭلىيىدىكى قورۇقلار تارتىشىپ، كۆز قۇيرۇقىدىكى ئۇششاق قورۇقلار يوغىناپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن سىزىقچىلار پەيدا بولدى. سۇس چېقىۋاتقان سوغۇق شامال ئۇنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقارغان ئۆچكە ساقىلىنى يېنىك يەلپۈتمەكتىدى. بۇ يەرنىڭ كەچ كۈز ئايلىرى تولىمۇ گۈزەللىشىپ، كۆپكۆك ئاسمان، چاقنىغان قۇياش، سارغايغان ياپراقلاردىن تارتىپ، دەريانىڭ تېگىدە قۇم سۈيۈپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار، ئەتراپتا يېيىلىپ ياتقان ئاپپاق قۇملارغىچە ھەممىسى بىر-بىرىدىن چىرايلىق، بىر-بىرىدىن يېقىملىق بولۇپ كېتەتتى. يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ، قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك جىلۋە قىلىۋاتقان توغراقلار، ھەر قېتىم قارىغىنىدا قاسىم قاغىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. يېقىندىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ «تەبىئىي ئورمان ۋە يېپىنچا ئوتلاقلارنى قوغداش» سىياسىتى بىلەن، چوڭ قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچرىماي كەلگەن بۇ توغراقلار يىلدىن-يىلغا ئاينىپ، يىلدىن-يىلغا يوغىناۋاتاتتى. ئەتراپىدا ئۆسۈۋاتقان يۇلغۇنلارمۇ ئادەم چۆكۈرگۈدەك بولۇپ قالغانىدى. قاسىم قاغىنىڭ دىققىتىنى توغراقلىق ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن قاغىلار ئۆزىگە تارتتى. قاغىلار پەقەت بىرەر تاپقا يولۇققاندا ياكى بىرەرسى ئۆۋسىنى بۇزغاندا ئەنە شۇنداق ئىچىنىشلىق قاقىلدايتتى. قاسىم قاغىغا ئايان، بۇ توغراقلىقتا قاغىلار تالاشقۇدەك تاپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا بىرەرسى ئۆۋسىنى بۇزۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇۋا سالغان توغراقلارنى كېسىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ توغراقلىققا قۇلاق سالدى، قانچە قىلسىمۇ بىرەرسى توغراق كېسىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىيالمىدى. قاغىلار يەنىلا شۇنداق توختىماي قاقىلدايتتى.

— مە... مە...

دەريا سۈيىگە قېنىپ ئارقىسىغا يانغان ساغلىقلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن ئوغلاق، قوزىلارنىڭ ئاۋازى قاسىم قاغىنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

ئەمدى سۇ ئىچىش نۆۋىتى ئالا ئايغىرغا كەلگەنـ
ـدى. قاسىم قاغا ئالا ئايغىرنىڭ ئاغزىدىكى يۈگەنـ
ـنى ئېلىۋېتىپ سۇغا قويۇپ بەردى. ئالا ئايغىر
يېنىك يورغىلاپ دەرياغا كىردى-دە، ئالدى پۇتى
بىلەن چاپچىپ، تەريا سۈيىنى لېيىتىپ تۇرۇپ
سۇمۇرۇپ-سۇمۇرۇپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى.
ئۇ ھەر بىر يۇتۇم سۇ سۇمۇرگەندە، سۆڭگىچى
ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىقىنى لۆم-
لۆم كۆتۈرۈلەتتى. ئالا ئايغىرنىڭ سۇ ئىچكەندىـ
ـكى ھالىتىنى كۆرۈپ، قاسىم قاغىنىڭ بىردىنلا
تەشنالىقى قوزغالدى. ئەتىگەندىلا پادىسىنى ئالـ
ـدىغا سېلىپ قوتاندىن چىققان قاسىم قاغا، پادىلىـ
ـرىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ توپا-چاڭغا مىلەنگەن،
چاڭقىغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى پادىلارنى سۇغارغىـ
ـلى كەلگەندە، دەريا سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ
ئىچەتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى
يايراپ، ياشلىقىغا قايتقاندەك بولۇپ قالاتتى. ئالا
ئايغىرمۇ سۇغا قېنىپ قاشقا چىقتى. ئەمدى
نۆۋەت قاسىم قاغىغا كەلگەنىدى. ئۇ ئۇچىسىدىـ
ـكى جۇۋىسىنى سالدى-دە، دەريا لېۋىگە كېلىپ
ئەمدىلا قولىنى سۇغا تىقىشىغا، سۇ تېگىدىن
تونۇش بىر ئاۋاز قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولدى:

— تۇك... تۇك... تۇك...

مال پادىلىرى ئۇسسۇزلۇقتا قانغاندىن
كېيىن، ئوتلاشقا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ،
قوزا-ئوغلاقلارنىڭ مەرەشلىرىمۇ بېسىقىپ قالـ
ـغانىدى. قاسىم قاغا سۇغا ئۇزىتىپ بولغان قولىـ
ـنى تارتىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ھېلىقى ئاۋازغا
قۇلاق سالدى. ئۇ ئاۋاز دەريا ئاستىدىن ئەمەس،
قارشى قىرغاقتىكى توغراقلىق ئارىسىدىن ئاڭلىـ
ـنىۋاتاتتى. ياۋا توڭگۇزنىڭ خارتىلدىشىدەك يې
قىمىسىز بۇ ئاۋاز قاسىم قاغىنىڭ كىچىكىدىنلا
قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىراۋلار توغـ
ـراقۇا پالتا ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز بولۇپ، ئەنە شۇ
ئاۋازلار مانا مۇشۇ دەريانىڭ ئىككى قىرىدىكى
بۈك-باراقسان توغراقلارنى خۇددى ياۋا توڭگۇز

قوناق شېخىنى قىرغاندەك قىرىپ تۈگەتكەنىدى.
ئۇ يەنىمۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، راستتىـ
ـنلا بىراۋنىڭ توغراق كېسىۋاتقانلىقىنى جەزمـ
ـلەشتۇرگەندىن كېيىن، قاشقا چىقىپ ئالا ئايغىر-
غا يۈگەن سالدى-دە، ئۇنىڭغا مىنىپ دەريادىن
ئۆتتى. قارشى قىرغاق بۇ تەرەپتەك قۇمساڭ
ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توغراق ئارىلاپ
ئۆسكەن جىغان ۋە قۇرۇق چاتقاللار ئىلدام مېـ
ـڭىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ تۇراتتى. قاسىم قاغا
توختىماي ئالا ئايغىرغا قامچا سالاتتى. ئالا
ئايغىر قامچا زەربىسىگە چىدىماي «بۇنداق چاتـ
ـقاللىقتا قانداق ماڭىمەن» دەپ قېيىدىغاندەك، قۇيـ
ـرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ئۆز مېڭىشىنى ئۆزگەرتـ
ـمەيتتى. ئۇ دەريا قىرىدىن يىراقلىغانچە، ھېلىـ
ـقى ئاۋاز تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
ئەمدى بىر يەردىن ئەمەس، بىرقانچە يەردىن ئاڭـ
ـلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭدى، قوشۇملىـ
ـرى تۈرۈلدى. توختىماي ئاتنىڭ ساغرىسىغا
قامچا سالاتتى. ئۇ ھېلىقى ئاۋازغا يېقىنلىغانچە
ئۇنىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھەي... كىم سەن، توغراق كېسىۋاتقان
قايسىڭ؟

ئۇ ئەنە شۇنداق تۈۋلىغاچ ئاۋاز چىققان تەرەپـ
ـكە كۆز يۈگۈرتەتتى. ئۇ بىر چاغدا ئۆزى «زەگىنـ
ـدىلىك» دەپ ئاتىۋالغان توغراقلىق ئارىسىدىن
بىرسىنىڭ قارىسىنى ئىلغا قىلغاندەك بولدى-
دە، ئالا ئايغىرنىڭ قەدەملىرىدىن رايى قايتقاندەك،
ياش قۇرامىغا ماس بولمىغان چەبدەسلىك بىلەن
يەرگە سەكرەپ، ھېلىقى كۆلەڭگە تەرەپكە يۈ-
گۈردى. ئۇ يۈگۈرۈيتتى، ھاسىرايتتى، ھېلىقى ئا-
دەمنى توغراق كېسىشتىن توسۇپ ۋارقىرايتتى.
ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك چاپان كىيىپ، بېلىنى
قىزىل بەلباغ بىلەن باغلىۋالغان ئېگىز بوي
بىرسى بېشىدىكى شاپاق دوپپىسىنى گەدىنىگە
سۈرۈپ قويۇپ، قاسىم قاغىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋۇ-
زىنى ئاڭلىمىغاندەك بەخىرامان ھالدا توغرا غولىـ

غا پالتا ئۇرماقتىدى.

— هەي... توختا،... توختا دەيمەن... ياغاچ قۇلاق... تاشلا پالتاڭنى.

هېلىقى ئادەم يەنىلا پەرۋايىغا ئالماي، قىيسىيىپ قالغان توغراققا پالتا ئۇرۇۋەردى. قاسىم قاغىنىڭ ئەمدى سۆزلىگۈدەك، ۋارقىرىغۇدەك هالى قالمىغانىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئادەم گاستەك، سۆزلىسىمۇ، ۋارقىرىسىمۇ كار قىلمايدىغاندەك بىلىندى-دە، كەلگەنچە كېلىپ ئۇنىڭ پالتىسىغا ئېسىلدى.

— ئۆلۈكنى ساتامدۇ نېمە ماۋۇ قېرى، — دېدى هېلىقى توغراق كېسىۋاتقان ئادەم، قاسىم قاغىنىڭ پالتا سېپىغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، شۇنچە سىلكىسىمۇ قويۇپ بەرمەي، يەردە سۆرىلىپ يۇرۇشىدىن سەل تەشۋىشكە چۈشۈپ، — پالتىنى قويۇپ بەر دەيمەن. نېمە گېپىڭ بولسا پالتىنى قويۇپ بېرىپ دە... نېمانداق قىلىدۇ ماۋۇ قېرى... ئاپلا جۇما... ياشىراق بولغان بولسىمۇ...

— ياش... راق بولسام بېرىدىغان ئىگىچىسىڭلىڭ بارمىدى؟ هۇ خوتۇنى تالاق... نەسلى قۇرغۇر...

قاسىم قاغىنىڭ زەهەردەك ئاچچىق هاقارەتلىرىدىن ئەرۋاهى ئۇچقان هېلىقى ئادەم، بىر سىلكىپلا پالتا سېپىنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالدى. ئۇنىڭ سىلكىشىدىن ئۇچۇپ كەتكەن قاسىم قاغا چاتقاللار ئارىسىغا يۇمىلاپ كەتتى-دە، يەنە ئۆمىلەپ بېرىپ هېلىقى ئادەمنىڭ پۇتىغا مەهكەم ئېسىلدى. ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ پاقالچىكىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۆزى بىلىدىغان پەسكەش تىللار بىلەن توختىماي ئۇنى تىللايتتى، قارغايتتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلسام ئۇنى توغراق كېسىشتىن توسالايمەن، مۇشۇ تۇتقىنىمچە ئورمان پونكىتىغا ئاپىرالايمەن، دەپ ئويلايتتى. قاسىم قاغىنىڭ قاقشالدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى پاچىقىدىن ئاجرىتالماي، ئۆزىنى نەس باسقانلىقىنى هېس قىلغان هېلىقى ئادەم، ئۇنىڭ تىل-هاقارەتلىرىدىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ، بىر قانچە قېتىم پەيلىنى بۇزۇپ، قولىدىكى پالتا بىلەن مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قاسىم قاغا پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. هەدېسە، بولسا شۇنداق قىلىۋەربىر مېنىڭ ئۆلۈكۈم مۇشۇ توغراقلىقتا قالىدۇ، دەپ ئۇنى قورقۇتاتتى.

— هەي، ئابلىز ئەلەم، ئەخەت سەمەت، بۇياققا كېلىڭلار. ماۋۇ قېرى ماڭا ئېسىلىۋالدى. هوي هەسەنجان، توختى قاري، قېنى سىلەر؟

قاسىم قاغىدىن يا قۇتۇلالمىغان، يا ئۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان شاپاق دوپپىلىق ئادەم هەدەپ هەمراهلىرىنى چاقىرماقتىدى.

يېزا باشلىقى غالىبنىڭ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان بۇ قورۇ - جايى يەر باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدا بىرمۇ تۆت پۈڭ دېيىلسىمۇ، دېهقانلارنىڭ مۆلچىرىدە بەش-ئالتە مودىن ئاز كەلمەيتتى. دەرۋازىنىڭ غەرب تەرىپىگە قاتار سېلىنغان خىش قۇرۇلمىلىق بىر يۇرۇش ئۆينىڭ ئالدى تېمىغا بۇ يېزىدىكى كىشىلەر كۆرۈپمۇ باقمىغان، سىلىق، پارقىراق چاقچۇق چاپلانغان بولۇپ، هەممە ئۆيى چىرايلىق نەقىشلىنىپ، سۇر ۋاسا قىلىپ يېپىلغانىدى. نەقىشلەرگە ماس كەلتۈرۈپ بېرىلگەن سىرلار ئۆيگە كىرگەن كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى. هەر بىر ئۆينىڭ ئۈستى بىر مەنزىرە، ئۆزىگە خاس بىر دۇنيا ئىدى. تاملىرىنىڭ ئاستى تەرىپىگە بىر مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئالىي دەرىجىلىك پەنەركە بىلەن زەدىۋال چىقىرىلغان بولۇپ، هەممە ئۆيگە جىگەررەڭ سىرلىق زاۋۇت ئىشىكى ئورنىتىلغان ئىدى. ئىشىك، دېرىزە تەكچىلىرى پەنەركىلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئەسلىدىنلا ياسىداق سېلىنغان بۇ ئۆينى تېخىمۇ هەشەمەتلىك كۆرسىتەتتى.

— ئاق قوناقلىقتىكى قازاجىمنىڭ ئۇجمىلىرىنىڭ ياغىچى، — دېدى غالىب هېلىدىن بېرى ئۆزىگە ئەگىشىپ يۇرۇپ، هەيران بولغىنىدىن

48

ئاغزىنى باسالماي ئۆيلەرنى ماختاۋاتقان ھاشىم سېكرېتار بىلەن ماخمۇت سېكرېتارغا ئۆينىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان تاختايلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — شۇنچە يوغان 22 تۈپ ئۈجمىنىڭ ياغىچى ئاران يەتتى. شۇنداق يوغىنىغان بولسىمۇ پەقەت پورلاشماپتىكەن ئوغرىنىڭ ئۈجمىسى.

— ئالامەت ئېسىل ئۈجمىلەر ئىدى جۇما ئۇ، — دېدى ھاشىم سېكرېتار ئۆزى كىچىك چاغلاردىن تارتىپ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئويناپدىغان، غولىغا قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان ئۈجمىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — ئەسلىي ئۇ ئۈجمىلەرنى قازىجىمنىڭ بوۋىسى سالدۇرغان ئىكەن، ئازادلىقتىن بۇرۇن قازاجىم ئۇ يەردە ئۈجمە سەيلىسى ئۆتكۈزۈپ، كالا سويۇپ نەزىر بېرەتتىكەنمىش، يۇرت-يۇرتلاردىن كەلگەنلەر نەزىرنى يەپ، قورسىقى تويغاندىن كېيىن نەغمە قىلىشىپ، مەشرەپ ئوينايدىكەنمىش، نوچىلار چېلىشقا چۈشۈپ ئۆزىنى كۆرسىتەتتىكەنمىش. كوپېراتسىيە ۋاقتىدىمۇ جىق ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ئۈجمىلەر ئىدى ئۇ، ئامباردىكى ئاشلىق تۈگەپ، ئېتىزدىكى بۇغدايلار پىشمىغان سىرىقتال ۋاقىتلاردا، شىرنىلىرىنى ئېقىتىپ شۇنداق پىشاتتى-دە، ئاچلىقتىن ئۆلەرمىجان بولۇپ قالغانلار ئۈجمە بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، يېڭى بۇغدايغا ئۇلىشىۋالاتتى. كېيىنچە ئاق ئۈستەڭنى تىندۇرۇپ، يەرلەرنى سالالاشتۇرىدىغان چاغدا، گۇڭشېدىن ئۈجمىلەرنى چىقىرىۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، دېھقانلار يېلىنىپ چىقىرىۋەتكىلى ئۇنىمىغان.

— تازا ھۆل كىگىز ئادەملەر باشلىق بولۇپ قاپتىكەن-دە، ئۇ چاغدا، — دېدى غالىب، ھاشىم سېكرېتارنىڭ شۇنچە ئەتىۋار ئۈجمىلەرنى سەن ۋەيران قىلىۋەتتىڭ دېگەندەك سۆز ئەگىتىشلىرىدىن ئاچچىقى كەلگەندەك، — باشلىق بولغان ئادەم دېھقانلار ئۇنىمىدى دەپمۇ قاراپ تۇرامدۇ. گەپ دېگەن بىر، ئېغىزدىن چىقاردۇقمۇ قىلماي قويمايمىز. مۇشۇ قېتىممۇ ئۇ ئۈجمىلەرنى چىقىرىۋېتىشنى ئېيتسام، بەزىلەر چىشىمغا تېگىپ، ئۇ ئۈجمىلەرگە 200 يىلدىن ئېشىپ كەتتى. مۇمكىن بولسا قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، پەرۋىش قىلىپ قويساق بولاتتى، دەپ ئېغىز غىڭىچلىۋېدى. تازا بىر دەككىسىنى بېرىپتىكەنمەن، پىچىۋەتكەن بۇقىدەك پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. نېمە قىلىمىز يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆگەلدەك ئادەمگە پۇتلاشقان قېرى ئۈجمىلەرنى ساقلاپ قېلىپ، مېۋىسىنى ئىككى پۇلغا ساتقىلى بولمىسا يا. چىقىرىۋېتىپتۇق، يەرلەر شۇنداق ئېچىلدى.

— توغرا دېدىلە يېزا باشلىقى، — دېدى ماخمۇت سېكرېتار غالىبقا يېقىنچىلىق قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسكە تىرىشىپ، — سىلىدىن باشقا ئادەم بولسا، يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ ئۇ ئۈجمىلەرنى چىقىرىۋەتمىگەن بولاتتى. سىلىدەك كەسكىنلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەيدىغان ئادەم يوق جۇما بۇ ناھىيەدە. مېنىڭچە بولسا ناھىيەگە ھاكىم بولۇپ قالغان بولسىلا، ناھىيەنى ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغىدەك تەرەققىي قىلدۇرۇۋېتەتتىلە...

— ئادەمنى تولا ئۇچۇرماڭلا ماخمۇت سېكرېتار، — دېدى غالىب كېرىلىپ قويۇپ، — ھاكىم دېگەنمۇ بىزدەك ئادەم. بولايلى دېسەك بۇمۇ تەس ئەمەس. ئالدى بىلەن ئۆيلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزۈۋالاي، قالغان ئىشلار ئاستا-ئاستا بىر گەپ بولامدۇ.

غالىب ئىككى سېكرېتارغا ھەممە ئۆيلەرنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن ھويلىغا چىقتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كولانغان، بىر مودىن ئاشقۇدەك چوڭلۇقتىكى ئازگالغا بىرمۇنچە ئادەم قۇمساڭ ئەت توپا توشۇۋاتقان بولۇپ، ئەتراپىدىكى پاكار تاش تاملاردىنلا بۇ ئازگالنىڭ گۈللۈككە پىلانلانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. گۈللۈكنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپى

ئەگمە ئىشىك قويۇلۇپ، روجەكلىك تام بىلەن ئايرىلغان بولۇپ، روجەكلىك تام ئىچىدىكى ياغاچ دۆۋىلىرى ئارىسىدا ياغاچ تىلىنىدىغان ھەرىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى، بىر كىملەرنىڭ چوت بىلەن ياغاچلارنى يونۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— گۈللۈك تازا يوغان چىقىپتۇ، — دېدى ھاشىم سېكرېتار گۈللۈكنىڭ ئورنىنى كۆز چىنى بىلەن مۆلچەرلەپ، — بۇ گۈللۈككە ئەتىرگۈل كۆچۈرۈپ، ئەنجۈر، ئانار كۆچىتىدىنمۇ سېلىپ قويايلى.

— گۈللۈكنىڭ ئىشى جىق تېخى، — دېدى غالىب ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئېيتىپ، — ئاۋۇ ئوتتۇرىدىكى يۇمىلاق سېمونت سۇپىغا چىرايلىق بىر راۋاق سالىمىز. ئەنە ئاۋۇ پۇچۇق يەرلەردىن باشلاپ راۋاقىچە تۆت تەرەپتىن سېمونت بىلەن ئەگمە كۆۋرۈك سالىمىز. شۇنداق بولغاندا گۈللۈك يەنە تۆت پارچىگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر پارچىسىغا بىردىن سۇنئىي تاغ ياساپ، تۇرۇبا سۈيى بىلەن فونتان چىقىرىمىز. ئانار، ئەنجۈر دېگەن نېمە ئۇ؟ مەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كۆرگەن شۇنداق ئېسىل گۈللەر بار. شۇلاردىن ئەكىلىمەن، قىلىدىغان ئىشلار تېخى جىق. بۇ يىل قىلىۋالارمەن دېسەم سوغۇق چۈشۈپ كەتتى. بولمىسا مانا بۇ بوش قالغان يەرلەرگە ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا ياتقۇزۇلغاندەك رەڭلىك خىشلارنى ياتقۇزاتتۇق، پىلانىمدا قىشنىچە قوتان بىلەن قۇشخانىنىڭ ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈۋالارمەن دەۋاتىمەن.

— قوتانلارمۇ بىزنىڭ قورۇ - جايلاردىن ئېسىل بولۇپ كەتكۈدەك، — دېدى ھېلىدىن بېرى غالىبنىڭ پىلانىغا ئاغزىنى ئېچىپلا قالغان ماخمۇت سېكرېتار تۆت چىشلىق بۇقىنىڭكىدەك تۇرۇلۇپ كەتكەن بۈيۈنلىرىنى سوزۇپ، شىمال تەرەپتىكى روجەك تام تەرەپكە قاراپ، — بۇ قوتانلارغا كىرىپ قالغان ھايۋانلارمۇ جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرگۈدەك. نېمىدېگەن ئېسىل سېلىنغان قوتانلار- بۇ! بۇغا، جەرەن دېگەندەكلەردىنمۇ بېقىپ قويسىلا، مەكىت قوچقىرىدىن بېقىپ قويسىلا تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى.

— مەكىت قوچقىرىنى باقماي، قوتۇر ئۆچكە باقسا بولاتتىمۇ؟

بىرسىنىڭ «تاز»، يەنە بىرسىنىڭ «قوتۇر» لەقىمى بار ئىككى سېكرېتار بىر-بىرىنى چاقچاقتا كەلتۈرۈۋالغىنىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. گۈللۈك ئورنىغا توپا توشۇۋاتقان ۋە ياغاچ دۆۋىسى ئارىسىدا ئىشلەۋاتقانلار بىر-بىرىدىن سېمىز، قورساقلىق بۇ يۇرت كاتتىلىرىنىڭ نېمىگە شۇنداق قاتتىق كۈلۈشكىنىنى بىلمىسىمۇ، قولىدىكى ئىشنى قويۇپ بويۇندىشىپ قارىشاتتى. ئۇلار يەنە نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ، تىزلىرىغا شاپىلاقلاپ تېلىقىپ كۈلۈشۈۋاتقاندا، دەرۋازىدىن چىرايى ئۆڭگەن، ھاسىراپ نەپەسى يېتىشمەي قالغان تۇر يۇسۇپ كىرىپ كەلدى.

ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن چىرايى قارىداپ، ھېلىلا بىرسى بىلەن ئۇرۇشىدىغاندەك قىلاتتى.

— نېمە بولدۇڭلار؟ — دېدى غالىب كۈلۈپ تۇرۇپ، — تالاشقا چۈشىدىغاندەك ھومىيىپ تۇرىسىلەرغۇ؟ كۈلۈڭلار مانداق، چىشىڭلىنى چىقىرىپ.

غالىبنىڭ ئىت كاسكىرىغان چاغدىكى ھالىتىنى دوراپ «مانداق قىلىپ» دېيىشلىرىدىن، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى سېكرېتار تېخىمۇ تېلىقىپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆز چانىقىدىن ئاققان پۇرچاقتەك ياش تامچىلىرى يوغان بۇرۇنلىرىنى بويلاپ ئېقىپ، قويۇق بۇرۇتلىرى ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— كۈلۈشۈۋەرمىگىنەۋا ئاداشلا، — دېدى تۇر يۇسۇپ ئىككى سېكرېتارغا زەردە بىلەن ئالىيىپ، — ئادەمنىڭ گېپىنى گەپ قىلغىلى قويماي... جېنىنى چىقىرىپ.

تۇر يۇسۇپنىڭ بويىنىڭ ئورۇق، ئېگىزلىكىدىنمۇ ياكى ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىدىنمۇ ئەيتا-

ۋۇر، ئۇ ئورمان پونكىتىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭغا «تايغان» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى. ئۇ بۇ لەقەمگە كارامەت ئۆچ بولۇپ، كىمدىكىم ئىت ئائىلىسىدىكى ھايۋانلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بولغىچە، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتەتتى.

— كۆرۈشمەي تۇرۇپلا سېكرېتارلارنى تالىغىلى تۇردۇڭلارغۇ ئەمدى، — دېدى غالىب، تۇر يۇسۇپنىڭ چىرايىدىكى جىددىيچىلىكنى كۆرۈپ كۈلكىدىن ئاران توختاپ، — نېمە ئىش بولدى، چىرايىڭلارنىڭ ئۆڭسۈلى يوققۇ؟

— سىلىنىڭ گەپلىرى بويىچە 12-كەنتتىن سەككىز-ئون ئادەمنى توقايلىقتا ياغاچ كەسكىلى ئەۋەتكەن ئەمەسمۇ، — دېدى تۇر يۇسۇپ يانچۇقىدىن بىر قاپ تاماكا چىقىرىپ، غالىپقا بىر تال بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، — ئۇلار ئەمدىلا 50-60 تۈپ ياغاچ كەسكەنىكەن. توغراقلىقتا قارايدىغان ھېلىقى قاسىم قاغىغا تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

— يولۇقۇپ قالماڭلار دەپ بەكرەك تاپىلىمىغانمۇ؟ — دېدى غالىب بىردىنلا ئاچچىقلاپ، — شۇنچىلىك بىر ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالماي... بىلەمتىڭلار ئۇ قېرىنىڭ كۆككەرمىلىكىنى؟ ئازراقلا ئىش چىقسا ئۇدۇل ناھىيەگە بېرىپ يېتىۋالىدىغان تۇرسا. ئەجەبمۇ قۇتۇلالمىدۇق ئۇ قېرىدىن. يا بىر ئۆلمىدى. ئالدىنقى بىر يىلىمۇ توغراقنى كېسىۋەتتى، ئوتلاقنى بۇزۇۋەتتى دەپ ئەرز قىلىپ، بىر مۇنچە ئىش تېپىپ بەرگەن. بۇلتۇر زەنجىر تاپاننىڭ ئالدىدا يېتىۋېلىپ، ئۆلۈكىنى ساتقىلى تاس قالغان... ھەممىسى ئاشۇ خۇ ئىدارە باشلىقى بىلەن لى ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشى. ھەر قېتىم كەلسە توقايلىقتا بارىمىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بېرىپلا ئۇ قېرىنىڭ چاپىنىنىڭ توپىسىنى قېقىپ، سىز ئۇندىغىيەي، سىز مۇندىغىيەي دەپ ئۇچۇرۇپ قويىدۇ. «كۈچۈكۈم-كۈچۈكۈم دېسە، بىر نېمىسىنى چىقىرىپتۇ» دەپ، بارغانچە خورىكى يوغىناپ كەتتى ئۇ قېرىنىڭ. بولدى، ئۇ دۇناي توغراقلارنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. ئادەمگە ئىش تېپىپ، ئۆزۈڭلار يىغىشتۇرۇڭلار بۇ ئىشنى.

غالىبنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تۇر يۇسۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئىچىدە، ئۆتكەندە توغراقلارنى كەسمەيلى، ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالمىز. مەن نەدىن بولمىسۇن ياغاچنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېرەي دېسەم، يېزا باشلىقى بولغان ئادەمنىڭ ئاشۇ تۆت تال توغراقا كۈچى يەتمەمدۇ؟ دېگىنىمنى قىلىڭلار، دەيدۇ. مانا ئەمدى چاتاق چىققاندا ماڭا لازىمى يوق دېگىنىنى بۇ قاقباشنىڭ، دېگەنلەرنى خىيال قىلدى. غالىب بىلەن تۇر يۇسۇپنىڭ باش قېتىنچىلىقىغا بىرەر ئامال تېپىشقا كۆزى يەتمىگەن ئىككى سېكرېتار غالىبنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ناتونۇش ئىككى كىشىنىڭ كىملىكىنى بىر-بىرىسىدىن سوراشتى.

— ئۇلار كىملەر؟

— خۇ دېگىنى ناھىيەلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ھاۋادىكى ئىس-تۈتەكنى باشقۇرىدۇ، — دېدى غالىب شۇنىمۇ بىلىشمەسەن دېگەندەك ئىككى سېكرېتارغا ھومىيىپ، — لى دېگىنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، بىكارچىلىقتا قىلىدىغان ئىشى يوق، ئاشۇنداق كۆكەمىلەرنى قۇترىتىپ يۈرىدۇ.

— تايىنلىق ئادەملەر كەنغۇ-ئۇ.

— ئادەم تايىنلىق بولغان بىلەن، قانۇن تايىنلىق ئەمەس. ۋاقتى كەلگەندە قانۇننى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ ئۇ نېمىلەر.

غالىبنىڭ ۋارقىرىشىدىن ئىككى سېكرېتارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. ھەممەيلەننىڭ ئېغىز، بۇرنىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. تۇۋا خۇدايىم، دەيتتى غالىب تاماكىنى كۈچلۈك-كۈچلۈك شوراپ خىيالىدا، ھۆكۈمەتمۇ قىزىقكەن، ئاشۇ مايماق توغراقلارنى ئەتىۋارلاپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ سايىداي

دېسە ئۇزايدىن توپا قوپۇلۇپ تۇرىدۇ. ئىشلىتەي دېسە تۇزۇ كرەك بىر تال جەگە چىقمايدۇ، تېخى يىلدا بىر قېتىم توغراق بايرىمى دەپ داۋراڭ سېلىشلىرى بار... ھېلىقى قىرىنىمۇ خۇدايىم شۇنداق بىر يارىتىپ قويۇپتىكەن. خۇددى ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس قالغان دۇنيا-دەپىنىدەك، توغراق، ئوتلاق دېسە جان بېرىدۇ. غالىب شۇلارنى ئويلاپ ئىتتىكلا تۇر يۇسۇپتىن سورىدى:

— زادى كۆزدىن يوقاتقىلى بولمامدۇ ئۇ قىرىنى؟

— مېنىڭ ھوقۇقۇم يېتىدىغان بولسا، ئاللىبۇرۇن قوغلىغا تېپىپ، توقايلىقتىن قوغلىۋېتەتتىم، — دېدى تۇر يۇسۇپ ئاچچىقتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — لېكىن ئۇ قىرىغا ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن ئىش ھەققى بېرىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئورمان قوغدىغۇچى» بولغاندىكىن، باشلىقلار بىزنىڭ گېپىمىزنى تىڭشىمايدىكەن.

— مەندەك ئادەم بولسام، بېشىغا پالتا بىلەن بىرنى قويۇپ، ئۆلۈكىنى قۇمغا كۆمۈۋېتەتتىم ئۇ قىرىنىڭ.

— ھېچ بولمىغاندا، كېچىسى ئۆيىگە ئوت قويۇپ بولسىمۇ كۆزدىن يوقاتماي...

غالىبنىڭ باش قېتىنچىلىقىغا چىداپ تۇرالمىغان سېكرېتارلار خۇددى ئۇنىڭ دەردىنى چىقىرىپ بەرمەكچى بولغاندەك، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ، غۇدۇراپ كېتىشتى. غالىب «ئىشنى تېخىمۇ يوغىنىتاي دېيىشەمسەن» دېگەندەك، ئىككى سېكرېتارغا ھومىيىپ قاراپ قويدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلگەندەك بولدى.

— مۇنداق قىلساڭلا قانداق، — دېدى ئۇ تۇر يۇسۇپكە، — سىلى ئورمان پونكىتىدىكى باللاردىن بىر قانچىسىنى باشلاپ بېرىپ، ھېلىقى كېسىلگەن ياغاچلارنى مۇسادىرە قىلغان بولۇپ ياندۇرۇپ كېلىڭلار. ساقچىخانا باشلىقى بىر قانچە ساقچىنى باشلاپ بېرىپ، ھېلىقى ياغاچ كەسكەنلەرنى تۇرمىگە سولايدىغان بولۇپ ياندۇرۇپ كەلسۇن.

— بۇ ئامال بولغۇدەك، — دېدى تۇر يۇسۇپ چىرايى سەل-پەل ئېچىلىپ، — بۇنداق بولغاندا ئۇ قىرىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيدۇ.

ئىككى سېكرېتار غالىبنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن ئېيتىشىپ كەتتى.

— دانا ئادەم جۇما بۇ.

— يېزا باشلىقلىقمۇ كىچىكلىك قىلىدۇ بۇ ئادەمنىڭ ئىقتىدارىغا.

ئەتىياز پەسلى كىرىش بىلەن باشقا يۇرتلاردا يامغۇر ياغسا، بۇ يۇرتتا قۇم - توپا ياغاتتى. نەلەردىن كېلىدىكىن، بىرسى پۇۋلىگەندەك كىچىككىنە شامال چىقىپ بولغىچە، ھاۋانى چاڭ - توزان بېسىپ، شامال بىردەمدىلا بورانغا ئايلىنىدۇ-دە، باغلاقتىن بوشانغان بۇقىدەك، يەر - زېمىننى تىلغاپ، ئاسمانغا توپا سورۇيدۇ. ئۇنىڭ قەھرى-غەزىپىدىن دەل-دەرەخلەر ھېلىلا قومۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئېغىنىسا، ئۆي- ۋارانلار ئەنسىز تىترەيدۇ.

— بوران توختىغاندا قىلساق بولماسمىدى بۇھاشارنى؟ يا كۆزنى، يا ئېغىزنى ئاچقىلى بولمىسا...

— بوران توختىغىچە تېرىلغۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ-دە، بۇ قاقباشلار. ئۆزى سىرتقا چىقمىغاندىكىن، بوران بىلەن نېمە كارى ئۇ خەقنىڭ.

— سىلەر بىلەمسىلەر؟ پىستە - بادام دېگەن قانداق نېمىكەن؟ ئۇ مۇشۇنداق قاقاس توپىغا تېرىيدىغان نېمىمىدۇ؟

— نەدىمۇ قاقاس توپىغا بىر نەرسە تېرىيدىغان ئىش بار. بىكاردىن-بىكار ئېرىق ياساپ، قىر سېلىپ يۇرمەيمىز. سۇ قويۇپ قاندۇرۇپ ئاندىن تېرىيدىغاندۇ ھەقىچان.





www.uyghurkitap.com

— بۇنچە كۆپ يەرگە نەدىكى سۇنى قويىدۇ؟ هازىر بىزنىڭ يەرلەرگىمۇ سۇ يېتىشمەيۋاتسا. توقايلىقتا ناھىيە بويىچە قوزغالغان ھاشار توپتوغراق كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن يېزا، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى دېھقانلارنىڭ تاپاتەنىسى، نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. ھاشار باشلانماستىنلا چىقىشقا باشلىغان شامال ئەتراپتىكى دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەرنى قىرىپ، بوز بىنەم ئېچىۋاتقان بۇ ئادەملەرنى قوغلىۋەتمەكچى بولغاندەك، كۈندىن-كۈنگە ئەدەپ بورانغا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ۋە توپا ئۇسۇش ماشىنىلىرى بىلەن يېڭىدىن ئېچىلغان بىنەم يەردىكى قۇرغاق توپىلار چۇمۇلىدەك قىمىشىپ ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ كەتمەنلىرىدىن توزۇپ، توقايلىقتا قىيامەت قايىم بولغاندەك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بوراندا تۇرۇپ بولالماي بىرىزېنت رەخت بىلەن ياسالغان ۋاقىتلىق چېدىر ئىچىگە قىستىلىشىپ كىرىۋالغانلارمۇ ئىچىدىكى توپا-چاڭدىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ توختىماي ۋايسايتتى.

— بىز كىچىك چاغلاردا بوران چىققاننىمۇ ئانچە بىلمەيتتۇق، — دېدى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ھېلىدىن بېرى گەپ-سۆزگە ئارىلاشماي، قېتىپ كەتكەن گىردە يۈزىدىكى توپىلارنى پۈۋلەۋاتقان ئاۋۇت ئەمەت ئاغزىدىكى ناسۋال قالدۇرۇقىدەك لاي تۈكۈرۈكنى قاغا چىچقاندەك تۈكۈرۈپ، — نېمىش بولدىكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بوران بەك قاتتىق چىقىدىغان بولۇۋالدى، نانمۇ توپا، ئاشمۇ توپا، ئېغىزغا ئېلىپ بولغىچە قۇم چاينىغان كىشى.

— راست، — دېدى قادىر قاسىم، — ئۇ چاغلاردا «كاككۇك كېلىدىغان شامال» دەيتتۇق. يىلدا بىر قېتىم شامال تام تەرەپتىن بىر قارا بوران كېلەتتىيۇ، ئەمما كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتەتتى. «كاككۇك كېلىدىغان شامال»غا تېخى خېلى بار بولمىسا. نېمە ئالامەتكى بۇ.

— بۇ دەل-دەرەخلەرنىڭ كېسىلىپ، ئوت-چۆپلەرنىڭ قىرىپ تاشلانغانلىقىدىن بولىدىكەن، — دېدى ھېكىمئاخۇن ئىسمىلىك بىرەيلەن، — تېلېۋىزوردا شۇنداق دېدى. دەل-دەرەخلەر كېسىلىپ، ئوت-چۆپلەر قىرىلىپ تۈگەپ كەتسە، يەر شارى ئىسسىپ كېتىدىكەن، ھۆل-يېغىن ئازلاپ، دەريا، ئېقىنلاردا سۇ قالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن تۇپراقلار قۇملىشىپ، ئازراق شامال چىقىپ بولغىچە مۇشۇنداق كۆككە سورۇلۇپ، بورانغا ئايلىنىدىكەن.

— بۇ دېگەن ئاخىر زاماننىڭ ئالامەتلىرى، — دېدى رۇسۇل مەزىن ھېكىمئاخۇننىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ، — ئاخىر زامان بولغاندا مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، يەر-زېمىن ئاستىن-ئۈستۈن بولارمىش.

قادىر قاسىمغا رۇسۇل مەزىننىڭ گەپلىرى ئانچە ياقمىدى. ئۇ دائىم مۇشۇنداق داڭقان پۈتى گەپلەرنى قىلاتتى. ھېكىماخۇن مۇشۇ ئۆي ئىچىدە تىقىلىپ ئولتۇرغانلار ئارىسىدىكى ناھىيەگىچە بېرىپ ئوقۇغان بىردىنبىر بالا بولغاچقا، قىلغان گەپلىرى ئادەمنىڭ دىتىغا ياقاتتى، ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن ئورۇنلۇق سۆزلەپ كىشىنى قايىل قىلاتتى.

— مىڭ قىلسا مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن، ھېكىماخۇن توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — دېمىسىمۇ بىز كىچىك چاغلاردا مانا مۇشۇ يەرلەرمۇ قويۇق توغراقلىق ئىدى. توغراق يوق يەرلەرمۇ قويۇق ئۆسكەن يۇلغۇن، چىگە، قومۇش، چۇچۇكبۇيا، كۆك يانتاق دېگەنلەر بىلەن كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا بوران چىقسىمۇ توپا توزۇمايدىغان. قار-يامغۇرمۇ شۇنداق كۆپ ياغاتتى. دەريادىمۇ سۇ ئۈزۈلمەيتتى...

— قادى قاغا بارمۇ؟

ھېكىماخۇننىڭ سۆزى بىلەن تەڭ توقايلىقنىڭ ئۆتمۈشى كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان قادىر

قاسىم، بىرسىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىنى ئىزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— داداڭ قېنى؟

— نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

قادىر قاسىم ئولتۇرغانلارنى ئارىلاپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، ئۇنى ئىزلەپ كەلگەن، ساقچى فورمىسى كىيىۋالغان ۋىجىك بىر ئادەم بىلەن ئېغىز - بۇرنىغا ماسكا، كۆزىگە يوغان قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان كەنت باشلىقى ھاپىز راجى ئۇنىڭدىن ئارقىمۇ-ئارقا سورىدى.

— دادامغا نېمە بوپتۇ؟ — سورىدى قادىر قاسىم تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرى دۆڭ قوتانلىق ھاشارچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، قاتتىق تاياق يەپ يېتىپ قالغان دادىسىدىن ئەنسىرەپ، — دادام بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر ھەپتە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن ھاشار باشلانغان كۈنى توشقانلىقتا جىدەل چىققاندا كۆرۈشكەن.

— قوماندانلىق ئىشتابىغا ماڭ!

قادىر قاسىم ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتى. چېدىر ئىچىدە قالغانلار بىردىنلا قاسىم قاغا دۆچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلار ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

— ئۇنىڭ دادىسىنى دۆڭ قوتانلىق تەلۋىدىن بىرەرسى قۇمغا كۆمۈۋەتمىگەندۇ ھە؟

— ئۇنداقمۇ قىلمىغاندۇ؟ ئۇنداق قىلسا چوڭ ئىش چىقىدۇ.

— قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ جۇما. ھېلىقى چوقۇر سېكرېتار ئۇچىغا چىققان لۈكچەك بىر نېمە. ھېلىقى كۈنى قاسىمكام ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ، دېھقانلار ئالدىدا رەسۋا قىلىۋېتىپتىكەن. قاسىمكام ھازىر قېرىپ قېلىپ بىرسى بىلەن تۇتۇشالمىغان بىلەن، تىللىشىپ قالسا، سېسىق گەپلىرى بىلەن بېشىم، ھازازۇل خوتۇنلاردىن 10-15 نىنىڭ ئۆتنى يېرىۋېتىدۇ. شۇڭا دېمەنچۇ، ھېلىقى سېكرېتارمۇ ئاچچىقىدا پايلىماي، قارام تەلۋىدىن بىرسىگە گەپ ئۆگىتىپ قويغان بولسا...

— مېنىڭچە، ئەرز قىلغىلى كەتكەنمىكىن. قاسىمكام توغراق، يۇلغۇن، ئوت-چۆپ دېسە جېنىدىن كەچسە كېچىكىدۇكى، ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ. مۇشۇ ھەپتىدە بۇزۇلغان توغراق، ئوت-چۆپلەر ئازمۇ؟ قاسىمكامنىڭ قايسى كۈنى دېيىشىچە، قوتىنىنىمۇ كۆچۈرەركەنمىش.

— ئۇ كۈنى بەك تاياق يەپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئەرز قىلىدۇ. قاسىمكامغا قەشقەر، ئۈرۈمچى دېگەنلەر قوغۇنلۇقنىڭ يولى.

— بۇ ناھىيە بويىچە قوزغىغان ھاشار تۇرسا، كىمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلار؟ ... نېمە قىلىدۇ ئۇنچە قىلىپ، ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس قالغان نەرسە بولمىسا-يا!

— بولسا بىر ئەرز قىلسۇن، ئاشۇنداقراق ئادەمدىن بىرەرسى چىقمىسا، تېرىك توختىتىپ گۆشمىزنى شىلىپ يەيدۇ بۇ بالاخورلار.

قادىر قاسىم ھېلىقى ساقچى بىلەن ھاپىز راجىغا ئەگىشىپ، خەقلەر «قوماندانلىق ئىشتابى» دەپ ئاتىۋالغان بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆينىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە رەڭلىك بايراقلار قادالغان بولۇپ، كۈچلۈك بوراندا بايراقلارنىڭ بەزىلىرى خادىسىغا يۆگىشىپ قالغان، بەزىلىرى يىرتىلىپ قەبرىستانلىقتىكى تۇغ-ئەلەملەرگە ئوخشاش تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېلىقى ساقچى گەجگىسىدىن ئىتتىرىشى بىلەن، ئۆي ئىچىگە دۈگجۈيۈپ كىرىپ كەتتى. ئىنىلىرى قۇناخۇن بىلەن قايماخۇن ۋە ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى تۇداخۇنلارمۇ بۇ يەرگە چاقىرتىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشىدىن، خېلى ئېغىر دەشنام يېگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. قادىر قاسىم ئۇلارغا «نېمە ئىش بوپتۇ» دېگەندەك قارىغان بولسىمۇ، ھېچ قايسىسى ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— داداڭ قېنى؟

ئەمدىلا كىرگەن قادىر قاسىم، بۇ سوئالنىڭ ئۆزىدىن ياكى ئىنىلىرىدىن سورالغانلىقىنى پەرق ئېتەلمەي تۇرغاندا، ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدىكى شىرەنىڭ ئۇ تەرىپىدە سوتچىدەك گىدىيىپ ئولتۇرغان، يۈز تېرىلىرى تارتىشاڭغۇ، كۆزلىرى ئورىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئېگىز بوي، ئورۇق ئادەم ئۇستەلنى قاتتىق مۇشتلىغاندىن كېيىن، جىنايەتچىگە تاپانچا تەڭلىگەندەك، ئوڭ قولىنى سوزۇپ، بىگىز بارمىقىنى قادىر قاسىمغا تەڭلەپ دېدى:

— ھەي، پوق ساقال، مەن سەندىن سوراۋاتىمەن.

— دادامنى تىللىما ئوغرى، ھەرقانچە...

ئۆينىڭ ئەتراپىغا قاتار تىزىلغان ئۇستەلدە ئولتۇرغان بىرسى چاچراپ تۇرۇپ، تۇداخۇننىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى. كۆز ئالدىدىلا ئوغلىنىڭ شاپىلاق يېگەنلىكىنى كۆرگەن قادىر قاسىم، يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك ئازابلىنىپ كەتتى.

— ما ئىش بولمىدى، باشلىق. ئادەم ئۆلتۈرگەن ئىش بولسىمۇ قول سالماي، گەپ بىلەن دېيىشەيلى. چوپچوڭلا ئادەمنى...

— ئەمىسە دېگىنە، داداڭ قېنى؟

— مەن دادامنى ھاشار باشلانغان كۈنى كۆرگەنچە، ئۇ كۈنى تاياق يەپ ئېغىر يارىلىنىپتىكەن، قوتاندا يېتىپ قالغان.

— راستلا ئۆتۈپ كەتكەن كۆكەرمە نېمىلەرمۇ نېمە بۇ. «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك، مامۇت سېكرېتارنىڭ بېشىنى يېرىۋەتكەن تۇرسا، يەنە دادام تاياق يەپ كېتىپتىكەن دېگىنىنى. ساڭا دەپ قوياي، چىرايلىقچە جاۋاب بەر. يەنە «ئاچام سامانلىقتىتى، سىڭلىم قوناقلىقتىتى» دەپ قۇرۇق گەپ قىلساڭ، ناھىيەگە ئاپىرىپ تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن.

ھاشار باشلانغان كۈنى، قادىر قاسىم دادىسىنىڭ دۈگىقوتانلىق ھاشارچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ قاتتىق تاياق يېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كەچ بولغاندا قوتانغا بارغانىدى. ماڭلىيىدىكى يېرىق ۋە جىجىلغان ئۇششاق سىزىقچىلاردا قان داغلىرى قېتىپ قالغان، يۈز-كۆزلىرى ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن قاسىم قاغا ئوغلىنى كۆرۈپ، باشقا گەپ قىلماستىن ئازراق پۇل تەييارلاپ بېرىشنى، ئۆزىنىڭ ئەرز قىلغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. قادىر قاسىم دادىسىغا تەسەللى بېرىپ، بۇ ھاشارنى ناھىيەدىن قارار قىلىپ قوزغىغانلىقىنى، ئەرز قىلسا ئاقمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، قاسىم قاغا «ھۆكۈمەت دېگەن يالغۇز بۇلارلا ئەمەس. مەن ئۈرۈمچىگە بارىمەن» دېگەن. بىراق بۇ گەپنى ھازىر ئەينى بويىچە دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا قادىر قاسىم سەل ئويلىنىۋېلىپ دېدى:

— ئۇ كۈنى دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتىكەن، يۈز-كۆزلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ. بىقىنىم، مەيدىلىرىم قاتتىق ئاغرىيدۇ دېگەن. مەن، بۇ ھۆكۈمەت قارار قىلغان ئىش. ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ ياخشى قىلماپسەن دەپ قويۇپ، يەنە كېچىچە چام بېشىغا يېنىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بارالمىدىم.

— ھېچ قايسىڭ بىلىشمەيسەن، شۇنداقمۇ؟— دېدى ھېلىقى ئادەم يەنە ئۇستەلنى مۇشتلاپ،— مەن دەپ قوياي، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە داداڭنى نەدىن بولسا تېپىپ كېلىشمەيدىكەنسەن، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن. ھېلىغۇ قاغىكەن، بۇركۈت بولۇشساڭمۇ بۇ يۇرتتا تۇرغۇسىز قىلىۋېتىمەن.

— بىز بوۋامنى ساڭا تاپقۇزىمىز. بوۋامغا بىر ئىش بولۇپ قالسۇن قېنى، شۇ چاغدا كۆرگۈلۈكۈڭنى سەن كۆرىسەن...

— ماۋۇ شۇمتەكنىڭ ئاغزىنى ئېتىڭلا، ھېلى بىكار...

ھېلىقى ئاۋاق، كۆرۈمسىز باشلىقنىڭ گېپى

بىلەن ئولتۇرغانلار يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ، تۇداخۇننىڭ قولىنى ئارقىغا قايرىغانچە سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تۇداخۇن يەنە بىر نېمىلەرنى دېگەن بولسىمۇ، ئاۋازى ئۆي ئىچىگە ئاڭلانماي قالدى.

يۈز-كۆزلىرى ئىششىپ، قورساق، بىقىن، مەيدىلىرىنىڭ ئاغرىقىدىن ۋايساپ ئىڭراپ تۇرسىمۇ، تۇنۇگۈن كۆرگەن بۇزغۇنچىلىقلار، ئۆزى تارتقان خورلۇق، ھاقارەتلەر، قېرىغاندا يەۋالغان قاتتىق تاياقنىڭ ئەلىمىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئۇيقۇسى قاچقان قاسىم قاغا، تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە، سىرتقا چىقىشقا تەمشەلدى.

— يەنە نەگە بارىلا؟ — سورىدى ئايالى خەلچىخان ئېرىنىڭ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا سىرتقا چىقماقچى بولغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، — يەنە شۇ خەقنىڭ يېنىغا بارغىلىرى كەپكېتىۋاتامدۇ؟ يېگەن تاياقلىرى ئاز كەپقالدىمۇ؟ قېرىغاندا ئۆزلىرىنى بىلمەيدىكەنلا. سىلىدە بىر كىملەر بىلەن مۇشتلاشقۇدەك جان بارمۇ؟ كەلسىلە، ياتسىلا. سىلى نېمە قىلالايتتىلە ئۇ ياۋا توڭگۇزلارنى. جاجىسىنى خۇدايىم بېرەر، سىلىنى ئۇرغان قوللىرى قۇرۇپ كېتەر، تىللىغان تىللىرى ئېقىپ كېتەر ئىلاھىم. ئۆزىنىڭ بوۋىسىدەك ئادەمنىمۇ شۇنداق ئۇرامدۇ...

ئىلگىرىكى چاغلاردا خەلچىخان بۇنداق تاپا قىلغىلى تۇرسا، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا دەككىسىنى بېرىدىغان قاسىم قاغا، بۇ قېتىم ئۇنىڭ كوتۇلداشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئاخشام تامغا يۆلەپ قويغان ھاسىسىنى تايانغىنىچە ئىنجىقلاپ سىرتقا ماڭدى. ئېرىنىڭ جاھىللىق قىلىپ گېپىگە كىرمەي، بىر نېمىگە پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن خەلچىخان ئۆز-ئۆزىگە، «ئادەم قېرىغانچە مۇشۇنداق جاھىل بولۇپ قالامدىغاندۇ، بۇ ئادەمنىزە... شۇنداق قاتتىق بوران چىقىۋاتسا، يەنە نەگە بارىدىغاندۇ» دېگەنچە ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن سىرتقا چىقتى. بوران تېخىچە پەسەيمىگەنىدى. ئەتراپتا كۆيۈۋاتقان سان - ساناقسىز گۈلخانلار ئاچ قالغان بۆرە توپىنىڭ قان تولغان كۆزىدەك قىزغۇچ پارقىرايتتى. دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلىرىدىن ئايرىلىپ، تۇغما ھالەتتە كوچىغا قوغلاندى قىلىنغان نارەسىدە قىز بالىدەك يالىڭاچلىنىپ قالغان زېمىن، بۇ ئاچچىق ئەلەمدىن ئىچى ئۆرتىنىپ ھەريان تولغىناتتى. تېخى ھاشارچىلارنىڭ ئايىغى يەتمىگەن، ئەمما قاچانلا بولسا بۇ قىرغىنچىلىق خەۋپىنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەر «بىزنى قۇتقۇزۇۋال» دېگەندەك نالە قىلاتتى.

— بول، ئاتنى ئېپچىق، — دېدى كۆز ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قاراپ بىر ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈككەن قاسىم قاغا قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان ئايالى خەلچىخانغا، — شۇنداق بوران چىقىۋاتسىمۇ گۈلخان سېلىۋالغىنىنى قارا، بۇ ئەقىلسىز قارا نىيەتلەرنىڭ. پۈتۈن توقايلىقنى كۆل قىلىۋەتكۈسى بار ئوخشايدۇ. قېنى، كىم يامانكەن، بىر كۆرۈپ باقسۇن.

— مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ بىر يەرگە بارامىلا؟ — دېدى ئايالى قاسىم قاغىنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرالماي، — ئەمدى ئۇ يەرگە بارمىسىلا، گەپلىرىنى ئاڭلىمايدۇ...

قاسىم قاغا ئايالىنىڭ تېخىچە مىدىرلىمىغىنىدىن ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى يېنىك ئىتتىردى-دە، ئېغىلغا ئۆزى كىرىپ، ئالا ئايغىرنى يېتىلەپ چىقتى.

— نەگە بارسىلا تاڭ يورۇغاندا ماڭسىلا، بۇ كېچىدە ئادەمنى ئەنسىرەتمەي.

— بولۇڭلار، مەن ئاتنى توقۇپ بولغىچە ئۆيدىكى پۇلنى ئەچىقىڭلار. ئۈرۈمچىگە بارىمەن، — دېدى قاسىم قاغا غودۇرىغانچە ئۆيگە ماڭغان ئايالىغا جېكىلەپ، — بىرسى سوراپ قالسا، بىلمەي-





www.uyghurkitap.com

مەن، توغراقلىقتا كىرىپ كەتكەن دەڭلا جۇما!

قوماندانلىق ئىشتابىدىن چىقىپ، ئۇدۇل دادىسىنىڭ قوتىنىغا كەلگەن قادىر قاسىم ئاكا- ئۇكىلار ئانىسىدىن، دادىسىنىڭ بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال راستىنىلا ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتتى- دە، ئۆيدە بار پۇللىرىنى يېنىغا سېلىپ، شۇ كۈنىلا ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى. ئۇلار ئىشتاب باشلىقىنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەمەس، تاياق يەپ زەخىملەنگەن ياشانغان دادىسىغا بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. قادىر قاسىم ئىلگىرى دادىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە بىر قانچە قېتىم بارغانىدى، شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ قەيەرنى، كىمنى ئىزدەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايتتى.

قاسىم قاغا ئۈرۈمچىگە كېلىپلا، پوچتىخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆزى بىر قانچە قېتىم ئەرز يازدۇرغان كۆزەينەكلىك قېرى تەرجىماننى تاپتى- دە، توقايلىقنىڭ ئۆتمۈشىدىن ھازىرغىچە بولغان، ئۆزى بىلىدىغان ھەممە گەپنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. تەرجىمان ساپمۇساق بەش ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ:

— دېگەنلىرىڭىز راستلا بولسا، ئەرزىڭىزنى چوقۇم سورايدۇ. مەن بۇ ئەرزنامىنى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، بەك قاملاشتۇرۇپ يازدىم. سىز بۇنى ھۆكۈمەتكىلا سۇنماي، بىر قانچە يەرگە بىراقلا سۇنۇڭ، شۇنداق بولغاندا بىرسى كۆرمىسە يەنە بىرسى كۆرىدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە يەنە نەچچە تال يېزىپ بەرسىڭىز.

— مۇشۇ بولۇۋېرىدۇ، ئاۋۇ دۇكانغا كىرسىڭىز كۆپەيتىپ بېرىدۇ. توختىڭا، ئۆزۈملا باراي بولمىسا، — دېدى تەرجىمان ھېلىلا قاسىم قاغىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان ئەرزنامىنى قايتۇرۇۋېلىپ، — بىر ۋارىقىغا بەش مودىن ئالىدۇ، مەن چىققاندىن كېيىن پۇلنى بىراقلا بېرىڭ.

— بېرىمەن ئۇكام، بېرىمەن. مۇشۇ ئىشنى سورايدىغانلا بولسا نەچچە پۇل كەتسە بېرىمەن.

قاسىم قاغىنىڭ يۈز- كۆزلىرىدىكى ئىششىقلار ئازراق ياڭغان بولسىمۇ، ماڭلىيىدىكى مۇشت تەگكەندە يېرىلىپ كەتكەن جاراھەت ياللۇغلىنىپ، قىزىرىپ شەلۋەرەپ كەتكەنىدى. كۆز- قاپاقلىرى، گەجگە، بىقىنلىرىدىكى كۆكلەر بارغانچە قارىداپ، بىر قارىغان ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك بولۇپ قالغانىدى. سەرپۇش تۇمىقى ۋە كونا ماشرەڭ جۇۋىسىغا توقايلىقتا ئىچىپ كەتكەن توپىلار، ئۇنى ھېلىلا گۆردىن قېچىپ چىققاندەك كۆرسىتىپ قويغانىدى.

— نەگە بارىسىز تاغا؟

قاسىم قاغىنىڭ ئالدىنى دەرۋازىدىكى مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان قاراۋۇل توستى. قاسىم قاغا ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقالماي، قولىدىكى ئەرزنامىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— مېنىڭ ئەرزىم بار، باشلىقنى ئىزدەيمەن...

ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. قاسىم قاغىنىڭ ماڭلىيىدىكى جاراھەت ۋە كۆز- قاپاقلىرىدىكى كۆكلەرنى كۆرۈپ، مۇشۇ ياشتىكى ئادەمنى كىممۇ شۇنچە ئۇرغاندۇ؟ دەپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان، ئۇنىڭ ئىچ- ئىچىدىن ئۆكسۈپ، ھۆركىرەپ يىغلاشلىرىدىن باغرى ئېزىلگەن قاراۋۇل قاسىم قاغىنىڭ قولىدىكى ئەرزنامىنى ئېلىپ، قاراۋۇلخانىغا كىردى ۋە بىر كىملەرگە تېلېفون قىلدى.

قادىر قاسىم ئىنىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، يەردىن ئۈنگەندەكلا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئابدۇرېشىت تۇر بىلەن ساقچىخانا باشلىقى ئەسقەر غوپۇرلار پەيدا بولۇپ قالدى. قاسىم قاغىنىڭ ئەرز قىلغىلى ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھىيەدىن يېزىغا بۇيرۇق قىلىپ، قاسىم قاغىنى نەدىن بولمىسا ياندۇرۇپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن، يېزا باشلىق-

لىرى ئابدۇرېشىت تۇر بىلەن ئەسقەر غوپۇرنى ئۈرۈمچىگە يولغا سالغانىدى، ئۈرۈمچىگە قادىر قاسىملاردىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن ئابدۇرېشىت تۇر بىلەن ئەسقەر غوپۇر ئىلگىرىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن ھامان كېلىدۇ دېگەن ئۈمىدتە مارىشىپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار بۇ ئۈچ «قاغا بالىسى»نى كۆرگەندىن كېيىن سورىدى:

— داداڭلارنى تاپتىڭلارمۇ؟

ئابدۇرېشىت تۇر بىلەن ئەسقەر غوپۇرنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغان ئاكا-ئۇكىلار دادىسىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەپ قالدى. ناۋادا دادىسى ئەرزنى بىر يەرگە سۇنالماي بۇ ئىككى ئادەمگە ئۇچراپ قالسا، ياغلىما گەپلەر بىلەن ئېلىپ كېتەتتى-دە، يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تاناۋىنى تارتىپ «ھېساب» ئالاتتى.

— بىز ئۈرۈمچىگە ئەمدى كەلدۇق. مۇشۇ يەردىمىكى دەپ...

— قاسىمكامنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنى خاتا ئەمەس. ھەرقانداق پۇقرانىڭ ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. لېكىن ئەرز قىلىشنىڭمۇ تەرتىپى بار. ئاۋۋال كەنت كومىتېتىغا، ئاندىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە، ئاندىن قالسا ناھىيەگە دەپ باقىدىغان گەپ. ناھىيەدىكىلەر ھەل قىلالمىغاندا... قاسىمكام ئۇدۇللا ئۈرۈمچىگە يېنىپ كەلگەچكە ناھىيەدىكىلەر ئۇنىڭ نېمە دەردى بارلىقىدىن خەۋەرسىز قالدى. ئەگەر خەۋەر تاپقان بولسا، چوقۇم توغرا بىر تەرەپ قىلاتتى، شۇڭا سىلەرمۇ ئىزدەڭلار، بىزمۇ ئىزدەيلى.

قاسىم قاغىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەرز قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يېزا باشلىقلىرىنىڭلا ئەمەس، ناھىيە باشلىقلىرىنىڭمۇ پېيى سىرقىراپ قالدى. گەرچە ئۇلار بوز يەر ئېچىپ «ئون مىڭ مولۇق پىستە - بادام بازىسى» قۇرۇپ چىقىشنى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قارار قىلىپ، ناھىيە بويىچە ھاشار قوزغىغان بولسىمۇ، بۇ بازىنىڭ شۇنچە زور كۆلەمدىكى ئورمان ۋە ئوت-چۆپلەرنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى يۇقىرىدىكىلەر ئاڭلاپ قالسا، چوڭ خاپىلىق تارتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئويىچە بىرسى بىر نېمە دەپ قويمىسىلا، بىر ئايغا قالمىغان ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەرلەرنى تۇرتۇپ تۇزلەپ، تارىختىن بۇيان ھېچقانداق گىياھ ئۈنۈپ باقمىغان قاقاسلىق نامى بىلەن، ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە كۆز يەتمەيدىغان سالا ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە «ئۈنۈمسىز يەرلەردىن پايدىلىنىش» نەق مەيدان يىغىنى چاقىرغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ بولاتتى. بىراق بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ خىيالىدا يوق بىرى يۇقىرىغىچە سورۇپ، چاۋىسىنى چىتقا يايماقچى بولۇۋاتاتتى. ناھىيە باشلىقلىرى بۇ ھېسابنى غالىب قاتارلىق كىشىلەردىن ئالماقچى بولۇشقاندەك ھە دېسىلا يېنىچە، قىرىچە تېگىپ، ئۇلارنى ئەندىشىگە سالماقتىدى. قاسىم قاغا ئەرز قىلغىلى كەتكەندىن كېيىن غالىبنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىمۇ ئۆچكەن، مىجەزى تېخىمۇ چۇسلاپ كەتكەنىدى. ناۋادا بىرسى يولىيورۇق سورىغىلى ياكى ھال-ئەھۋال ئېيتقىلى كىرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ئۇلارغا چالۋاقاپ ۋارقىراپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشخانىسىمۇ بىر قانچە كۈندىن بۇيان خېلى جىمىپ قالغانىدى. ئاخشامدىن بۇيان قاسىم قاغىنىڭ چوڭ باشلىق بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەن غالىب بۈگۈن ئەتىگەن ئىشقا كەلگەندىن كېيىنمۇ، يەنە شۇ قاغىنىڭ «يامانلىقى» توغرىسىدا خىيالغا پاتقانىدى.

— بىز ئۇنى تاپالماي يۈرسەك، — دېدى ئابدۇرېشىت تۇر تۈنۈگۈن قاسىم قاغىنى تاپقانلىقى توغرىسىدا تېلېفوندا دوكلات قىلىپ، — بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ ئۇششۇقنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرۈپ، «ئەرزىمىز بار» دەپ دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرۇۋېتىپتىكەن، بىر قانچەيلەن


www.uyghurkitap.com

چىقىپ، ئۇلارنىڭ قاسىم قاغىنى سۈرۈشتە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ كىشىنىڭ 2 - دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىز ئۇلارغا ئەگىشىپ 2 - دوختۇرخانىغا كەلدۇق. قاسىم قاغىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئەرزنامىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازا ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتىمىش. ئۇنى كەتكۈزەلمىگەن قاراۋۇللار بىر يەرگە تېلېفون قىلىپ، بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتىمىش. ئۇ كىشى ئۆزىنى رەھبەر دەپتىمىش. باشلىق قاغىنىڭ يۈز-كۆزلىرى ۋە بەدىنىدىكى زەخمىلەرنى كۆرۈپ، كاتىپىغا ئۇنى دوختۇرخانىدا داۋالىتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتىمىش. قاسىم قاغا ھازىر ئايرىم ياتاقتا ياتىدىكەن. جاراھەتلىرى ساقىيىپ، چىرايلىرىمۇ ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئىككى سېستىرا مەخسۇس قارايدىكەن. بىز ئۇنى ئەكېتەيلى دېسەك، ھېلىقى ئىككى سېستىرا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار قوشۇلمىسا، ئاچىقىپ كەتسەڭلار بولمايدۇ دەيدۇ...

بۇ باشلىقلار نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟ ئانچىكىم بىر ئادەملەر ھال ئېيتىپ بېرىپ قويغانغا... ئادەم ئۆششۇق بولۇۋالسىمۇ بولامدۇ نېمە؟ ھېلىقى باشلىق كىم، قاسىم قاغا كىم؟ ئۇ كىشىنى مەن ئەمەس، ھاكىملارمۇ تېلېۋىزوردا ياكى يىغىن سەھنىسىدە كۆرگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە قولىنى تۇتۇپ، ئىككى ئېغىز ئەھۋال سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇنداق پۇرسەت ھەتتا ماڭىمۇ نېسىپ بولغان ئەمەس... ماۋۇ قاغا دېگەن جاھانغا شۇنداق بىر يارىلىپ قالغان بەندىكەنغۇ. خۇددى جاڭگال جىنى چاپلاشقاندەك توغراق، يۇلغۇن، ئوت-چۆپ دېسە جاندىن كېچىشتىن يانمايدۇ... ئۇ ھېلىقى باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپلا مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋالغان بولسا كېرەك... ئۇلار بۇ ئىشنى شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلارمۇ ياكى قويرۇقىغا ئېسىلىۋېلىپ تەكشۈرۈپ يۈرەرمۇ؟... تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن جۇما... غالىب تورۇستا لەيلەپ يۈرگەن تاماكا ئىسلىرىغا قاراپ شۇلارنى خىيال قىلىۋاتقاندا، تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ تېلېفوننى ئالىم كاتىپ ياكى بېشى ئىششىپ قالغان بىرەر سېكرېتاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان غالىب تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپلا ئادىتى بويىچە سوغۇقلا ۋارقىرىدى:

— ھە، كىمۇ؟

— مەن، مۇختار قادىر...

مۇختار ھاكىمنىڭ گېپىدىن تويتوغراق يېزىسىدىن يەتمىش نەچچە ئادەمنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەرز قىلغىلى بارغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نېمىگە ئەرز قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن غالىبنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئاستا قويۇپ، پېشانىسىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتكەچ خىيالغا پاتتى. ھېلىقى ئۆششۇق قاغىنىڭ ئىشىدىن بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، بۇ خەققە نېمە ئىش بولغاندۇ ئەمدى؟ يەنە شۇ قايسى كۈنىدىكى ئۆستەڭگە تاقاق سېلىۋالدى، يېرىمىزنى ئوسا قىلالمىدۇق. بانكىدىن ئالغان قەرزنى قانداق قايتۇرىمىز، يەر پۇلىنى قانداق تۆلەيمىز، ئۆيدىكى بەش جاننى قانداق باقىمىز... دېگەن گەپمىدۇ ياكى يەر پۇلىنى ئارتۇق يىغىۋالدى، سۇ قويمىغان يەرگىمۇ سۇ ھەققى ئالدى. بۇغداي - قوناقنى خام ئوردۇرۇۋەتتى، كېۋەزنى بالدۇر بۇزدۇرۇۋەتتى، ھاشارنى كۆپەيتىۋەتتى... دېگەندەك كونا گەپلەرمىدۇ؟...

غالىب شۇلارنى ئويلاپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قايتا قولىغا ئالدى-دە، نومۇرلارنى بېگىز بارمىقى بىلەن چىڭ-چىڭ بېسىشقا باشلىدى.

— ياخشىمۇ سىز يېزا باشلىقى.

— ھەرقايسىڭ نېمىش قىلىۋاتىسەن؟ يۇندىغا چېلىشىپ يېتىشتىڭمۇ ياكى بادرا ئاقلىشىۋالتامسەن؟

غالىبنىڭ تېلېفوننى ئېلىپ، چىرايلىق ئەھۋال سورىغان ئابدۇرېشىت تۆر، ئۇنىڭ سېسىق گېپىدىن رەنجىدىمۇ ياكى نېمە دېيىش توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىمۇ جىمىپ كەتتى. غالىب ئۆزىنى باسالماي يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر ھەپتە بولاي دېدى، ئۇرۇمچىدىن ئۇلۇمتوك بىر قېرىنى ئەكىلىشەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، دېھقانلارنى يېنىڭغا توپلىشىپ نېمىش قىلىشماقچىدىڭ؟ شۇنداق قىلسام بېشىنى يەپ، ماڭا ئورۇن بوشتامدىكى دېيىشتىڭما؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، — دېدى ئابدۇرېشىت تۆرمۇ غالىبنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىگە ئالغاندەك، — بىز ئاخشامدىن بېرى ماۋۇ ئۇششۇقنى گەپكە كىرگۈزەلمەي ئاۋارە بولۇشۇۋاتساق، نەدىكى ئادەملەرنى يېنىمىزغا توپلىۋاپتىمىز؟ پەقەت شۇ ھېلىقى ئۇششۇقنىڭ ئۈچ ئوغلى بار. ئۇلارنى يېنىمىزدىن ئايرىمايۋاتىمىز. بىزدىن بەك رازى بولمىسىلا...

— مۇختار ھاكىم — ھېلىلا ئۇقتۇردى. بىزنىڭ يېزىدىن يەتمىش نەچچە ئادەم ئۇرۇمچىگە بېرىۋاپتۇ، — دېدى غالىب خۇددى يىغىندا سۆز قىلىۋاتقاندەك ئۇنلۇك ۋە ئالدىرىماي سۆزلەپ، — سىلەر ھازىرلا ئۇ خەقنى تېپىڭلا ھەمدە بۇ ئىشنى ناھىيەنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەممە ئۇششۇقلارنى ياندۇرۇپ كېلىڭلا. ئۇ خەققە نېمە شەرتىڭلار بولسا ئورۇندايمىز دەڭلار، قالغان ھېسابىنى كەلگەندە ئۆزۈم ئالىمەن.

غالىب شۇلارنى دەپ، ئابدۇرېشىت تۆرنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىمايلا تېلېفوننى قويىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولۇۋاتاتتى.

* * *

بىر ھەپتە ئىلگىرى شىمال تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قاتتىق بوران ئۇدا ئۈچ كۈن چىققاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا پەسىيىشكە باشلىغانىدى. بوراندا ئۈچۈپ كۆكتە لەيلەپ قالغان قىزغۇچ توپا - چاڭلار قويۇق نۇرنى توسۇۋالغان بولۇپ، ھاۋامۇ سوۋۇپ كەتكەنىدى. تېرىلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان كېۋەزلىكلەرنىڭ يوپۇقلىرى ئەتراپتىكى تېرەك ۋە جىگدە شاخلىرىدا توختىماي پالاقلايتتى. ئۆزىنىڭ بانكىدىن ئالغان قەرزلىرى، كەنتكە تاپشۇرىدىغان يەر ھەددە پۇلىنى، يېڭى ئۆي سېلىش، بالا - چاقىلىرىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىش، يىلدا بىر قېتىم بولسىمۇ مايلىق گۆشتىن تويغىچە يەۋېلىشقىچە ھەممە خىراجەت ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى لەيلەپ تۇرغان ئاشۇ سولياۋ يوپۇق ئاستىدىكى قارا چېكىتكە باغلىغان دېھقانلار يوپۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، يالاڭئاچلىنىپ قالغان ئېتىزلارغا قاراپ، مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەندەك شۈمشىيىپ كېتىشكەن ئىدى. بۇرۇنراق تېرىلغان يەرلەردىن ئۈنۈشكە باشلىغان كېۋەز مايسىلىرىنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى بوران ۋە يوپۇقلارنىڭ تارتقۇچلىشى بىلەن سۇتا بولۇپ قالغان بولۇپ، سوۋۇغان ھاۋادا ئۇششۇشكە باشلىغانىدى. تېخى بىخ سۈرۈپ ئۈنۈشكە ئۈلگۈرمىگەن چېگىتلەر بوراننىڭ دەھشىتى ۋە ئۇششۇكنىڭ چېقىشىدىن قورقۇپ، يەر ئاستىدىلا سېسىپ تۈگىشىشكە رازى بولغاندەك پاختىلىشىشقا باشلىغانىدى. غالىب ئۈچۈن بۇ ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ئەھۋال ئىدى. بوران چىقامدۇ، يالتىراق ئۇچامدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. پەقەت ناھىيەدىكىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن قايتا تېرىش خىزمىتىنى ئىشلەپ قويسىلا، باشقا ئىشلارنى دېھقانلار ئۆزلىرى بىر نېمە قىلاتتى. بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى، بىراق ئۈرۈمچىگە ئەرز قىلغىلى بېرىۋالغان دېھقانلارنىڭ ئىشىغا سەل قاراشقا بولمايتتى. ناۋادا ئۇلار ئەرز قىلغان ئىشلار يۇقى-

www.uyghurkitap.com

ـرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، تەكشۈرۈش گورۇپپىسى ئەۋەتىپلا قالسا، غالىب ئەمەس، ناھىيە باشلىقلىرىغىمۇ قامچا تەگمەي قالمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئاشۇ خەقتە قالغانىدى. ئابدۇرېشىت تۇرنىڭ ئاخشام دوكلات قىلغىنىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئەرزخورلارنى ئېلىپ كېچىچە كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، غالىب سەھەردىلا ئىشخانىسىغا كەلدى. ئىشخانىدىكى ئۈستەل، ئورۇندۇقلاردىن تارتىپ ھۆججەت، ماتېرىياللارغىچە ھەممىسى بىر قەۋەت توپا ئاستىدا قالغان بولۇپ، تازىلىقچى ئايال ھەدەپ توپىلارنى سۈرتۈۋاتاتتى. غالىب تاقەتسىزلىك بىلەن يانفونىنى ئېلىپ، ئابدۇرېشىت تۇرغا تېلېفون قىلدى. «ئۇششۇق»لارنى ئېلىپ، يېرىم كېچە بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئىشخانىسىدىلا تۈنەپ قالغان ئابدۇرېشىت تۇر ئەسقەر غوپۇرنى ئېلىپ غالىبنىڭ ئىشخانىسىغا چىقتى.

— ھەممىسىنى ئەكەلدىڭلارمۇ؟ — سورىدى غالىب قىسقىلا ئەھۋال سورىشىشلاردىن كېيىن ئىككىسىگە بىر تالدىن تاماكا تۇتۇپ، — ئۇلارنى نەگە سولاپ قويدۇڭلار؟

— ھەممىسىنى ئەكەلدۇق. ھېلىقى قاسىم قاغا دېگەن ئۇششۇقنىمۇ ئەكەلدۇق، — دېدى ئابدۇرېشىت تۇر تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، — تۈن يېرىمىدا كېلىپ، ئۇلارنى بىر يەرگە يۇغۇشتۇرالماي، يىغىن زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىككى ساقچىنى قاراشقا قويۇپ قويغان، ھېلىمۇ شۇ يەردە.

— ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ باشلامچىسىدىن بىر قانچىنى ئايرىپ چىقىڭلار، — دېدى غالىب بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ، — باشلامچىلىرىنى ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىگە يوللاپ بېرەيلى. قالغانلىرىنى ئاشۇ يىغىن زالىدا بەش، ئون كۈن «ئۆگىنىش»كە تەشكىللەپ، تاكى «بولدى داد، ئەرز قىلغانغا تويدۇم، ئىككىنچى ئەرز قىلمايمەن» دېگىچە «تەربىيەلەپ» قويايلى.

— بۇنداق قىلساق، — دېدى ئابدۇرېشىت تۇر ئۆز پىكرىنىڭ غالىبقا ياقىدىغان - ياقمايدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك تۇرۇپ قېلىپ، — ئىشنى تېخىمۇ يوغىناتتۇۋالامدۇق قانداق؟

— بۇ پىلانىمنى ئالدىنقى كۈنى چىن شۇجىگىمۇ ئېيتقان، — دېدى غالىب پەرۋاسىزلا تاماكىسىنى شوراپ، — ئۇ، ئۆزىڭىز باش بولۇپ ياخشى بىر تەرەپ قىلىڭ، دېگەن. «ياخشى بىر تەرەپ قىلىڭلار» دېگىنى، يەنە ئەرز قىلغىلى كېلىۋالمىسۇن، باشلىقلارنىڭ ئىشى جىق، ئۇلارنى ئاۋارە قىلماڭلار دېگىنى. شۇنىمۇ ئويلاپ يېتەلمىدىڭلارمۇ؟ مەن دېگەندەك بولسۇن، ئاۋۋال بۇ ئىشلارنى مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۆيلىرىڭلارغا بېرىپ كېلىڭلار.

غالىب يەنە ئېغىز ئاچقۇدەك ئىمكانىيەت قويمىغان ئىدى. ئابدۇرېشىت تۇر بىلەن ئەسقەر غوپۇر بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىشخانىدا يالغۇز قالغان غالىب ئۆزىنى ئەندىشىگە سالغان ئۇششۇقلارنىڭ ھېچ ئىش قىلالماي، يەنە ئۆز چاڭگىلىغا قايتىپ كەلگەنىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك، يوغان بىرنى ئۇھ تارتتى - دە، دىققاق گەۋدىسىنى خۇرۇم ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە شۇنداقلا تاشلىۋېدى، ئورۇندۇق بىردىنلا ئارقا تەرەپكە قىيسىيىپ، بوۋاقلارنىڭ بۆشۈكىدەك تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئورۇندۇق ئۈستىدە يېنىك تەۋرىنىپ، قايسىدۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ ياتقان غالىب، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇششۇقلارنىڭ ئەدىپىنى قانداق بېرىش توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلىدى.

— تاك، تاك، تاك.

غالىبنىڭ خىيالىنى ئىشخانا ئىشىكىنىڭ يىنىك چېكىلىشى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ئورۇنلۇقتىن ئۆرە بولۇپ ۋارقىرىدى:

ــ ھە، كىرىڭ!

ئىشىك ئېچىلىپ ئالىم كاتىپ كىرىپ كەلدى.

ــ نېمىش بولدى؟ ئادەمنى ئارامىدا قويماي.

ــ ناھىيەدىن ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتىكەن.

ــ شىرە ئۈستىگە قويۇپ قوي.

ئالىم كاتىپنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. غالىب ئۇنىڭغا ھومىيىپ قويۇپ، بىر تال تاماكا ئالدى-دە، ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىرنى قېنىپ شورىۋېتىپ دېدى:

ــ بىلسەم-بىلمىسەم بوراننى توختىتىڭلا، سۈنى كۆپەيتىڭلا دېگەندەك نېمىدۇ ھەقىچان، بوران توختاۋاتىدۇ، سۇ تاغدىن چۈشۈۋاتىدۇ. بولدى، چىقىپ كەت.

ــ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىدىكەن، ــ دېدى ئالىم كاتىپ غالىبنىڭ ھازىر شۇنداق دەپ قويغان بىلەن، چاتاق چىققاندا نېمىشقا ئۇچۇق دېمىدىڭ؟ دەيدىغان مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۇقتۇرۇشنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ، ــ يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىدىكەن.

ــ ئۇرۇمچىدىن؟ ــ سورىدى غالىب سەل جىددىيلىشىپ، ــ نېمىنى تەكشۈرىدىكەن؟ ــ ئۇ ئۇقتۇرۇشنى قولىغا ئېلىپ چىچاڭشىپ، ئۇقتۇرۇشنى ئالىم كاتىپقا قارىتىپ ئاتتى، ــ نېمىش قىلىدىغان نېمە سەن؟ تەرجىمە قىلىپ ئەكىرسەڭ بولمامدۇ مانداق... ئۇيانىدىن ئەۋەتىپ بولغىچە بۇيانىدىن يۇگۇرۇپلا كىرگىچە...

ــ جىددىي بولغاچقا كېچىكتۇرمەي دەپ ئەكىرىپتىمەن.

ــ ئالە، ئۆزۈڭ ئوقۇ!

ئالىم كاتىپ ئۇچۇپ ئىشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا چۈشكەن ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ، ئاساسىي مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەردى.

غالىبنىڭ ئىلىشىپ قالغان ئادەمدەك باش-ئايىغى يوق غۇدۇراپ، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئالىم كاتىپ يەنە بىر نېمە دېسە، كۆڭلىنى چىگىشۋېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدا يالغۇز قالغان غالىبنى غەم باستى. ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى يولغا سالغان، ئەگەر شۇنداق گۇرۇپپىلار بولسا ئىدى، ئالىم كاتىپنىڭ قاتۇرۇپ يازغان دوكلاتىنى كېكەچلىمەي ئوقۇپ بېرىپ، كايىپ كەتسە ئوغلاق، پاقلان سويۇپ، نەچچە يەشىك ھاراق ئىچۈرۈپلا يولغا سېلىۋېتەتتى. بىراق بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى.

غالىب ئويلىغانچە چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزى بۇ يېزىغا باشلىق بولغاندىن بۇيان قىلغان ئەتكەنلىرى، قانۇنغا، سىياسەتكە، قائىدە-نىزام ۋە كىشىلىك ئەخلاققا خىلاپ دەپ قارايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئەگەر بۇ ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا، ئۇ ئېتىلىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئون يىلدىن ئارتۇق كېسىلىپ كېتەتتى. يۇرتنى تىترىتىدىغان سۈر - ھەيۋىسى، ئالىي ماشىنىلىرى، تېخى پۈتمىگەن ھەشەمەتلىك قورۇ - جايى، ماۋۇ ئىشخانا، ماۋۇ يۇمشاق ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسى چۈشتەك بىراقلا غايىب بولاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇرۇپلا جىنايەتچىلەرنىڭ قولىغا سېلىنىدىغان كويزىنىڭ قولنى ئاغرىتىدىغان، ئاغرىتمايدىغانلىقى، سوتچىلارنىڭ ھۆكۈم ئېلان قىلغاندىكى سۈرلۈك تونقىمىقىنىڭ ئاۋازى، تۈرمىنىڭ سوغۇق ياكى ئىسسىقلىقى، گۇندىپايلارنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى... دېگەندەك باش-ئايىغى يوق، قورقۇنچلۇق چىگىش خىياللار كىرىۋالغانىدى.

(ئاپتور مارالبېشى ناھىيەلىك يېزا ئامانەت-قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىدا)

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**



# قورقۇنچلۇق بىنا

ئابۇزەر تۇرسۇن

(هېكايە)

ئۇلار بۇ بىنادىن ئۆي سېتىۋالغىنىغا شۇنداق خۇشال بولۇشتى. بىنا شەھەرنىڭ غەربىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ ئورنىغا سېلىنغان ئىدى، ئاۋۋال قەبرە ئىگىلىرىگە ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ، قەبرىستانلىقتىكى جەسەتلەر شەھەرنىڭ باشقا بىر يېرىگە كۆچۈرۈلدى. ئاندىن بۇ بىنا سېلىندى. بۇ چىرايلىق سېلىنغان بىنادىن ھەممىلا كىشىنىڭ ئۆي سېتىۋالغۇسى كېلىپ تۇراتتى. چۈنكى بىنانىڭ ئورنى ياخشى بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ يېشىللاشقان يەرلىرى ھېسابلىناتتى، بىنادىن ئانچە يىراق بولمىغان جايلاردا مېۋىلىك باغلار، شىپاخانىلار، ھەر خىل سەيلىگاھلار بار ئىدى. شاۋقۇن-سۈرەنلىك شەھەر مەركىزىدىن يىراق بۇ جايغا جەمئىي ئون يۈرۈش بىنا سېلىندى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ جايدىن ئۆي ئېلىشقا قىزىقىۋاتاتتى.

ئۇلار بۇ ئون يۈرۈش بىنانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىنادىن ئۆي سېتىۋالدى. ئۇلار مۇشۇ بىنا بويىچە ئەڭ ئاۋۋال ئۆيىنى بېزىدى، بىر يېرىم ئايدىن كېيىن بېزەش ئىشى ئاياغلاشتى، ئۇلار ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

ئۇلار خۇشال ھالدا تۇنجى كۆچۈپ كىرگەن كۈننى تەبرىكلىدى. ئۇلار بىنا ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇيان-بۇيان مېڭىپ باشقا ئىشىكلەرگە قاراپ باقتى، ئەمما تېخى ھېچكىم كۆچۈپ كەلمىگەن ئىدى، ئۈچ ئىشىكلىك، 40 كىشىلىك بۇ بىنادا ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.

كەچ كىردى، گۇگۇم چۈشتى، نويابىر ئېيىدىكى قاراڭغۇلۇق جاھاننى تېزلا قاپلىدى.

ئايالى ئۈچ ياشلىق ئوغلىنى ئۇخلىتىپ بولۇپ ئاستاغىنە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— مەن قورقۇۋاتىمەن، پۈتۈن بىنا بويىچە بىزلا كۆچۈپ كىرىپتۇق، — دېدى.

— نېمىدىن قورقىسەن؟ — دېدى ئېرى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ.

ئون يۇرۇش بىنا ئىچىدە پەقەت بۇ بىنالا ئالاھىدرەك سېلىنغان بولۇپ، خۇددى ئىدارە، ئورگانلارنىڭ ئىشخانا بىناسىدەك سىرتتىكى بىر ئىشىكتىن ھەممە قەۋەت ۋە ئۆيلەرگە چىققىلى بولاتتى، باھاسىمۇ باشقا بىنالاردىن تۆۋەنرەك ئىدى.

كەچ سائەت ئون بىر بولدى، ئۇلار ئورۇنغا كىرىپ ياتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى.

كېچە سائەت بىر يېرىم بولغان چاغدا ئايالى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن! — دېدى ئۇ ئالاقزادىلىك بىلەن.

— نېمە بولدى؟ — ئەر ئۇيقۇچان كۆزلىرى بىلەن ئايالىغا تىكىلدى.

— ئوغلىمىز يوق؟

— يوق گەپنى قىلمىغىنا؟

ئايال ئەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ياندىكى ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى، ئۇلارنىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلى ھۇجرىسىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

— ساراڭ خوتۇن، ئادەمنى چۆچۈتۈپ، ئەنە، بالا بىر تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتىغۇ؟ — دېدى ئېرى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئايالى مەيدىسىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھاسىرىشى تېخى پەسكويغا چۈشمىگەندەك قىلاتتى.

— مەن بايا بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆردۈم.

— قانداق چۈش؟ — سورىدى ئېرى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى تامامەن ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوغلىمىز ياتقان ئۆيگە كىرسەم، ئۇ يوق ئىكەن، ئۇنى ئىزدەپ ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قاراپتىمەن، ئەمما يەنىلا ئۇنى تاپالماپتىمەن. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىكەن. ئاخىر زالغا چىقىپتىمەن، تۇيۇقسىز ئۈستۈمدىكى قەۋەتتە بىر توپ ئەر-ئاياللارنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ قاپتىمەن، ئاستا پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۇ ئۆينى تېپىپتىمەن، قارىسام، بۇ ئۆي دەل بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۈستىدە ئىكەن. ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىكەن، ئۆينىڭ مېھمانخانىسىدا چوڭ بىر يۇمىلاق شىرە قويۇقلۇق ئىكەن. شىرەنى چۆرىدەپ بىر مۇنچە ئەر-ئاياللار ئولتۇرۇشۇپتۇ، شىرە ئۈستىدە ھەر خىل قورۇمىلار، ئاق ۋە قىزىل ھاراقلار، مېۋە-چېۋىلەر تىزىقلىق ئىكەن. مەن ئوغلۇمنى ئىزدەپتىمەن ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلاپتىمەن، ئۇشتۇمتۇت ئوغلۇمنىڭ ئاشۇلار ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتىمەن، ئۇ غېمىدا يوق ئويناۋاتاتتى، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا تورتتىن بىر پارچە كېسىپ تەخسىسىگە سېلىپ قويغان ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاشۇ تورت پارچىسىنى يەۋاتقان بولۇپ، ئاغزى، بۇرنى تورتنىڭ قايمىقىغا مىلەنگەن ئىدى. ئۇ ماڭا لەپ قىلىپ قاراپ قويدى-دە، يەنە تورت يېيىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قولىدىن تارتتىم - دە، يۆلۈپ ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ مەندىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ شىرەنى پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنى قوغلىدىم، ئەمما ئۇ تۇتۇق بەرمەي بىر كىشىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى، بۇ دەل قايسى يىلى بىز كۆرگەن قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان ئادەم ئىدى. ئېسىڭىزدىمۇ؟ — ئۇ ئېرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

— قايسى ۋەقەنى دەيسەن؟

— قايسىبىر يىلى بىز قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە تاغقا چاققا تېيىلغىلى چىقىپ كەچ قالدۇق، بىز ماشىنىدا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتۇق. شېھىتدۇڭ دېگەن يەردىكى ئايلانمىدا ئالدىمىزدا كېتىپ بارغان ئىككى ماشىنا سوقۇلۇپ كەتتى، سىز ئارانلا تورمۇز قىلىپ ماشىنىنى چەتكە توختاتتىڭىز، سانتانا ماركىلىق ماشىنا بىلەن قىزىل بايراق ماركىلىق ماشىنا ئۆرۈلۈپتىكەن، قىزىل بايراق ماركىلىق ماشىنىنىڭ ئالدى پۈتۈنلەي چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئېسىڭىزدىمۇ؟ — ئۇ يەنە ئېرىنىڭ كۆزىگە سىنچىلاپ قارىدى.

— ھەئە، ئېسىمدە، — ئېرى ئۇيقۇچان كۆزىنى ئايالىغا تىكتى.

— ئاشۇ چاغدا سىز ماشىنىدىن چۈشمەكچى بولغان ئىدىڭىز، مەن ئۈنىمىدىم، مېنى بىللە چۈشۈشكە دەۋەت قىلغانتىڭىز، مەن قاندىن قورقمەن، بولدى، ماشىنىدىلا ئولتۇراي دېدىم. ئەمما يەنىلا قورقۇنچۇمنى يېڭىپ سىزگە ئەگىشىپ چۈشتۈم. كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئىدى. قىزىل بايراق ماركىلىق ماشىنىدا بىرلا كىشى بولۇپ، ئۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىلا جېنىدىن ئايرىلغاندەك قىلاتتى. ئەمما سانتانا ماركىلىق پىكاپتا ئۈچ كىشى بولۇپ، شوپۇر ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشى نەق مەيداندا ئۆلگەن، ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىشى پۈتى سۇنغانلىقتىن قان ئىچىدە قىمىر قىلالماي يېتىپتىكەن. ئۇ توختىماي ئىڭرايتتى، مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چىدىيالماي ماشىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتىم، بىر هازادىن كېيىن سىز ئۇ پىكاپتىن بىر سومكىنى ئالدىڭىز ۋە قايتىپ ماشىنىغا كىردىڭىز، ئاندىن سومكىنى ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدىڭىز. نېمە ئۇ دەپ سورىۋېدىم، سىز ئاۋۇ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى كىشى شەھەردىكى XX ئىدارىدە ئىشلەيدىكەن، بۇ سومكىدىكى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان مۇهىم هۆججەت ۋە تالونلار ئىكەن، ئۇ ئۆلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، مۇشۇنى مەن ئىشلەۋاتقان ئىدارىگە ئاپىرىپ بېرىڭ دېدى، دېدىڭىز. ئەمما ماشىنىمىز قوزغىلاي دېگەندە، مەن ئۇ كىشىنىڭ قانغا بويالغان چىرايىنى بىز ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە يېقىپ قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرىغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ كېچە ناهايىتى قاتتىق بوران چىقىپ تۇراتتى. ماڭا هېچنېمە ئاڭلانمىدى. ئۇنىڭ شۇ كېچىدىكى چىرايى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ قانغا بويالغان قولىنى ماشىنا ئەينىكىگە سۈركەپ يىقىلىپ چۈشتى، سىز ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىڭىز ۋە قولىڭىزنى ئۇنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئەكەلدىڭىزدە، ماڭايلى دەپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ قوزغىلىپ كەتتىڭىز. شۇكۈنى مەن سىزگە ئاچچىقلىدىم ۋە نېمىشقا ساقچىغا تېلېفون قىلىپ ئەهۋالنى مەلۇم قىلمايمىز؟ دەپ سورىدىم، ئەمما سىز ئۆزىمىزگە ئىش تاپمايلى، بىكار ساقچىلار بىزنىمۇ ئاۋارە قىلىپ قويۇپ بەرمەيدۇ دېدىڭىز. چۈشۈمدە دەل ئاشۇ ماشىنا ئەينىكىنى ئۇرۇپ ۋارقىرىغان كىشى ئالدىمدا دىۋەيلەپ تۇرۇۋالدى، ئۇ ئوغلىمىزنى ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ماڭا ئاشۇ كېچىدىكىدەك قانغا بويالغان چىرايى بىلەن دەھشەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ تۇردى. مەن قىمىر قىلالمىدىم، ۋارقىرىسام ئاۋازىم چىقمايدۇ، ئۇ كىشى ۋە يەنە بىر ئۇزۇن قارا چاچلىق ئايال بىز بىلەن يۈر دەپ ئىككى قولۇمنى چىڭ تارتتى، مەن قورقىنىمدىن قانچە ۋارقىرىساممۇ ئاۋازىم چىقمىغۇدەك، ۋارقىراپتىمەن، تېپىرلاپتىمەن، ئاخىر ئويغىنىپ كەتتىم، ئويغانسام چىلىق-چىلىق تەرلەپ كېتىپتىمەن.

ئېرى ئايالىنىڭ بۇ ئۇزۇن هېكايىسىنى گەپمۇ قىلماي تىڭشىدى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلىپ:

— هېكايەڭ تۈگىگەن بولسا ئۇخلايلى خوتۇن، — دېدى.

ئايالى ياتتى. ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈشتىن بۇرۇن سائەتنىڭ نەچچە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ بېغىشىدىكى سائەتكە قارىدى ۋە تۇيۇقسىزلا:

— ۋاي ئانامەي! — دەپ چىرقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىككى قولىنىڭ بېغىشى قىپقىزىل بولۇپ، ئۈچ بارماقنىڭ ئىزى چىقىپ قالغان ئىدى.

ئەرنىڭ قورقۇنچتىن تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— نېمە ئىش بۇ خوتۇن؟ سەن چۈشۈڭدە ئىككى كىشى قولۇمدىن تارتتى دەۋاتاتتىڭ...

ئايال قورقىنىدىن يىغلاشقا باشلىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى ۋە قايناق سۇنى ئىستاكانغا قۇيۇپ كارىۋىتى بېشىغا كەلدى، ئۇ ئىختىيارسىز يەنە ئورنىدىن قوپۇپ

ئوغلى ياتقان ئۆيگە قارىدى.

ئوغلى ئورنىدا يوق ئىدى.

ئايالى چىررىدە چىرقىرىۋەتتى ۋە ئېرىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

ئۇلار شۇ چاغدىلا بايا خوتۇنى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ قىيا ئېچىلىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، سوغۇق شامال ئۆي ئىچىنى ئاللىقاچان مۇزلىتىۋەتكەن ئىدى.

ئۇلار كىيىملىرىنى ئالدىراش كىيدى ۋە زالغا چىقتى، ئۇلارنىڭ ئۆيى 3-قەۋەتتە، پۈتۈن بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىدىكى ئىشىكتىن كىرىپ ئوڭ تەرەپتىكى پەلەمپەيدىن ئۆيگە چىقاتتى، ئايال شۇ تاپتا بايىقى چۈشىگە تېخىمۇ ئىشىنىشكە باشلىدى.

— بىز بايا مېنىڭ چۈشۈمگە كىرگەن ئۈستىمىزدىكى ئۆيگە كىرىپ باقايلى.

— نېمىشقا، سەن چۈشۈڭگە ئىشىنىۋاتامسەن؟

— ھەئە، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئاشۇ ئۆيدە ئادەملەر ئولتۇرغاندەك، بىر ئولتۇرۇش بولغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

ئۇلار بىنانىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىكى پەلەمپەيدىن ئاستا 4-قەۋەتكە چىقتى ۋە شىپىلداپ مېڭىپ دەل ئۆزلىرىنىڭ ئۆينىڭ ئۈستىدىكى ئۆيگە كەلدى، ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى.

— بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى قانداق ئېچىلىپ قالدى؟ ئەجەبا مەسئۇل خادىملار بۇ ئۆينى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟

ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى قورقۇنچتىن قاتتىق دۈپۈلدەۋاتاتتى، ئۇلار بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئاستا ئىلگىرىلەپ ئۇ ئۆينىڭ مېھمانخانىسىغا كىردى.

— ئاھ خۇدا، مېنىڭ چۈشۈم! — ئايال شۇ زامات ھوشىدىن كەتتى. ئېرى دەرھال ئۇنى يۆلىۋالدى. مېھمانخانا ئۆيدە ساغۇچ يېنىپ تۇرغان چىراغ بۇ ئۆيگە گۇڭگا تۈس كىرگۈزگەن ئىدى. ئوتتۇرىدا چوڭ يۇمىلاق شىرە تۇراتتى، شىرە ئۈستىدە ھەر خىل بوتۇلكىلار بولۇپ، بەزى بوتۇلكىلاردا يېرىمى ئېشىپ قالغان ھاراقلار تۇراتتى. ھەر خىل قورۇمىلار، يوغان تورتنىڭ ئاستىدىكى قەغەز تەخسىسى، ئاشقان تورت پارچىلىرى كىچىك-كىچىك قەغەز تەخسىلەردە، تورت بىلەن قوشۇپ بېرىلگەن سولياۋ ۋىلكا-پىچاقلار بىلەن بىللە تۇراتتى، ئەر ئادەتتە شۇنچە يۈرەكلىك بولسىمۇ، ئەمما ھازىر قورقۇنچتىن پۇتلىرى دىر-دىر تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئايالىنى يۆلەپ دەرھال ئارقىغا ياندى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى، ئەمدى بۇ ئۆيدە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، ئۆي ئىچىدىن ناھايىتى سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، ئۇ قاتتىق ئەجەبلەندى، ئۇ ئاستا ئايالىنى يۆلەپ ئۆيىگە چۈشمەكچى بولۇپ بىرىنچى پەلەمپەيدىن ئەمدىلا چۈشۈۋىدى، ناھايىتى جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاڭلانغاندەك قىلدى، ئۇ ئىتتىك بۇرۇلدى، ئەمما كۆزىگە تىمتاس زالدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، ئايالى چۆچۈپ ھوشىغا كەلدى.

— بالام، بالام قېنى دادىسى؟ تاپتىڭىزمۇ؟ مەن نېمە بولدۇم؟ — ئۇ ئەسەبىيلەشكەندەك توختىماي سوئال سورايتتى. ئېرى ئۈنچىقمىدى، بايىقى جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. بۇ قېتىم تېخىمۇ ئوچۇق ئاڭلاندى. ئايال قورقۇنچتىن تىترەپ ئاغزى گەپكە كەلمەي:

— يۇ... رۇ... ڭە، بى... بىز ئۇ... ستۈنكى قە..قەۋەتكە چىقايلى، — دېدى ئارانلا.

— ماقۇل.

ئۇلار ئاستا پەلەمپەيدىن ياماشتى، ھەر ئىككىسىنىڭ قەدەملىرى شۇنچىلىك جانسىز ئىدى. ئۇلار ئاستا-ئاستا پەلەمپەيدىن يامىشىپ 5-قەۋەتكە چىقتى، 5-قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىمۇ شۇنداق يېڭى بولۇپ، ھەممىسىلا ئېتىكلىك ئىدى. باشقا قەۋەتلەرگە ئوخشاش تېخى ئادەم كۆچۈپ كەلمىگەن ئىدى.

بايىقى جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. بۇ قېتىم ئاۋۋالقى ئىككى قېتىملىقىدىنمۇ كۈچلۈك ۋە جاراڭلىق ئاڭلاندى.

بىنانىڭ 5-قەۋىتىنىڭ ئىككى بۇلۇڭىدا ئۆگزىگە چىقىدىغان پولات شوتا بار ئىدى، ئەر ئۆگزىگە چىقىپ بېقىش خىيالىغا كەلدى.

— يۈرە، بىز ئۆگزىگە چىقىپ باقايلى.

ئۇلار تامغا ئورنىتىلغان پولات چىۋىقلارنى بىر-بىرلەپ دەسسەپ ئاخىر ئۆگزىگە چىقتى، نويابىرنىڭ ئاچچىق سوغۇق شامىلى يۈزلەرگە تىكەن سانجىلغاندەك ئۇرۇلاتتى. ئەر ئايالنىڭ قولىنى تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن، ئىككىسى تەڭلا بىنانىڭ شىمالىي بۇرجىكىگە قارىدى. ئۇ بۇرجەك يوپيورۇق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، چوڭ سايىۋەن تارتىلغان، ئۈششاق رەڭدار چىراغلار لاپىلداپ يېنىپ تۇراتتى، ئۇ يەردە زىياپەت بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى، تۆت-بەش ئۇستەلدە كىشىلەر يەپ ئىچىشىۋاتاتتى. ئۇ ئىككىسى ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بىر-بىرسىنىڭ مەڭزلىرىنى چىمدىشىپ باقتى. ئۇلارنىڭ مەڭزلىرى خېلى ئاغرىدى، توغرا، بۇ رېئاللىق، ھەرگىزمۇ چۈش ئەمەس! ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاشۇ زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەر توپىغا كەلدى.

— ئوغلۇم، مېنىڭ ئوغلۇم ! — ئايال ئوغلىنى كۆرۈپ ئۆزىنى كىشىلەر توپىغا ئاتتى. ئورۇق، ئېگىز كەلگەن بىرى بالىنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئېگىز قىلىۋالدى. ئايال ئۇ كىشىگە ئېسىلماقچى بولدى، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى بىر نەچچە كىشى توسۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى، ئايال يۇلقۇناتتى، ئۆزىنى تاشلايتتى، ئەمما ئۇلار ئۇنى قويۇۋېتىدىغاندەك قىلمايتتى.

ئەر ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىۋىدى، بايىقى كىشى ئەرنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ توختىتىپ قويدى.

— ھەي، رەھىمسىز خۇمپەر، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئاشۇ كىشى دەل ئۆزى شۇ، مېنىڭ چۈشۈمگە كىرگەن كىشى شۇ! — ئايال ئېرىگە قاراپ ۋارقىرايتتى.

ئەرنىڭ پۇت-قوللىرى تىترەپ، چۈشىنىكسىز بىر گەپلەرنى دەپ دۇدۇقلايتتى. ئۇ بۇ كىشىنى ئەمدى رەسمىي تونۇغان ئىدى، ئەنە ئاشۇ كېچىدىكى قانغا بويالغان يۈزى، سۇنغان پۇتى شۇ پېتى، ئەمما راۋۇرۇس مېڭىۋاتىدۇ، كۆزلىرى ئورنىدا قاپقاراڭغۇ ئىككى ئورەك، پۈتۈن چىرايى موردىن تولغىنىپ چىققان ئىستەك كۆپكۆك، قورقۇنچلۇق.

— مە... مەن ... سى... سىز... نى تو... تونۇدۇم، — ئەر تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— ئېسىڭگە كەلگەن بولسام ياخشى. ئاشۇ كېچە مەن ماشىنا ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلانغان ئىدىم. 100 مىڭ يۈەن پۇل بار سومكامنى سەن ماشىنا ئىچىدىن ئېلىۋالدىڭ. ئاۋۋال ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىڭ، ئاندىن مېنىڭ يانلىرىمنى سىلاشتۇرۇپ قول تېلېفونۇمنى ئېلىۋالدىڭ. سەن مېنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىڭ، ئەمما مەن سېنىڭ قولۇڭنى تۇتۇۋالدىم ۋە ساڭا ئۆتۈنۈش ئىچىدە يېلىندىم. مېنىڭ سىڭلىم دوختۇرخانىدا جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنماقچى ئىدى. بىز نەق پۇل تاپشۇرمىساق ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلمايتتى، ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىدىكەن. مەن شەھەرگە 200 كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيەدىكى تاغامدىن پۇل قەرز ئېلىپ كېتىپ باراتتىم، بۇ ۋەقەگە يولۇقتۇم، ساڭا مۇشۇ پۇلنى خاپا بولماي «تەرەققىيات» دوختۇرخانىسىنىڭ 3-قەۋىتىدىكى 3-كارىۋاتتىكى بىمارغا بېرىڭ، ئۇ بولمىسا، شۇ يەرگە بارسىڭىز بىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز بار، ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ دېدىم. ئەمما سەن قولۇمدىن سومكىنى يۇلۇپ ئېلىپ ماقۇل، خاتىرجەم بولۇڭ! دېدىڭ. مەن سېنىڭ ئويناپ تۇرغان

كۆزلىرىڭدىن گۇمانلىنىپ، ماشىناڭنى قوزغىتاي دېگەندە ماشىنىدىن مىڭبىر تەستە ئۆمىلەپ چىقىپ، قانغا بويالغان پۇتۇمنى سۆرەپ سېنىڭ ماشىناڭ قېشىغا باردىم ۋە ماشىناڭنىڭ ئەينىكىگە قولۇم بىلەن ئۇردۇم، ئەمما سەن ئىشىكنى تەستە ئاچتىڭ، ئاڭغىچە مەن ھالىمدىن كەتتىم. سىلەر ئەر-ئايال ئىككىڭلار دۇنيادىكى ئەڭ باغرى تاش، رەھىمسىز مەخلۇقلار ئىكەنسىلەر، سىلەر شۇنچە زور ۋەقەگە شاھىت بولۇپ تۇرۇپ ساقچى ياكى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرمىدىڭلار، مەن شۇ يەردە قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلىپتىمەن. كېيىن ساقچىلار كېپتۇ، قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ، ئەتىسى سەھەردە قان سىراپ ئۆلۈپ كەتتىم، شۇ كېچە دوختۇرخانا كارىۋىتىدا ياتتىم. ئەتراپىمدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپتۇ. سېنى سۈرۈشتۈردۈم، ھېچكىم پۇلنى سىڭلىم ياتقان دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلمەپتۇ، مەن ئىنسان چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابى ئىچىدە سىڭلىمنىلا ئويلىدىم، بەختسىز سىڭلىم ماڭا ياخشى قارىغان، مېنىڭ ئاش-تاملىقىمنى ئەتكەن ئىدى، ئانام بالدۇر تۈگەپ كەتكەچكە، ئۇ دادام ئىككىمىزگە ئانامنىڭ ئورنىدا قارىغان ئىدى، ئۇ دادامنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە شۇنداق ياخشى قارىغان ئىدى، مەن بۇ ئالەم بىلەن بالدۇر خوشلىشىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم، ئەمما دۇنيادىكى بىردىنبىر قېرىندىشىم، ئاشۇ ئاجىزەنىڭ ساقىيىپ كېتىشىنى خۇدادىن شۇنداق تىلەيتتىم، ساڭا ئىنساپ تىلەيتتىم، پۇلنى چاققانراق ئېلىپ كېلىپ بېرىشىڭنى تىلەيتتىم، ئەپسۇس... سەن مەلئۇن ئۇ پۇلنى يۇتۇپ كەتتىڭ...

— ئىپلاس، مەلئۇن، — ئايالى بايىقى كىشىلەر تويىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئېرىنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى، — سەن ئىپلاس ماڭا شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ سومكىدىكى مۇھىم ھۆججەت، تالونلار ئىكەن دېدىڭ ۋە مېنى ئۆز ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇپ كەتتىڭ. ئەتىسى بىز كۆرۈشكەندە سورىسام، ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشىگە تاپشۇرۇپ بەردىم دېدىڭ، ئەسلى ئەھۋال مۇنداقكەندە. دېگىنە، ئۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟

— بۇ توي قىلىشقا ئاز قالغان مەزگىللىرىمىز ئىدى. مەن قىمار ئويناپ قەرز بولۇپ قالغان خوتۇن. ئەينى چاغدا بۇنى ساڭا ئېيتالمىغان. چۈنكى سەن قىمارۋازلارغا شۇنچىلىك ئۆچ ئىدىڭ. سەن بىلەن توي قىلىشىمغا ئاتا-ئاناڭ قەتئىي قارشى ئىدى، شۇڭا بۇ ئەيىبىمنى سەندىن ئىزچىل يوشۇرۇپ كەلگەن. ئاشۇ پۇل بىلەن قەرزلىرىمنى پاكىز تۆلىۋەتتىم، — ئۇ ئايالىغا ئەيمىنىپرەك قاراپ قويدى. ئايالى ئۆزى ئىنتايىن سۆيىدىغان ئېرىنىڭ قىمار ئوينايدىغان ئادىتى بارلىقىنى ئەمدىلا بىلدى، ئۇلار توي قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئېرى قىمار ئوينايتتى، تويدىن كېيىنمۇ ئوينىدى، ئەمما ئۇ ئايالىغا سەزدۇرمىگەن ئىدى.

بايىقى كىشى گەپ-سۆز قىلماي بالىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىنا ئۆگزىسىنىڭ چېتىگە ماڭدى. ئايالنى كىشىلەر تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدى.

— خۇدا ھەققى، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئوغلۇمدا گۇناھ يوق، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، — چىرقىراپ نالە قىلاتتى ئايالى يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ.

— ئوغلۇمنى نەگە ئېلىپ بارىسەن؟ قويۇۋەت ئۇنى، — ئەرنىڭ ئاۋازى نالە قىلغاندەك ئېچىنىشلىق چىقىپ كەتتى.

— جانغا جان، قانغا قان دېگەن گەپ بار، — دېدى بايىقى ئورۇق كىشىنىڭ يېنىدىكى قارا چاچلىق ئايال، — سېنىڭ كاساپىتىڭدىن مەن پۇل يوق داۋالىنالمىدىم، ئەتىسى ئاكامنىڭ كەينىدىنلا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتىم.

ئايال سۆزىنى تۈگەتمەيلا بالىنى بايىقى ئەرنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ بىنانىڭ ئۆگزىسىدىن تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ تۇردى. بالا قورقۇنىدىن يىغلاۋاتاتتى. ئەر بالىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈكتەك ئېتىلىپ باردى، ئايال بالىدىن قولىنى ئاجـ

رىتمىشى بىلەن ئۇ بالىنى تۇتۇۋالماقچى بولدى، ئۇنىڭ قولى بالىنىڭ پۇتىغا ئۇرۇلغاندەك بولدى، ئۇ ئوغلىنىڭ پۇتىدىن تۇتۇۋالدىم دەپ ئويلىغان ئىدى، ئەمما ئۆزىنى كونترول قىلالماي بالىنىڭ ئارقىسىدىنلا تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئەسەبىيلەرچە يىغلايتتى، چېچىنى يۇلاتتى، يۈزىنى مورلايتتى. ئەتراپىدا بايىقى ئىككىسىنىڭ تۇغقانلىرى قاقاھلاپ كۈلەشەتتى، قارا چاچلىق ئايالنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى جىمجىت كېچە ئاسمىنىنى يىرتىپ يىراق-يىراقلارغا تارىلاتتى.

ئايال بۇ دەھشەتتىن ئېسىدىن كېتىپ يىقىلدى.

تاڭ ئاتتى، سۈبھى بۇ بىنا ئۆگزىسىنى يورۇتتى.

ئەتىسى سائەت سەككىزدە ساقچى ماشىنىسى كېلىپ ئاشۇ بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى، بىر نەچچە ساقچى بور بىلەن ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا دائىرە قىلىپ سىزىپ قويدى. يەردە كېلىشكەن بىر ئەر قان ئىچىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا خېلى كەڭ دائىرىدە قان يېيىلىپ ئېقىپ ئۇيۇپ قالغان ئىدى، قانۇن دوختۇرى بۇ ئەرنىڭ ئىچ باغرىنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، ئەتراپقا كىشىلەر ئولىشىپ كەتكەن ئىدى، ساقچىلار بۇ ئەرنىڭ سالاھىيىتىنى تېزلا ئېنىقلىدى ۋە ئۇنى ئۆزىنى ئۆگزىدىن تاشلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى.

ساقچىلار ئۆگزىگە چىقتى. ئۆگزىدە بىر ئايال ناخشا ئېيتىپ دەلدەڭشىپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، كۆڭلەكلىرى يىرتىلغان، يۈزلىرى مورلانغان بولۇپ، بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا قانلار قېتىپ ئۇيۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ئالۋاستىغىلا ئوخشايتتى، ئۇ ساقچىلارنى كۆرۈپ ھەجايغىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئوغلۇم، مانا مېنىڭ ئوغلۇم، قاراڭلار ئۇنىڭ ئوماقلىقىغا، دەپ ساقچىلارغا قولىدا كۆتۈرۈۋالغان موم قەغەزنى كۆرسەتتى. ئۇ بىنا ئۆگزىسىدە تاشلىنىپ قالغان موم قەغەزلەرنى ئوراپ قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالغان ئىدى، ئۇ قولىدىكى موم قەغەزنى بالام دەپ ئويلاپ قالدىمۇ قانداق، ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرەتتى، خۇددى بوۋاق بالىنى ئىمىتكەندەك بىر ئىشلارنى قىلاتتى، ئايال ساراڭ بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىككى ساقچى ئايالنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى، ئايال بىردەم كۈلەتتى، بىردەم يىغلايتتى. ئۇ بىردەم بىگىز بارمىقىنى لېۋىگە ئەكىلىپ، ئۇش، بالام ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەيتتى.

ساقچىلار ئايالنىڭ چاپانلىرىنى كىيگۈزۈپ ئۆگزىدىن بىنا ئىچىگە چۈشتى ۋە ئۆيىگە ئېلىپ كىردى.

ساقچىلار ئۆينى تەكشۈرۈپ، ھەممە نەرسىنىڭ جاي-جايىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆز ھۇجرىسىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بالا ئۆز جايىدا شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇ خۇددى چۈشىدە تاتلىق يېمەكلىك يېگەندەك تۇرۇپ-تۇرۇپ تامشىپ قوياتتى.

بۇ ۋەقە شەھەر ئىچىگە تاراپ، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل گۇمانىي پەرەزلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزىلەر ئۇ ئايال ئېرىنى بىنادىن ئىتتىرىۋەتكەن دېيىشەتتى، يەنە بەزىلەر بۇلار نېمە ئۈچۈن كېچىدە بۇ بىنا ئۆگزىسىگە چىققاندۇ؟ دەپ ئويلىشاتتى. ئىشقىلىپ بۇ ۋەقە توغرۇلۇق خىلمۇخىل گەپ-سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى، ئەمما ھېچكىم ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيتتى.

كېيىنچە، ئۇ بىنادىكى ئۆيلەرنى ھېچكىم سېتىۋالمىدى، قالغان بىنالاردىن ئۆي سېتىۋالغان بەزى كىشىلەر ئۆيلەرنى قايتۇرۇۋەتتى، كىشىلەر، بۇ بىنا ئەسلىي قەبرىستانلىق ئورنىغا سېلىنغانلىقتىن، مۇشۇنداق ۋەقە چىققان، چوقۇم ئەرۋاھلار بۇلارنى جىم ياتقۇزمىغان دەپ پەرەز قىلىشاتتى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بۇ بىنالارغا بولغان قىزىقىشى ئاستا-ئاستا يوقالدى.

(ئاپتور غۇلجا شەھىرى شىنخۇا شىمالىي يولى 43-نومۇرلۇق قورۇدا)

مۇھەررىرى مۇختار تۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەبىبۇللا رەجەپ

# ئاتىپاپلىق قوۋم

## ئاشۇ گەپ

گىلاس رەڭدە چېچەكلىگەن قوياشنىڭ
تارام-تارام نۇرلىرىدا ئاشۇ گەپ.
قۇلاقلارنىڭ ئىشكىنى چېكىپ ھەم،
ئېغىزلارنىڭ پەرۋازىدا ئاشۇ گەپ.

ئاشىقلارنىڭ قاراقچىسى تولۇن ئاي،
سۆزلەپ يۈرەر قورسىقىدا گەپ ياتماس.
كارۋان تارتىپ بورانلارمۇ شۇ گەپتە،
ھۇۋلىشىدىن بارخانلارنى ئۇخلاتماس.

يوق تېنىگە «غۇر-غۇر» ئاۋاز قوندۇرۇپ،
ئۇچقان شامال جۆيلۈشىدە ئاشۇ گەپ.
كۆچمەن باھار چاپىنىنى كۆتۈرۈپ،
يۈرگەن قۇشلار كۈيلىشىدە ئاشۇ گەپ.

شۇ گەپنى دەپ چاقماق چېقىپ گۈلدۈرلەپ،
مەيلى بۇلۇت يامغۇر قىلىپ تۆكسىمۇ.
كەلكۈن ياساپ ئىككى قاشقا تاشسۇن ھەم،
مەيلى تاغلار ئۆركىشىگە چۆكسىمۇ.

ئويناپ مەشرەپ ياپراقلارنى داپ قىلىپ،
ئورمانلارنىڭ چېلىشىدا ئاشۇگەپ.
ۋەتەن ئەيلەپ گۈل بەرگىنى كېپىنەك،
سۆيگۈ قىيام قىلىشىدا ئاشۇ گەپ.

ئەل ئاغزىدا نەچچە توملۇق چۆچەكتۇر،
مېنى ساڭا «كۆيدى» دېگەن ئاشۇگەپ.
سۆزلەپ يۈرسە گاچا تىللىق سۈكۈتمۇ،
نېچۈن جېنىم ئاڭلىمىدىڭ سەن ئەجەپ.

## كەلمىدى

كەلدى ئويناق ئېقىنلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ،
ئەمما ۋەسلىڭ ئېقىنلىرى كەلمىدى.
كەلدى دىلغا يېشىل كۆكلەم تىۋىشى،
ئەمما پەسلىڭ چېقىنلىرى كەلمىدى.

مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى سەزمەستىن،
مۆزدەك سۈكۈت ھارۋىسىدا كەلگەن كىم؟
بۇ كۆڭۈلدە بىر قۇياش بار چاقنىغان،
ئەزىز نەسلىڭ كەلدى نۇرنى يېپىپ ھەم.

يوللار ساڭا چۈقان سېلىپ چارچىدى،
ھىدىڭ كەلدى، ئەمما ئىزىڭ كەلمىدى.
مۇھەببەتتۇر نەسەب ــ ئەسلىي ئادەمنىڭ،
نەسلىڭ كەلدى، ئەمما ئەسلىڭ كەلمىدى.

ئۈزۈلمىدى ئوتلىرىڭنىڭ پەرۋازى،
تاشتى دىلىم رامكىسىدىن ۋەسۋەسە.
ئۆچتى ھىدىم، ئۆچمەي تۇرۇپ ۋە لېكىن،
قەلبىمدىكى سەن قالدۇرغان شاھ قىسسە.

گۈل يىلتىزى قاسىراقلاشسۇن پىنھاندا،
كۆل- دېڭىزنى دەم تارتسىمۇ قۇم- بوران.
يۈرىكىمنىڭ ئارىلىدا قوقاسلىق،
شاخ ئايرىيدۇ گۈلگۈن لەرزىڭ باراقسان.

موللاق ئاتتىم تەنھالىقتا مەڭگۈلۈك،
خاتىرەمگە توشتى سۈرەت پەيزىڭنىڭ.
كەلدى مەرغۇل دولقۇنلىرى ئۈزۈلمەي،
ئۇلانماستىن زەنجىرلىرى ۋەسلىڭنىڭ.

## مۇشەققەتلىك مۇھەببەت

شەپەق بويار قىزىل لەۋدە ئۆپۈقنى،
ئېدىرلارغا نار چۆككەندەك تۇن چۆكتى.
كەلدىم ئاستا ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا،
تۈن بىلەن تەڭ قەلبىمگە بىر ئۈن چۆكتى.

بۇيرۇقىدا سېغىنىشلىق قەلبىمنىڭ،
تىترەپ تۇرۇپ ئىشىكىڭنى چەكتىم مەن.
دېرىزەڭدە چېچەكلىگەن بىر ھەۋەس،
ئۆيلىرىڭگە تەشنالىقنى سەپتىمەن.

ھېس قىلالىتتىم كېلىشىمنى كېچىدە،
ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىمدەك بۇ يەرگە.

چالمىمۇ يوق ئاتاي دېسەم ئۆگزەڭگە،
نېسىپ بولار قاچان ئۆيگە كىرەرگە.

ئايمۇ چىقتى بۇلۇت قايرىپ ئاسمانغا،
سەنمۇ چىققان قەلبىمدىكى ماكانغا.
بەلكىم بىزمۇ كۆرۈشكىچە تاڭ ئاتار،
ئەنسىز چىللاپ خورازلىرىڭ ئەزانغا.

مەن كېتىمەن ئايان ساڭا كەلگىنىم،
مۇشەققەتلىك مۇھەببەتكە تەسلىم بوپ.
قالدى ناخشام بوسۇغۇڭدا ئولتۇرۇپ،
ئەتە ساڭا كۆرۈنگىلى ئەسلىم بوپ.

## ئاپتاپلىق قۇم

بورانلارنىڭ ئەنسىز غالجىر كۈيىدە،
مەۋجۇتلۇقۇڭ تىرىلىدۇ جان كىرىپ.
ئېتەك يايسا بىر چەكسىزلىك باغرىڭدا،
كارۋان بولار بارخانلىرىڭ سان كىرىپ.

يۆگەپ سېنى يۆگىكىگە شاماللار،
يۇرتۇم تامان ئېلىپ كەلگەن قەيەردىن.
يىلتىز ئىزدەپ سىرداشسامەن سەن بىلەن،
روھىڭ ماڭا روھ ئەپ كېلەر سەھەردىن.

مەنىلەر كۆپ ئىزسىز باسقان ئىزىڭدا،
ئاۋازلىرىڭ تونۇش ماڭا ئەزەلدىن.
يالاڭ ئاياغ كەزدىم تالاي باغرىڭنى،
ئادەت ماڭا سالام سۇنۇش ئەزەلدىن.

بورانلارغا سېنى غالجىر قۇل دېسۇن،
ھالاكەتلىك بارسا كەلمەس يول دېسۇن.
ئىشەنمەيمەن يۇرتۇمدىكى ئەي قۇملۇق،
سېنى شەرتسىز ئاتەش- لاۋا، ھۆل دېسۇن.

ئاپتاپلارنى يىغىپ ياتقان ۋۇجۇدسەن،
ھەر زەررەڭ مىڭ قۇياش بولۇپ يانىدۇ.
مېھرى جەننەت ياساپ چىققان باغرىڭدا،
ئەمسىز جانلار بىر كەڭلىككە قانىدۇ.

ئوت دېڭىزى دولقۇنلىغان سەن گويا،
بىلىق بولۇپ چۆمۈلىدۇ ئادەملەر.
ئوت كەلكۈنى تاپىنىدا، بەدەندە،
تىلىكىدە تەپچىرەيدۇ ئوت دەملەر.

شىپاگەرنىڭ قامۇسىدەك قولۇڭدا،
ئەمسىز، ئاجىز بەدەنلەرنى سىلايسەن.

ئەرلەر چىقار تاڭشۇرۇلغان تۇلپاردەك،
مېھرىڭ ئىسسىق ھېچ ئىنسانغا قىيمايسەن.

سەجدىگاھىم دەيدۇ سېنى ئايالار،
تۇيغۇلىرى چېچەكلىسە تەپتىڭدە.
سەن تەڭداشسىز ئاپتاپلارنىڭ مەركىزى،
ئوت پەسلىدەك باھارىڭ بار ئەپتىڭدە.

زېمىندا كۆپ ساڭا ئوخشاش قۇم دېگەن،
ئوخشىمايدۇ ھىممىتى ھەم خىسلىتى.
ئوت پەرۋازى كىشنەپ تۇرغان جىسمىڭدا،
بار ئاجايىپ مۆجىزاتلار كىلىتى.

(ئاپتور «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

ئىبراھىم نىياز

# سەنمىدىڭ ئەسلىدە مەن ئۇچۇن باھار

## ۋاقىت

ھاياتنى پارچىلاپ يەيدۇ ھەر كۈنى،
تۇغۇلسا ھەر تاڭدا بىر يېڭى قۇياش.
يېقىملىق ئەمەستۇر ئۇنتۇلغان نەرسە،
گاھىدا يېقىملىق تۇيۇلار باتناش.

گاھىدا تۇيدۇرماي ئۇچۇپ كېتىدۇ،
قالغاندەك بولىسەن گوياكى يارسىز.
بىردەملىك شادلىقنىڭ لەززىتى ئۇچۇن
ئۆمۈرنى قوش قوللاپ تۇتىسەن ئۇنسىز.

زەخمەك بوپ چالىدۇ ھاياتلىقىڭنى،
تۆكۈلەر گاھ شادلىق، گاھىدا ھەسرەت.
قوۋزاقتەك يېرىلغان بارماقلىرىدا
ئۇرۇنۇپ باقىسەن تۇتۇشقا پەقەت.

گۈل ھىدلاپ ئۆتكۈزگەن ئۆتمۈشلىرىڭنى
ئىزدىمەك بولىسەن ئۇنىڭدىن پىنھان.

گاھىدا ئاقارغان ساقاللىرىڭدىن
ئۆرلەيدۇ ھاياتقا قانمىغان پىغان.

ھايات تۇگمەكتە بىر بۇردا ناندەك،
قولۇڭدىن ئۇۋۇلۇپ چېچىلىپ يەرگە.
ئېھ، ناننىڭ قەدرىگە يەتكەن دېھقاندەك
شۇ ئەسنا چۆمىدۇ چېكىلەر تەرگە.

ئون بەشتىن ھالقىغان چىرايلىق قىزنىڭ
كۆزىدەك چىرايلىق، ۋاقىت دېگەن گۈي.
ساقالغا تەن بەرمەي تۇرسىمۇ بوۋاي،
ئۇچىدۇ يەنىلا شۇ قەدەر خۇشخۇي...

ئوق دېدۇق، ئالتۇن دەپ ماختىدۇق ھەتتا،
باغرىغا باسمىدى بەزىدە ھېچكىم.
بېرىدۇ گاھىدا رەھىمسىز جازا،
سەكراتقا چۈشكەندە تارتىمىز بەلكىم.



www.uyghurkitap.com

## تەقدىر سالغان ئوتتا كۆيۈش...

يۈرەكنى سۇغۇرۇپ ئالدىڭ ئاخىرى،
تەس بەلكىم ئالغاننى يەنە قايتۇرۇش.
ئوتتۇنچى ئەمەسمىز سېتىپ يۈرگىلى،
شۇ كويغا سېپ قويدى بىزنى بۇ تۇرمۇش.

يۈرەكنىڭ ئاغرىقى قىيىنغاندا جان،
سېغىنىپ قالىمىز پىچاق يا شەمشەر.
شۇ چاغدا تار كېلىپ قالىدۇ جاھان،
ياسىماق بولىمىز سۆيگۈدە شەھەر.

سەن كەلگەن يانۋاردا ئېرىمەكتە قار،
ھەتتاكى گۈللەرمۇ چوغدەك ئېچىلىپ.
سەنمىدىڭ ئەسلىدە مەن ئۈچۈن باھار،
ھەدلىرىڭ مېنىڭدە قاپتۇ چېچىلىپ.

قانمىدى بۇ ھايات سۆيگۈ دېگەنگە،
تۇرساقمۇ 100 ياشلىق بوۋايدەك قېرىپ.
دەسسىمەي ياشىدۇق ئوغرى تىكەنگە،
سەن ئالغاچ يۈرەكنى كۆكسۈمنى يېرىپ.

(ئاپتور قاراماي جەرەنبۇلاق خوجىلىق شىركىتىدە)

جاپپار رەھىم روھلانى

## ئانىدۇر ئالەم

(سانائىل ھەرفىيەلەر)

### ئانا

ئانىدۇر ئاي، ئاسمان، ئانىدۇر ئالەم.
ئانىدۇر ئابۇئاش، ئانىدۇر ئايەم.
ئانىدۇر ئاسايىش، ئانا ئامانلىق،
ئاھلايدۇ ئانىدىن ئايرىلغان ئادەم.

ئاننى ئالقانغا ئالساڭمۇ ئازدۇر،
ئارمىنىن ئالتۇنغا ئالساڭمۇ ئازدۇر.

ئارزۇيۇم ئايدا، ئال، ئال دېسە ئانا،
ئاق قۇدەك ئاسمانغا ئاقساڭمۇ ئازدۇر.

ئانىدىن ئاۋۇغان ئاتالغان ئالىم،
ئاي ئامانىنسادەك ئالىپتە ئايىم.
ئايلانسۇن ئانىدىن ئاپىرىن، ئالقىش،
ئاڭلانسۇن ئالەمگە ئاشۇ ئاۋازىم!

### سۆكەت

سۆكۈتتە سەبرىسىز سەۋدايى ساقتۇر،
سۆكۈتتە سۆزۈكتۇر سەييارە، ساما.
سۆكۈتتە سەبزىزار سەلكىن، سۇ ساپتۇر،
سۆكۈتتە سۆلكەتلىك سۆيۈملۈك سىما.

سۆكۈتتە سوۋۇيدۇ سۆرلۈك سىنارەت،
سۆكۈتنىڭ سېھرىدۇر سالا ۋە سۆلھى.
سۆكۈتتە سىنالغاي سۆيگۈ-ساداقەت،
سۆكۈتتە سۆزۈلگەي سىمابرەڭ سۆبھى!

(ئاپتور قاراقاش ناھىيەلىك سىياسي كېڭەشتە)

www.uyghurkitap.com

ئابلىپىز توختىمۇھەممەد ئارىقۇمى

# ئاشىق تورغاي

## ئاشىق تورغاي

ئۇپۇقلاردىن ئۇپۇققا ئۇچۇپ،
ئاشىق تورغاي كېلىدۇ چوقۇم.
ئۇ ئۆتكىچە ھىجران چۆلىدىن،
ھەر بىر مەنزىل يېپيېڭى تۇغۇم.
ئاق بۇلۇتلار سايىۋەن جەزمەن،
سۈزۈك ئاسمان كۆرسىتەر ئۇقۇم.

پۇر-پۇر ئۇچقان پەيلىرى تالماس،
ئاشىق جېنى تۇمەنمىڭ جاندۇر.
دالىدىكى جاندۇر ھاياتلىق،
يۈرەكتىكى قېنى قىياندۇر.
چۇۋ-چۇۋلىسا ئاشىق ئۇنىدە،
سىر ھېكمىتى ئۇندا باياندۇر.

## يۇلغۇن يېلمى

يانتاق چېچەك ئاچقان دالىنىڭ
ھاياجانلىق كۆيگەن كۆزىسەن.
يۇلغۇنلاردا يېنىپ گۆھەردەك،
بارخانلارنىڭ تەملىك تۇزىسەن.

نىمجانلارغا بولىسەن شىپا،
پالۋانلارغا ئايلىنار ئىمكان.
ھاياجاندا ئۇنلەيدۇ كاككۇك،
جانلىرىغا قوشۇلىدۇ جان.

ئاق ساقاللىق قېرى بوۋايمۇ
ئەستىلىككە قالغان چىلىنىپ.
قېنى قىزىپ چىقار سەپەرگە،
مەختۇمسۇلا قالسا جىلمىيىپ.

يۇلغۇن يېلىم — يۇلغۇن يىلىكى،
ئويغىتىسەن ئەركەك روھىنى.
شاھ سەنەمنىڭ خانىدانىدا،
ئېچىلدۇرۇپ ۋىسال گۈلىنى.

(ئاپتور ئۈرۈمچى غەربىي دىيار يېڭىلىك سانائەت ئېكسپورت بازىسىدا)

(بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مۇھەررىرى ھەزرەتئەلى ئەخەت)

ئابلەت ئەسمتۇللا

# ئىككى نەسىر



## يىگانە گۈلۈمگە

مەن جىمجىت تۈننىڭ پىنهان روجەكلىرىـ
دىن نامەلۇم بوشلۇقلارغا قاراپ ئۇزاق ئولتۇردۇم.
سەن ئۇ يەردە زادىلا كۆرۈنمىدىڭ. قولۇمنىڭ
كەينى بىلەن خىرەلەشكەن كۆزلىرىمنى سۈرتۈـ
ۋېتىپ يەنە بىر پەس تىكىلىپ ئولتۇردۇم، ھېچـ
نەرسە كۆرۈنمەي، پەقەت غۇۋالىق ئىچىدە بۇزۇـ
رۇپ ياتقان بىپايان بوشلۇق چەكسىزلىك ئىچىـ
دە كۆزۈمگە تاشلاندى. كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋېـ
لىپ ئىچكى ھاياجىنىمنى تىڭشاپ كۆردۈم، ھاـ
ياجىنىم خۇددى يامغۇرلۇق سەھەردىكى تىنىق
كۆل سۈيىدەك مەيىن دولقۇنلار ئىچىدە تەۋرىـ
نىپ تۇراتتى. زادى قاچانلاردىن باشلاپ تۈن قويـ
نىدىكى ئاشۇ روجەكلەرگە جىمجىت قاراپ ئولـ
تۇرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالالـ
مىدىم، ھەم غۇۋا ئېسىمگە ئالغاندەكمۇ بولدۇم.
ئايلار، يىللار، ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتكەندۇ ياكى
تېخى بىرەر دەقىقە ئۆتمىگەن بولۇشىمۇ
مۇمكىن. ئەمما بىر نەرسە شۇنداق ئېنىقكى،
سەن بەجايىكى ساقىغان يۇلتۇزدەك مېنىڭ سۆـ
يۈملۈك ئالىمىمدىن شۇنچە تېز غايىب بولغان
ئىدىڭ. بىلىشىڭ كېرەككى، پۈتكۈل كائىناتـ
نىڭ ۋۇجۇدىنى شۇررىدە قىلماي تۇرۇپ نامەلۇم
جايلارغا سىڭىپ كېتىدىغان ئاقار يۇلتۇزلار ئەـ
زەلدىن بولۇپ باقمىغان، شۇنداق يۇلتۇزلارنىڭ
بارلىقىنى بىز قىياس قىلالايمىزمۇ؟ تۇرۇپ
ئويلاپ قالدىم، مېنىڭ ھەم سېنىڭ غەمسىز چاغـ
لىرىڭمۇ بولۇپ باققانمۇ؟ قايسى مۇساپىلەردە
ئۇچراشتۇق، يەنە نەلەردە غايىب بولدۇق؟ نېمە

كويلاردا، ھاياتنىڭ قايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا ياشاۋاتىمىز؟ سوئاللىرىمنىڭ چېكى يوق ھەم ئازابلىق ئىدى.

رىتىملىق ياشاش ئىنساننىڭ ئارزۇسى. چۈنكى ياراتقۇچى ئىنساننى ئارزۇلار قوينىغا تاشلىغان. ئاشۇ تالاي ئارزۇلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىنسان رىتىملىق ياشاشنى ئالدىن تاللىۋېلىشقا ئامالسىز. بىر تال گۈل تۇزۇپ كەتسە كارايىتى چاغلىق، بىر تال گىياھ يانجىلىپ كەتسە مىڭلاپ گىياھلار بارغۇ دەپ پەرۋاسىز يۈرەلمەيمىز، ئەلۋەتتە. نۇرغۇن ئىشلار بىزنى ئازابلاپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ پانىي ئالەمدىن زادىلا مېھرىمىزنى ئۈزەلمەيمىز. باللىق چاغلىرىمىزدا تېزرەك چوڭ بولغۇمىز كېلىدۇ، ياشلىقتىكى مۇھەببەتكە، ئىللىق ئائىلىگە ئىنتىلىمىز. تۇرمۇشتىكى باش قېتىنچىلىقلار بىزگە يەنە غەمسىز باللىق چاغلارنى سېغىندۇرىدۇ. شۇ تاپتا سەن نەدە؟ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغانسەن؟ بىلىپ تۇرۇپتىمەن، سېنىڭ ئويلىرىڭمۇ مېنىڭكىدىن يىراق ئەمەس. بىر زامانلاردا مەن جىمجىت تۈننىڭ پىنھان روجەكلىرىدىن نامەلۇم بوشلۇقلارغا قارىغان ئەمەس. ساددا باللىق چاغلىرى بىلەن ئەمدىلا خوشلاشقان بىر ياشنىڭ قەلب كۆزىدە پىنھان روجەكلەر، نامەلۇم بوشلۇقلار نېمىش قىلسۇن؟! دېمىسەممۇ شۇنداق ياخشى بىلىسەن، سەن سۈزۈك بۇلاقلارنى، شاختىن-شاخقا قونۇپ ۋىچىرلاپ يۈرگەن قۇشلارنى، چىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى ۋە شەبنەملىك دالىدىكى ياۋا گۈللەرنى كۆرگەن. دېمەك، ئاشۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى سەن ۋە مەندىن نېمە پەرقى؟!

سۈزۈك سۇلار شىلدىرلىغان، تاڭ ساباسى ھەممىنى سۆيگەن، ياۋا گۈللەر غۇچچىدە ئېچىلىپ، ھەممە ياقنى باھار تىنىقلىرى قاپلىغان، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئالتۇن كوكۇلىلىق قۇياش پۈتكۈل كائىناتنى خۇددى رەسىمدە بولغان قىزدەك چىرايلىق تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغان بىر تاڭ پەيتى. ياپراقلار چاۋاك چالدى، مەن ئۈچۈن بەختلىك مىنۇتلار باشلاندى. بەلكىم تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندۇ، سەن كىچىككىنە قىيانىڭ ئۈستىدە يالىڭاچ پۇتلىرىڭنى سۈزۈك ئېقىنغا ساڭگىلىتىپ يالغۇز ئولتۇرۇپسەن. شۇ تاپتا قىيا ئۈستىدىكى تۇرقۇڭ بەرگلىرى ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان، يېگانە ھال رەڭ گۈلگە ئوخشاپ قالغانىدى. نىگاھلىرىم سېنى تويماستىن سۆيدى، سەن ماڭا قىيا بېقىپ تاتلىققىنە ھايالىق كۈلدۈڭ، يۈرىكىم پىژىلدە كۆيدى. تۇنجى بولغان ئىش ئەنە شۇ. شۇ كۈنى كېچىسى خاتىرەمگە مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى يېزىپ قويدۇم:

سەن يېگانە ئاجىز بىر چېچەك،  
شاخ، بىخلىرىڭ بەرق ئۇرمىغان.  
شۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراقتىن،  
ئۆزگە ھېچكىم يۆلەپ تۇرمىغان.

ھايات بىزنى ئېگىز-پەس داۋانلاردىن ئۆتكۈزۈپ، مۇقەددەس پاكلىق پۇراپ تۇرىدىغان ئانا سەھرالارنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، سۈنئىي شەھەرلەرنىڭ باغرىدا بىر پەس ئارام ئالدۇردى. شاۋقۇنلۇق ھايات، تېز، رىتىملىق تۇرمۇش بىزنى، بولۇپمۇ سېنى تولىمۇ ئەستايىدىل قىلىۋەتتى. ھەممە ئىشنى زىغىرلايدىغان، ئىشلارنى تۈجۈپىلەپ قىلىدىغان، ئادەمنىڭ نۇقسانسىز، مۇكەممەل بولۇشىنى ئىستەيدىغان بولۇپ قالدىڭ. شۇنداقتىمۇ سەن مېنىڭ مۇقەددەس قىيارىمدىكى مەڭگۈ تۇزۇماس يېگانە گۈل ئىدىڭ. تەبىئىتىڭدىكى مۇكەممەللىك بىلەن ھېسسىيات جەھەتتىكى ھەددىدىن زىيادە سەزگۈرلۈكۈڭنى مەن كەلگۈسىمىز ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىجابىي ئامىل دەپ قارىغانىدىم.

بىز سېھىرلىك تۈنلەردىكى تاتلىق پىچىرلاشلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە جەمئىيەت پۇقرالىرىدىن بولۇپ قالدۇق. قارىغاندا تاللىشىمىز خاتا بولمىغانىكەن. تۈنلەردە تولۇن

www.uyghurkitap.com

ئاينىڭ تال-تال نۇرلىرى سۆيۈپ تۇرغان گۈلزارلىقلار ۋە فونتانلارنىڭ ئەتراپىدا مۇھەببەتلىك كۆزلىرىمىز بىلەن بىر-بىرىمىزگە تويماي قاراشقان بولساق، كۈندۈزلىرى ئىشقىمىزنى بىلىم گۈلزارلىقلىرىغا بەرگەن ئىكەنمىز. بولمىسا بۇنداق ياخشى كۈنلەر نەدە دەيسەن؟

باھار تەبىئەتنى خۇددى توزدەك ياساندۇرغان، پۈتكۈل كائىنات سۆيگۈ پۇراپ تۇرغان مەۋسۇم. باھار گۈلدۇرمامىلىرى تۇيۇقسىز گۈلدۈرلەپ، تۇنجى يامغۇر تامچىلىرى ئانا يەر باغرىغا تارسىلداپ تۆكۈلدى. زېمىن راھەتتە يايرىدى. ياپيېشىل ياپراقلار شادلىنىپ چاۋاك چالماقتا. كۆكلۈكدە تۇتۇۋالسىكەن دەپ ئويلىساڭمۇ، يەنىلا مېنى قوغلىتىپ ئەتەي قاچاتتىڭ. سېنى ئاخىر تۇتۇۋالدىم. كۆزلىرىڭ خۇددى چولپاندەك يېنىپ تۇراتتى، ئوتلۇق قاراشلىرىڭدىن مەن بىر خىل ساداقەت نۇرلىرى ۋە مايىللىق ھېسسىياتىڭنى كۆرۈپ يەتتىم. ئانار چېچەكىدەك رەڭلەنگەن مەڭزىڭدىن قان تېمىپ تۇراتتى. زىلۋا بەدىنىڭ مىققىدە بولۇپ، ھەققەتەن قوغلاپ تۇتقۇچىلىكى بار قىز ئىدىڭ. يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن تۇم، قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرىڭنى ئالىقانلىرىمغا ئېلىپ پۇرىدىم. ئادەمنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى شۇرۇرىدە قىلىۋېتىدىغان زىلۋا قامىتىڭنى باغرىمغا بېسىپ، تاتلىق لەۋلىرىڭگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق سۆيدۈم. بىر چاغدا ئېسىمىزگە كېلىپ قارىساق، ئۇستىباشلىرىمىز پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. مەن ساڭا قاراپ قاقاھلاپ كۈلدۈم. سەن خىجىل بولغان ھالدا «سارالڭ» دەپلا قويدۇڭ خالاس. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ ئاساسى ئەنە شۇنداق باشلاندى، شۇ قەدەر تەبىئىي شەكىللەنگەن ئائىلىۋى ئاساسنى ئەينى چاغدا سەن مۇستەھكەم ئەمەس دەپ ئېيتالامتىڭ؟!

سېھىرلىك تۈنلەرنىڭ تەكرار قارىيىشى، ياسانچۇق تاڭلارنىڭ دەۋرىي قىلىپ ئاقىرىشى يىللارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتتى. تۈنلەردە سەن چىراغ بولۇپ يانغىنىڭدا مەن خۇددى پەرۋانىغىلا ئوخشاپ قالاتتىم. سەن چىراغقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆلگۈدەك يىقىلغان پەرۋانىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى پەقەت ئاڭسىز قۇربان بېرىشلا خالاس. ئاشۇ ياسانچۇق تاڭلاردىن ھۇزۇرلىنىپ باققىنىمنى زادىلا بىلمەيمەن. سەن ۋە مەن ئاپتوبۇس بىلەن بارىمىز-كېلىمىز، ئەتراپىڭدا نۇرغۇن ئەرلەر، نۇرغۇن ئاياللار؛ ئەتراپىمدا نۇرغۇن ئەرلەر، نۇرغۇن ئاياللار. ئىشلەيمەن، ئىشلەيسەن. بىز خۇددى بال ھەرىسىگە ئوخشاپ قالاتتۇق. شۇنداق قىلماي نېمە ئىلاج، ھاياتتىن بىزگە تېگىدىغان نېسىۋىلەر چەكلىك بولۇپ، كۈنلىرىمىزنى سېرىقتال ئۆتكۈزەتتۇق، ئەمما يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىن بىر-بىرىمىزدىن رەنجىشكەن، تۇرمۇشتىن ئاغرىنغان ئەمەسمىز.

ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى ئۆتۈپ كېتىپ، سۇبھى نۇرى تۆكۈلگەن پەيتتە، نۇرغۇن تولغاق ئازابىنى يېڭىپ، راستچىل مۇھەببىتىمىزنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان باھادىر سۈپەت ئوغلىمىزنى غەمسىز كاللىسى بىلەن غەملىك دۇنياغا تەۋەللۇت قىلدىڭ. يەنە نۇرغۇن ھېسابلىق تۈن ۋە كۈنلەردىن كېيىن، كەنجى ئوغلىمىزمۇ يوروق دۇنياغا كۆز ئاچتى. تۈن نىسپى بولغان چاغ، نېمىشقا ئويغىنىپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچتىم. قاپقارا بوستان چاچلار يەلكەڭدىن ئۆتۈپ تولغان كۆكسىلىرىڭ ئۈستىدە يېيىلىپ يېتىپتۇ. ئۇزۇن كىرپىكلىرىڭ سايە تاشلاپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرىڭ چەكسىز مېھرىبانلىق نۇرلىرىنى ئوماق پەرزەنتلىرىمىزگە سەپمەكتە. ئويغىنىپ كەتكىنىمنى سەن سەزمىگەنىدىڭ. سۇس ئۆھسىلىشلىرىڭ ئايان، كۆزۈڭدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش سۈپسۈزۈك تاڭ شەبنەملىرىدەك يالتىراپ تۇرۇپتۇ. بىلمەن، دۇنيادا ئايال بولماق تەس، ئانا بولماق تېخىمۇ مۈشكۈل ئىش، مۇقەددەس مەجبۇرىيەت، ئەمما ئاتا بولماقچۇ؟ بۇ سوئالغا ۋاقتىنچە جاۋاب ئىزدىمىدىم. شۇنداقتىمۇ سەن توغرۇلۇق ئويلىرىم ھامان

چوڭقۇرلاپ باراتتى. سەن نەقەدەر ئالدىراش ئايال-
ھە؟! ئەتىگەن تۇرۇپ بالىلارنىڭ كىيىم-كېچەك-
لىرىنى كىيدۈرۈپ، ئەتىگەنلىك ناشتىنى تەييار-
لىمىساڭ تېخى، چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن
كېيىن سېنى كۈتۈپ تۇرىدىغىنى يەنە شۇ
جىددىي خىزمەت. تۈنلىرى ئاشۇ ئۈمىد يۇلتۇزلى-
رىمىزنى دەپ قېنىپ ئۇخلىيالمايسەن. بىلىمەن،
شۇ تاپتا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى بەختى
ۋە ئادىمىيلىك ئورنى توغرۇلۇق غەم يەۋاتىسەن
ھەقاچان؟ بايىلا مەيخور ئاغىنىلىرىم بىلەن
بولغان ئۆلپەتچىلىك سورۇنىنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ، قايتىپ كېلىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىم ئې-
سىمگە كەلدى. خىجىللىقتا بۇرنۇم ئېچىشقان-
دەك بولدى، ئەينى چاغلاردىكى قىيا ئۈستىدىن
ئېقىن سۇغا پۇتلىرىڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇر-
غان ھالىتىڭ ماڭا بىر تۇپ يېگانە گۈل بولۇپ
كۆرۈنگەن بولسا، ھازىرقى ھالىتىڭ ماڭا زۇلمەت-
لىك تۈندە غىرىب كۆلبىمىزنى يورۇتۇپ
تۇرغان بىر تال يورۇق شام بولۇپ تۇيۇلدى.
شولاڭ داۋالغۇپ تۇرسىمۇ، تال-تال نۇرلىرىڭ
مەن ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى ئىلاھىي نۇر سۈپىتىدە
يورۇتۇپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر ماڭا لەپپىدە قارى-
دىڭ، نەزىرىمنى باشقا ياققا ئاغدۇردۇم ۋە قوللى-
رىڭنى سىقىپ سېنى ئۆزۈمگە تارتتىم. شۇنداق،
ھايات كۆيۈۋاتقان شامغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھامان
كۆيۈپ تۈگەيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆيۈپ تۈگىشى
بەدىلىگە دۇنياغا يېڭى ھاياتلىقنى ئاپىرىدە قىلى-
دۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە لەپپىدە ئۆچۈپ قالىدىغان-
لىقىمىز ئېسىمگە كېچىپ كۆڭلۈم بىر قىسما
بولۇپ قالدى.

يىللار ئۆتمەكتە. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاستا-
ئاستا چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتى-
مىز. بىز ھاياتنىڭ ياز ئايلىرىدا تۇرۇۋاتىمىز.
ئۆمرىمىزنىڭ گۈلگۈن باھار پەسلى تۈيدۇرماي
ئەمەس، بەلكى روشەن خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ
ئۆتۈپ كەتتى. تۇرۇپلا جۇشقۇن، مەنىلىك، خا-
تىرجەم ۋە ئۈمىدۋار ئاشۇ يىللارغا قايتقۇم كېلى-
دۇ. بىراق بۇ مۇمكىنمۇ؟! كۈندۈز ۋە تۈن ئوخ-
شاشلا دىمىق ھەم تىنچىق. شۇنداقتىمۇ قاراڭغۇ-
لاشقان باغلار، سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقىدى-
غان ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرى، سابا سىيپاپ
ئۆتكەن سۆبھى پەيتلىرى يەنىلا سالقىن. شۇنداق
مۇھىتتا بولغىنىڭدا ئۆزۈڭنى ئازدۇر-كۆپتۇر
يەڭگىل ھېس قىلىسەن، شاخلاردىكى بۇدرۇق
غورىلار شېرىنلىك بىلەن تولغان كۈز مەمۇرچى-
لىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ.

يازمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. گەرچە بالىلار
خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خىزمەتتى-
كى جىددىيچىلىك زادىلا پەسەيمىدى. ئائىلە، با-
لىلارنىڭ غېمى ۋە ھايات ئۈچۈن بولغان كۆپ
يىللىق كۈرەشلەر بىزنى خېلىلا چارچاتتى. مەن
بەزىمىكەش ئاغىنىلەر بىلەن بىللە بولۇپ تۈن
نىسپى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېلىشنى جىددىي-
چىلىكنى پەسەيتىپ، ھارغىنلىقنى تۈگىتىش-
نىڭ يولى دەپ تاللىۋالدىم. شۇنداق قىلمايمۇ
ئامال يوق ئىدى. باشقىلار ماڭغان يولدا جەزمەن
مېڭىشىم كېرەك، خەق چالغان مۇقامغا قۇلاق
سالماي بولمايدۇ، كىمنىڭ بېغىدا ئولتۇرساق
شۇنىڭ ناخشىسىنى توۋلايدىغان گەپ. ئەۋلادلار
ئۈچۈن يول ئاچماسلىق ئەجدادقا نىسبەتەن
گۇناھ. ۋەھالەنكى سېنىڭ باشقىچە بولۇپ قال-
غانلىقىڭمۇ ماڭا ئايان بولدى. جىددىيلىك ۋە
ھارغىنلىق ئاخىر سېنى كاردىن چىقىرىشقا باش-
لىدى. شۇنى ھېس قىلدىمكى، سەن كۈندىن-
كۈنگە تەرسا، ئاچچىقچان بولۇپ كېتىۋاتاتتىڭ.
چېھرىڭدىكى ئىللىق كۈلۈمسىرەشلەر ۋە مېھ-
رىبانلىقىنىڭ نۇرلىرى ئۆچتى. بىر زامانلاردا قى-
يادىن كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇغا پۇتلىرىنى
ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان يېگانە گۈل، تۈنلىرى
شام بولۇپ يانغان نۇرانە سىما قېنى؟ مەن ئىزدەي-
مەن. جىمجىت تۈننىڭ پىنھان روجەكلىرىدىن
بىپايان بوشلۇقلارغا ئۇھسىنىپ قارايمەن.
ئاسمان گۈمبىزىدە شۇنچە نۇرغۇن يۇلتۇزلار
پارلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما مەن ئىزدىگەن يۇلتۇز

كۆزۈمگە چېلىقمايدۇ. يۇلتۇزلار پارلىماس بولۇپ قالدىمۇ ياكى كۆزلىرىم خىرەلىشىپ ئاشۇ يۇلتۇزنى تونۇماس بولۇپ قالدىممۇ؟ بۇ بىر سىر، دۇنيا سىرلار بىلەن تولغان، يېشىلمەيدىغان سىرلارمۇ مەۋجۇت.

كۈز، ياپراقلار تامام سارغايدى. ئانا يەر ئالتۇن رەڭ شايىدىن كىمخاپ كىيدى. ھەممە ياق شېرىنلىك ۋە مەمۇرچىلىققا تولدى. بىز ھايات بېغىمىزنىڭ مەي بولۇپ پىشقان بىر تال مېۋىسىگە ئېغىز تەگدۇق. سەن چەكسىز خۇش بولدۇڭ، مەن بىر تەرەپتىن خۇش بولغان بولساممۇ، يەنە بىر تەرەپتىن نېمىشقىدۇر غەمكىن بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئاشۇ مېۋىلەرنى شېرىنلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قۇياش ۋە ھاۋانى سۈمۈرۈپ كۆپ بەدەللەرنى تۆلىگەن، بوران-چاپقۇنلاردا مۇھاپىزەت كۈنلۈكى بولغان يوپۇرماقلارنىڭ سارغىيىپ، بىر-بىرلەپ شىرىقلاپ تۆكۈلۈشى كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. سېنىڭ خۇشلۇقۇڭ ئۆز ئەتراپىڭدىلا دەۋر قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلىۋى ئىللىقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، چېھرىڭدىكى مېھرىبانلىق ۋە ئەپۇچانلىقنى يېڭىباشتىن نۇرلاندۇرۇشقا ياردىمى بولمىدى. شۇ تاپتا بىپەرۋا بىر سىما خۇددى كۆلەڭگىدەك كۆز ئالدىمدا ئەگىشىپ يۈرەتتى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمگە نۇرغۇن ئىشلار كېچىدۇ، ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك ئويلايمەن، تەگرىنىڭ ماڭا رىۋايەتلەردىكىدەك غايىبانە سېھرىي كارامەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. شۇنداق بىر سېھرىي كارامەت ئىگىسى بولۇپ قالسام، كۆز ئالدىمدا ئەگىشىپ يۈرگەن پەرۋاسىز كۆلەڭگىنى بىرلا سۈپكۈچلەپ، ئورنىغا ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ يېگانە گۈلنىڭ مېھرىبان، مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل يارقىن سىماسىنى قايتۇرۇپ ئەكېلەتتىم. مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم، سېغىنىدىغىنىم ئاشۇ سىما بولماي نېمە؟! ئەپسۇسكى مەندە ئۇنداق سېھرىي كارامەت يوق.

كەچ كۈز، ياپراقلار تامام تۆكۈلۈپ، كۈزنىڭ مەمۇرچىلىقى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن باراقسان دەرەخلەر ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك دەرىجىدە يالىڭاچلىنىپ قالدى. بەرگىدىن ئاجراپ ئانا تۇپراققا باغرىنى ياققان مىسكىن ياپراقلارنىڭ تەقدىرى شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق، تەبىئەتتىكى ئاپپاق قىرووۋ باسقان غېرىبلىق بىزگە، بارلىق ھاياتلىققا ئوخشاش بولغان بىر خىل مۇقەررەرلىكتىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن تۈن قوينىدا، ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىم بىلەن ئەينەككە قاراپ باقتىم. چېكە چاچلىرىمغا ئاق كىرىپ، ھايات بېغىمنى قىرووۋلار بېسىشقا باشلاپتۇ. يېنىك قەدەملەر بىلەن بېرىپ ئۇيقۇدىكى ساڭا قاراپ باقتىم، تەڭرىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغانلىرىمۇ ئوخشاش قىسمەت. ئاز كۈنلەردىن كېيىن بىزمۇ خۇددى ئاشۇ سارغايغان ياپراقلاردەك زېمىنغا باغرىمىزنى يېقىپ يېتىپ قالىمىز. بەرگلىرىمىزدىن ئاجراپ زېمىنغا چۈشكىچە بولغان بىر قانچە دەقىقە ئىچىدە كۆزلىرىمىز ھامان ئۇچرىشىدۇ-دە، شۇندىلا بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا زادىلا قىيالمايدىغانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. پۇشايمان ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىمىزنى ئۆمەللەيمىز-يۇ، ئۈلگۈرەلمەيمىز. شۇنداق، ھاياتتا ئەپۇ قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. پانىي دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئىشەنچلىك ئەمەس. ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد كۆپ ھاللاردا تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. بىرەر نەرسىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزغان ۋاقتىمىزدا شۇ نەرسە چىن بولۇپ، ئىشەنچىمىز يوقالغان چاغدا شۇ نەرسە ساختىدەك تۇيغۇدا بولۇشىمىز بەرھەق.

تۈن جىمجىت، بىپايان دالا شىۋىرغانلىق. يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرىدىغان تۈن بوشلۇقىنىڭ رەڭگى تۇتۇلغان، روجەك قاپقاراڭغۇ، قەلبىمدىكى مەيىن داۋالغۇشلارمۇ تىنچىغان. قاراپ باق، ئاشۇ داۋالغۇشلار مۇجەسسەم كۆلنىڭ قىرغاقلىرىنى نېپىز مۇز تۇتتى. بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇ-

كۆزۈمگە چېلىقمايدۇ. يۇلتۇزلار پارلىماس بولۇپ قالدىمۇ ياكى كۆزلىرىم خىرەلىشىپ ئاشۇ يۇلتۇزنى تونۇماس بولۇپ قالدىمىمۇ؟ بۇ بىر سىر، دۇنيا سىرلار بىلەن تولغان، يېشىلمەيدىغان سىرلارمۇ مەۋجۇت.

كۈز، ياپراقلار تامام سارغايدى. ئانا يەر ئالتۇن رەڭ شايىدىن كىمخاپ كىيدى. ھەممە ياق شىرىنلىك ۋە مەمۇرچىلىققا تولدى. بىز ھايات بېغىمىزنىڭ مەي بولۇپ پىشقان بىر تال مېۋىسىگە ئېغىز تەگدۇق. سەن چەكسىز خۇش بولدۇڭ، مەن بىر تەرەپتىن خۇش بولغان بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن نېمىشقىدۇر غەمكىن بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئاشۇ مېۋىلەرنى شېرىنلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قۇياش ۋە ھاۋانى سۈمۈرۈپ كۆپ بەدەللەرنى تۆلىگەن، بوران-چاپقۇنلاردا مۇھاپىزەت كۈنلۈكى بولغان يوپۇرماقلارنىڭ سارغىيىپ، بىر-بىرلەپ شىرىقلاپ تۆكۈلۈشى كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. سېنىڭ خۇشلۇقۇڭ ئۆز ئەتراپىڭدىلا دەۋر قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلىۋى ئىللىقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، چېھرىڭدىكى مېھرىبانلىق ۋە ئەپۇچانلىقنى يېڭىباشتىن نۇرلاندۇرۇشقا ياردىمى بولمىدى. شۇ تاپتا بېپەرۋا بىر سىما خۇددى كۆلەڭگىدەك كۆز ئالدىمدا ئەگىپ يۈرەتتى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمگە نۇرغۇن ئىشلار كېچىدۇ، ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك ئويلايمەن، تەڭرىنىڭ ماڭا رىۋايەتلەردىكىدەك غايىبانە سېھرىي كارامەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. شۇنداق بىر سېھرىي كارامەتكە ئىگىسى بولۇپ قالسام، كۆز ئالدىمدا ئەگىپ يۈرگەن پەرۋاسىز كۆلەڭگىنى بىرلا سۈپۈرگۈچلەپ، ئورنىغا ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ يېگانە گۈلنىڭ مېھرىبان، مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل يارقىن سىماسىنى قايتۇرۇپ ئەكېلەتتىم. مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم، سېغىنىدىغىنىم ئاشۇ سىما بولماي نېمە؟! ئەپسۇسكى مەندە ئۇنداق سېھرىي كارامەت يوق.

كەچ كۈز، ياپراقلار تامام تۆكۈلۈپ، كۈزنىڭ مەمۇرچىلىقى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن باراقسان دەرەخلەر ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك دەرىجىدە يالىڭاچلىنىپ قالدى. بەرگىدىن ئاجراپ ئانا تۇپراققا باغرىنى ياققان مىسكىن ياپراقلارنىڭ تەقدىرى شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق، تەبىئەتتىكى ئاپپاق قىرووۋ باسقان غېرىبلىق بىزگە، بارلىق ھاياتلىققا ئوخشاش بولغان بىر خىل مۇقەررەرلىكتىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن تۈن قوينىدا، ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىم بىلەن ئەينەككە قاراپ باقتىم. چېكە چاچلىرىمغا ئاق كىرىپ، ھايات بېغىمنى قىرووۋلار بېسىشقا باشلاپتۇ. يېنىك قەدەملەر بىلەن بېرىپ ئۇيقۇدىكى ساڭا قاراپ باقتىم، تەڭرىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغانلىرىمۇ ئوخشاش قىسمەت. ئاز كۈنلەردىن كېيىن بىزمۇ خۇددى ئاشۇ سارغايغان ياپراقلاردەك زېمىنغا باغرىمىزنى يېقىپ يېتىپ قالىمىز. بەرگلىرىمىزدىن ئاجراپ زېمىنغا چۈشكىچە بولغان بىر قانچە دەقىقە ئىچىدە كۆزلىرىمىز ھامان ئۇچرىشىدۇ-دە، شۇندىلا بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا زادىلا قىيالمايدىغانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. پۇشايمان ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىمىزنى ئۆمەللەيمىز-يۇ، ئۈلگۈرەلمەيمىز. شۇنداق، ھاياتتا ئەپۇ قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. پانىي دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئىشەنچلىك ئەمەس. ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد كۆپ ھاللاردا تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. بىرەر نەرسىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزغان ۋاقتىمىزدا شۇ نەرسە چىن بولۇپ، ئىشەنچىمىز يوقالغان چاغدا شۇ نەرسە ساختىدەك تۇيغۇدا بولۇشىمىز بەرھەق.

تۈن جىمجىت، بىپايان دالا شىۋىرغانلىق. يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرىدىغان تۈن بوشلۇقىنىڭ رەڭگى تۇتۇلغان، روجەك قاپقاراڭغۇ، قەلبىمدىكى مەيىن داۋالغۇشلارمۇ تىنچىغان. قاراپ باق، ئاشۇ داۋالغۇشلار مۇجەسسەم كۆلنىڭ قىرغاقلىرىنى نېپىز مۇز تۇتتى. بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇ-

نىڭدا نە تەشۋىش، نە ھاياجان، نە ئىنتىلىش مەۋجۇت ئەمەس. نېمىشقىكىن روچەكلەردىن يەنىلا كۆز ئۈزمىدىم. بەجايىكى مەن كۆز ئۈزگەن مەزگىللەردە، كۆكتىن بىرەر يۇلتۇز ساقىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك.

تاڭ سەھەر، ئاپپاق قارزېمىننى چىرايلىق كەشتىلەپ قويۇپتۇ. كەڭ دالىدىكى يېگانە بۇلاق بويىدا، سوغۇقتىن مەڭزىلىرى قىزارغان پادىچى ئوغۇل قويلىرىنى ھەيدەپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردە ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇلاققا، بىردە قاقشال بولۇپ قالغان قورايغا تىكىلىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، قارلار ئېرىپ يەنە باھار كېلىدۇ، گۈللەر ئېچىلىدۇ...

## بېكەتتە

شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە نېمىشقىدۇر سېنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. سېنىڭ بۇ يەرگە كەلمەيدىغانلىقىڭ كۆڭلۈمگە ئايان بولسىمۇ، ھامان بىر كۈنى سېنى ئۇچرىتىپ قالىمەنغۇ دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. مۇھەببەت شۇنداق بولسا كېرەك، ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان ئاجايىپ بىر خىل شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە، مۇشۇ ئولتۇرۇشۇمدىن ھۇزۇر ھېس قىلاتتىم. ئۈستۈمدە ئاپتاپ، يامغۇرغا دالدا بولىدىغان سولياۋ لەمپە، ئاستىمدا سولياۋ ئورۇندۇق. يېنىمدا ئۈچتەك ئاقارغان ساقاللىرىنى چىرايلىق ياستىۋالغان، كېلىشكەن، ئەمما چىرايى سەل ياداڭغۇ، كۆز نۇرى خىرەلەشكەن، يەتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر بوۋاي ۋە مەڭزىلىرى شاختىكى ئالمىدەك قىزارغان چىرايلىق بىر قىز ئولتۇراتتى. نۆۋەتچى ئاپتوبۇسلار كەينى- كەينىدىن بېكەتكە كىرەتتى ۋە يەنە ھايالشىمايلا كېتىپ قالاتتى. ئاپتوبۇستىن نۇرغۇن ئادەملەر چۈشۈپ قالاتتى. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتتىكى كىشىلەرگە پەرۋاسىز قاراپ قويىدىغان يولۇچىلار توپىغا قوشۇلۇپ، ئارزۇ قىلغان مەنزىللەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتەتتى. بوۋاي، مەن، قىز نېمىشقا ئولتۇرىمىز؟ بۇ بىر سىر بولۇپ، مەقسەتلىرىمىز ئۆزئارا ئايان ئەمەس ئىدى.

ئاپتوبۇس قوزغىلىشىغا كۆز ئالدىمدا بوشلۇق ھاسىل بولدى. كوچىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئېگىز دوپ دەرەخلىرىنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىدىن سۈزۈك يامغۇر سۇلىرى تامچىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. بۇ ھال كۆپ يىللار ئىلگىرى شىمالدىكى يايلاقتا ئۆتكەن بىر يامغۇرلۇق سەھەرنى ئېسىمگە سالدى.

نېمىشقىلىقى ئېسىمدە يوق، سەھەر ئويغىنىپ كەتكەنىدىم. چېدىر ئىچى جىمجىت بولۇپ، سەپەرداشلىرىمدىن بىرەرسىمۇ تېخى ئويغانمىغانىدى. چوڭ- چوڭ تىنىشلىرىدىن ئۇلارنى سەپەر ھاردۇرغانلىقى مەلۇم. ھارمىغان بولسام كېرەك، ئۇنداق تۇيغۇ مەندىن يىراق. شۇنداق، ھاياتتا بەزى ئادەملەر ھارغان، يەنە بەزى ئادەملەر ھارغىنلىقنى ئۇنتۇپ يېڭى غىدىقلىنىش، يېڭى قىزغىنلىق ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ. چېدىر تۈڭلۈكىدىن سۇس ئاقىرىپ كۆرۈنگەن سىرلىق ئاسمانغا قارىدىم. تاتلىق بىر ئىستەك مېنى سىرتقا ئۈندەيتتى. چېدىردىن چىقتىم. تاڭ تېخى ئانچە يورۇپ كەتمىگەن بولۇپ، تاغ يامغۇرى شىۋىرلاپ ياغقىلى تۇرۇپتۇ. ئاجايىپ مۆجىزە، سەن ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان بىر پورەك قىزىل گۈلدەك، چېدىر ئالدىدىكى ياپيېشىل چۆپلۈك ئۈستىدە كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرۇپسەن. مەن سېنى تونۇمايتتىم، سەنمۇ مېنى تونۇمايتتىڭ. ئەتراپتا چېدىرلار خېلى كۆپ، سېنىڭ قايسى چېدىردىن چىققانلىقىڭنىمۇ بىلەلمىدىم.

سېھىرلىك ئالەم ئاستىدىكى كىچىككىنە مەۋجۇتلۇقۇم سەن تەرەپكە قاراپ سىلجىدى. مېھرىڭ بەلكى بىر ئاتەشتۇر، ماگنىتقا ئىنتىلگەن تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىدەك سەن تەرەپكە ئېقىپ كېتىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس. سەنمۇ بىرەر مۆجىزىنى بايقىغاندەك، نەزىرىڭ مەن تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى. بىرسى ئەپسۇن

ئوقۇۋەتكەندەك قەدەملىرىم شىپپىدە توختىدى.

— شۇنچە سەھەردە ئويغىنىپ كېتىنىشىڭىز نېمىدىن؟ — قۇلىقىمغا يامغۇر پەردىلىرى ۋە تاڭ تۇمانلىرىنى يېرىپ ئۆتكەن قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋاز ئاڭلاندى. ماڭا گەپ قىلىۋاتاتتىڭ. ئەلۋەتتە گەپ قىلىش، جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك ئىدى. بىزگە توسالغۇ بولىدىغان ھېچ نەرسە يوق. جىمجىتلىق ئىچىدە قاراپ تۇرۇشىمىزدىن پەرىشتىلەرنىڭ رەنجىشى تۇرغان گەپ.

— يايلاقنىڭ تەڭرى ئاتا قىلغان يامغۇرلۇق سەھەرىدىن ھۇزۇرلانماي بولامدۇ؟ يامغۇرنىڭ زېمىننى سۆيۈپ شىۋىرلاشلىرى مېنى دالىغا باشلاپ چىقتى.

— سۆزىڭىز بەرھەق، ئوخشاش دەقىقىلەر بىزگە ئوخشاش تۇيغۇنى ئاتا قىپتۇ. ھالبۇكى، دۇنيا كەڭ ھەم سىرلىق، بەلكىم بىز ئوخشاش بىر چۈش ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەندىمىز، — تاغلار سۈكۈتكە چۆمگەندەك، چەكسىز ئورمانلار جىمجىت ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— شۇنداق، ھايات ۋە ئالەم تاسادىپىيلىكلەرگە تولغان. ئەمدى بىلدىمكى شاماللارھىدىڭىزنى چېدىرىمغا ئېلىپ كىرگەن گەپ، — مەن بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن قايسىمىز چېدىرىدىن بۇرۇن چىققان بولغىيتتۇق دېگەننى ئويلاپ قالدىم.

— ئاجايىپ ئوخشاشلىق، — دېدىڭ سەن شاماللار سۆيۈۋاتقان چاچلىرىڭنى يېنىك ئارقاڭغا تاشلاپ، — ئويغىنىپلا سىرتتا بىرسى مېنى ساقلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلگەندىم.

— ياق، مەن سىرتقا چىقىپلا سىزنىڭ مۇشۇ ھالەتتە تۇرغانلىقىڭىزنى كۆرگەندىم، — دېدىم ھەيرانلىق بىلەن. كۆڭلۈك ئېلىنىۋالمىغان بولغاچقا كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىدى، يامغۇر سۈيى چاچلىرىمدىن بوينۇمغا ئېقىۋاتاتتى.

— ئېھتىمال، چېدىرلىرىمىزدىن ھەر ئىككىلىمىز تەڭلا چىققاندىمىز، مەن چىقسام سىزمۇ ئورنىڭىزدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتىكەنسىز، — دېدىڭ سەن. چۈپلەر ئارىسىدىكى ئاپپاق پاقالچەكلىرىڭنى يەم بىلەن يۆتكەپ، مەن تەرەپكە ئاستا-ئاستا يېقىنلاشتىڭ. پارقىراپ تۇرغان سۇزۇك تامچىلاردىن پۇتلىرىڭنىڭ تىزىڭغىچە ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم.

بىز بىر كۆنلۈكنىڭ ئاستىغا كىردۇق. ئەتەكلىرى يېيىلىپ تۇرىدىغان قىزىل كۆڭلىكىڭ ماڭا ئوت يالقۇنىدەك قايناق تۇيغۇ ئاتا قىلدى. ھېچقانداق شەپە ياكى ئىما - ئىشارەتسىز جەنۇبقا، يەنى تاغ يولى بىلەن پەسكە قاراپ ماڭدۇق. يامغۇر تىنىمسىز تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئارقىمىزدىكى چېدىر جايلاشقان تۆپىلىك، ئالدىمىزدىكى كۆز يەتكۈسىز ئويمانلىقنىڭ مانانلارغا پۈركىنىپ ياتقانلىقىنى بايقىدۇق، قارىماققا مەقسەتسىز كېتىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ھەرگىز مەقسەتسىز ئەمەستۇرمىز. شۇ چاغدا بىزدە ئېنىق بولمىغىنى پەقەتلا مەنزىل، نەگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيتتۇق.

ئېگىزلىكلەر ئارقىمىزدا قالدى، ئەمما جەنۇبتىكى يانتۇ يېشىل ۋادىغا نىسبەتەن بىز يەنىلا ئېگىزلىكتە ئىدۇق. ياندىكى قارىغاي ئۈچلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭقۇر جىلغىدىن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نېمانداق تەڭشەلمىگەن دۇنيا بۇ؟ — سورىدىڭ سەن. بەلكىم بۇنى سەن تەبىئەتتىن سورىغانسەن.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز قايسى جەھەتتىكى تەڭسىزلىك؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردىم.

— دەۋاتقىنىم ئالەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى تەڭسىزلىك، — ئاستا قەدەملەر بىلەن ماڭا يانداش كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدىڭ.

— شۇنداقمۇ؟ — چىرايىڭدىكى سۇزۇك تەبەسسۇم ۋە تېرەن خىياللىرىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغاندىم.

— شۇنداق، مانا قارىمامسىز، شىمال شۇنداق يېشىلچىلىق، ھەممىلا يەردە سۇ. جەنۇبتا بولسا

بىز قاغجىراش ئىچىدە ياشايمىز، قۇملۇقلار چەكسىز بولغىنى بىلەن، بوستانلىقلار تولىمۇ چەكلىك، — شۇنداق دېگىنىڭچە ئالدىڭدىكى رەڭدار گۈللەردىن بىر قانچىنى ئۈزۈپ ئالىقانلىرىڭغا ئالدىڭ.

— بۇنىڭغا نېمە ئامال، تەڭرىنىڭ ياراتقىنى شۇ تۇرسا، ۋايىم يەپ نېمە قىلىمىز؟

— ئۇغۇ شۇ، ھالبۇكى ئامالىمىز بولمىغانلىقتىن ۋايىم يەيدىغان گەپكەن. ئامالىمىز بولغان بولسا، ۋايىم يېيىشىنىڭ ئورنىغا تەڭسىزلىكنى تەڭلىككە ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولاتتۇق، — دېدىڭ ئېغىر ئۇھسىنىپ. كىرپىكلىرىڭنىڭ تىكىلىشىپ، نەزىرىڭنىڭ يىراققا ئاغدۇرۇلغانلىقىنى سەزگەندەك قىلدىم.

جىرا بويىدىكى دوقمۇشتىن ئۆتۈشىمىزگە، ماللىرىنى ھەيدەپ تۆپىلىككە چىقىپ كېتىۋاتقان قازاق يىگىتنى ئۇچراتتۇق. ئوڭ تەرەپتىكى كىچىك بوشلۇققا تىكىلگەن ئاق ئۆينىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر تۈپ قارىغاينىڭ ئاستىدا سىيىر سېغىۋاتقان ئاق چاچلىق موماي دىققىتىمىزنى تارتتى. ئۇنىڭ سۈت چېلىكىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بىر چەتكە سېرىق موزاي باغلاپ قويۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە سالپاڭ قۇلاق چىپار ئىت زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. بىز داۋاملىق پەسكە قاراپ مېڭىپ، قىيا تاش ئاستىدا يامغۇردىن دالدىلىنىپ ئولتۇرغان ساقاللىق تەنھا بوۋاينى كۆردۇق. ئاھ، دۇنيا شۇ قەدەر گۈزەل ئىدى. يامغۇر پەردىلىرى ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنىدىغان ئېگىز - پەس تاغ چوققىلىرى، تۇمانلار ئىچىدە دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان بىپايان تاغ ئورمانلىرى، مەخمەلدەك ياپيېشىل يايلاق، ھۆسنىدىكى سۈزۈك تامچىلار بىلەن شامالدا مەيىن تەۋرىنىپ تۇرغان رەڭگارەڭ گۈللەر... تەبىئەتتە ھېسسىيات بولمىغان بىلەن، كىشى قەلبىدە سۆكۈتلۈك ھاياجان ۋە تاتلىق خىياللارنى ئويغىتىدۇ. ئاھ دۇنيا! باغرىڭغا كۆز ئاچقان ھەر بىر ئىنساننىڭ ھاياتى بىر قىسمەت، بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان قىسمەت. بەلكىم ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۆزىنى ساقلاۋاتقان سۆيگەن قىزى بار، ئۇنىڭ ساقلاۋاتقىنى شېرىن دەقىقىلەر. مەڭزىلىرىدىكى قىزىللىق، چېھرىدىكى تاتلىق ھاياجان، كۆزلىرىدىكى ئويچان تەلپۈنۈش ئۇنىڭ ئاشىق يىگىت ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ. قارىغاي ئاستىدىكى سىيىر سېغىۋاتقان مومايىنى تۇرمۇش ھاردۇرغان. ھالبۇكى ئۇنىڭ ھاياتى چېلىكىدىكى سۈتكە ئوخشايدۇ. قىيا تاش باغرىدىكى بوۋاينىڭ كېلەچىكى يوق، تەنھالىقى ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى ئىچىدە غېرىبسىنىپ ياتىدۇ. بىز بولساق كېلەچىكىمىزنى ئىزدەپ يۈرىمىز.

يۈكسەك غايە، سولماس ئىرادە، ئۈزۈلمەس ھاياتلىق، كىشىلىك تۇرمۇش، مۇھەببەت-نەپرەت، مېھىر-ۋاپا، ئار- نومۇس، ئىشەنچ-ئېتىقاد، جەبىر-جاپا، ئازاب-ئوقۇبەت، بەخت-سائادەت، تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە كېلەچەك خىيالىمغا كەچتى. ئويلار پايانىغا چۆكۈپ قالغان ۋاقتىم سېنىڭ ماڭا زەن سېلىپ قاراۋاتقان ۋاقتىڭ ئىكەن. كۆزلىرىمىز يەنە ئۇچراشتى. بىز يامغۇر يۇيۇپ پاك-پاكىز قىلىۋەتكەن يوغان تاش ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇردۇق. سېنىڭ قاراشلىرىڭ ماڭا ئاجايىپ بىر خىل مۇمكىنچىلىكتىن بېشارەت بەرگەندى. سەن يامغۇر تېخى توختىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاستا-ئاستا ئاقىرىشقا باشلىغان شەرق ئاسمىنىغا ئويچان كۆزلىرىڭ بىلەن قاراپ
قويدۇڭ. تۇمانلار ئارقىسىدىكى قۇياشنىڭ يىراق
تىكى باشقا بىر دۇنيانى يورۇتۇۋاتقانلىقى ئېنى
ئىدى. سەنمۇ بىر قۇياش بولۇپ يايلاقنى يورۇتۇ
ۋاتاتتىڭ، يامغۇر پەردىلىرىدىن شۇڭغۇ
ئۆتكەن سانسىز نۇرلار رەڭدار ھەسەن-ھۈسە
لەرنى ھاسىل قىلىپ، ھاياجان ئىلكىدە ئىزترا
چېكىۋاتقان ياش قەلبىمنى سېھىرلەپ ئۆتتى.

— تەڭرى يايلاققا ئاتا قىلغان پەرىشتە ئەمە
تۇرسىز؟ — سورىدىم مەن ئارىدىكى جىمجى
لىقنى خىجالەت قىلىپ.

— ياق، نەدىمۇ پەرىشتە بولاي، ئادەتتىكى ب

قىزغۇ مەن، ــ سوئالىمغا سىلىق جاۋاب بەردىڭ.

ــ ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

ــ ۋەتەندىشىڭىز بولماي، يەنە كىم بولماقچىدىم؟

ــ ۋەتەنداشىڭىزمۇ بىر يۇرتى بارغۇ ئەمدى؟

ــ يۇرتۇمغۇ بار، بىلىڭكى، يۇرتداشنىڭ ۋەتەنداش بولۇشى ناتايىن. ھالبۇكى ۋەتەنداش گەرچە ناتونۇش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھامان ۋەتەن ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ ئۇنى ھېس قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

ــ نېمىش قىلىسىز سىڭلىم؟ بۇنىغۇ بىلسەم بولا؟

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئىستۇدىنتمەن.

ئارىمىزدا يەنە جىمجىتلىق باشلاندى. يامغۇرنىڭ شىۋىرلاشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. چەكسىز ھەيرانلىق ۋە قايىللىق ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتتىم. نىمانچە ئەقىللىقتۇرسەن، نىمانچە ھايالىقتۇرسەن سىڭلىم!

بىز تىك تاغ يولىنى بويلاپ يەنە ئارقىمىزغا ئېگىزلىككە جايلاشقان، بۇككىدە قارىغاي ئورمانلىرى ئارىسىدىكى چېدىرىمىزغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس. بىز بىر كۇنلۇكنىڭ ئاستىدا. ئوتلۇق تىنىقلىرىڭنى، زىلۋا قامىتىڭ تارقىتىۋاتقان ھارارەتنى سېزىپ تۇرىمەن. ئەمدىلا ئاقىرىشقا باشلىغان شەرق ئاسمىنىنىڭ يېڭىباشتىن تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. دۇرۇس نىيەت بىلەن سېنى قولتۇقلىۋېلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، زادىلا جۈرئەت قىلالمىدىم. قەلبىمدە ساڭا دېيىدىغان نۇرغۇن گەپلەر باردەك قىلاتتى، ئەپسۇسكى گەپنى نەدىن باشلاشنى، قايسى سۆزلەرنى قىلسام مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن نۇرغۇن گۈزەللەرنى كۆرگەن. گەرچە ئۇلار مېنى مەپتۇن قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۈگۈنكىدەك سېھىرلەنمىگەن، خىجىلچىلىق ئىلكىدە قورۇنۇپ قالمىغانىدىم. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى، يوللارنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. راستىنى ئېيتسام، شۇ تاپتا ئالدىڭدا نېمە قىلارىمنى بىلمەي قېلىۋاتاتتىم. «ھەقىقىي گۈزەللەر (تەن گۈزەللىكى بىلەن قەلب گۈزەللىكى تەڭ يېتىلگەنلەر)نىڭ سېھرىي كۈچى ئالدىدا ئەرلەر ھامان بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ راستلىقىغا ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم چىنپۈتتۈم. جىمجىت مېڭىۋېرىش ئىچىڭنى پۇشۇردىمۇ ياكى ماڭا ئىچىڭ ئاغرىپ، مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىدىڭمۇ، ماڭا لەپپىدە قاراپ تۇيۇقسىز سورىدىڭ:

ــ راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، سىز كىم بولىسىز؟ نېمىش قىلىسىز؟ ــ قاراشلىرىڭ ۋە تەلەپپۇزۇڭدىن ھەقىقىي سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

ــ مەنمۇ ئوخشاشلا ۋەتەندىشىڭىز، بىر ئەسكەرمەن، ــ سەن سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ماڭا ئۆگەتكەن ئىدىڭ. مەن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئىسمىمنى قوشۇپ قويۇشنى لايىق تاپتىم، ــ ئىسمىم قەيسەر.

ــ ۋەتەندىشىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم، جاۋابىڭىز مېنى خوش قىلدى، ــ قايرىلغان كىرپىكلىرىڭدىن بىرئاز ھەيران بولغانلىقىڭ چىقىپ تۇراتتى، ــ بىزدە قەيسەر ئىسىملىكلەر كۆپ بولسىمۇ، سىزدەك ئەسكەر بولالايدىغانلىرى بەك ئاز.

ــ سىزنىڭچە ئەسكەر بولۇش شەرەپلىك ئىشمۇ؟ ــ ئاغزىمغا گەپ سېلىپ بەرگىنىڭگە رەھمەت دېگۈم كەلدى كۆڭلۈمدە.

ــ ئەلۋەتتە شەرەپلىك ئىش، بۇ خۇددى ئىستۇدىنت بولغاندەكلا مۇھىم ۋەزىپە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزنى ۋە قىممىتى بار، ــ سەن ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېدىڭ.

ــ مەن باشتا ئۇنداق ئويلىمىغان، ــ قەلبىمدە بىرئاز پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۆتمۈشۈم توغرۇلۇق راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم، ــ مەن پەقەت دادامنىڭ

تەلپى بويىچىلا ئەسكەر بولغان، ئۇنىڭ ئۇمىدى-
نى يەردە قويسام بولمايتتى. مەن ئالىي مەكتەپ
ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن، دادام مېنىڭ جەمئىيەت-
تە لاغايلاپ يۈرۈپ يامان يولغا كىرىپ قېلىشىمى-
نى خالىمايتتى.

— دادىڭىز بارلىق دادىلار ئويلىغاننى ئويلاپ-
تىكەن، — سەن شۇنداق دېگەچ ئۆرۈلۈپ جەنۇبقا
قارىدىڭ، — ئەمدى سىزنىڭ ئەسكەر بولۇشقا
تۇتقان باشتىكى پوزىتسىيەڭىزگە كەلسەك، بۇ
بىر كەسىپنى سۆيۈش مەسىلىسى. كەسىپنى
سۆيۈش، كەسىپنى قەدىرلەش ئۇنچە ئاسان
ئەمەس. ئۆز كەسپىگە نىسبەتەن دەسلەپتە ھەرقان-
داق ئادەمدە سىزدە كۆرۈلگەندەك تۇيغۇ ياكى پو-
زىتسىيە بولىدۇ.

— راست دېدىڭىز، — دېدىم مەن سېنىڭ تې-
خىچىلا جەنۇبقا تىكىلىپ تۇرغان شەھلا كۆزلى-
رىڭگە ياندىن قاراپ، — ئەسكەرلىك ھاياتىم باش-
لانغاندىن كېيىن، مەن بۇ كەسىپنى ئاستا-ئاستا
ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، بۇ
ھاياتىمدىكى قىممەتلىك يىللار بولۇپ قالىدى-
غان ئوخشايدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — ئارقاڭغا ئۆرۈلۈپ،
ئاستا قەدەملەر بىلەن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلى-
دىڭ ۋە مېنى ئەتەي گەپكە سېلىۋاتقاندەك ماڭا
يالت قىلىپ قارىدىڭ.

— ئەسكەر بولۇش ھەقىقەتەن شەرەپلىك
ئىش ئىكەن. چېگرادا تۇرۇپ ۋەتەننى قوغدايدى-
كەنمىز، ئاتا-ئانىمىز ۋە سىزگە ئوخشاش ئاق
كۆڭۈل ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئەمىنلىكىنى ئوي-
لايدىكەنمىز. ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك قىم-
مەتلىك خىسلەت — ئىرادىمىزنى تاۋلايدىكەن-
مىز. جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىققا باش
ئەگمەي، قەيسەرلىك بىلەن ياشاش روھىمىز يې-
تىلىدىكەن. ھالقىلىق پەيت، ئار-نومۇس ئالدىدا
پىداكارلىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرىدىكەنمىز، —
مەن ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق دېدىم.

— سۆزىڭىز تولىمۇ ئورۇنلۇق، — دېدىڭ
سەن رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ. چىرا-
يىڭدا بىر خىل مەمنۇنىيەت تۇيغۇلىرى جىلۋى-
لىنىپ تۇراتتى، — مەن ئارىمىزدىكى ھەر بىر
ئەسكەر بولغۇچىنىڭ سىزدەك ئويلىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن.

مەن گەپ قىلمىدىم. بىز سۈكۈت ئىچىدە
بىر پەس يول يۈردۇق. جىرالاردىكى سۈزۈك تاغ
سۇلىرىنىڭ ئۇلغىيىپ، بوزىرىپ ئېقىۋاتقانلىقى
كۆزىمىزگە تاشلاندى. قىيا تاش دالدىسىدىكى
تەنھا بوۋاي، سىيىر سېغىۋاتقان موماي كۆرۈنمى-
دى. سىيىر، سېرىق موزاي، چېپار ئىت جايىدا
تۇراتتى. قويۇق قارىغاي شاخلىرى خۇددى غايەت
زور كۈنلۈكتەك بۇ جانىۋارلارغا يامغۇردىن دالدى-
لىنىدىغان پاناھگاھ بولغانىدى.

چېدىرىمىزغا يېقىنلاشقاندا سەن نېمىشقى-
دۇر يەنە سورىدىڭ:

— سىز قايسى قىسىمدا ئەسكەر؟

— چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا.

— قايسى چېگرانى ساقلايسىز؟

— شىمالدىكى چېگرانى. ئەنە، ئاۋۇ تاغلار-
نىڭ ئارقىسىدا، — مەن بېشىم بىلەن ئىشارە
قىلىپ، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان شىمالدىكى بىر
تاغ چوققىسىنى ساڭا كۆرسەتتىم.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدى ئۇ ھەيرانلىق
بىلەن ماڭا يەنە بىر قېتىم مەنىلىك قاراپ، — ھە-
قىقەتەن تەلەيلىككەنسىز، قەيسەر!

ھەش-پەش دېگۈچە چېدىر ئالدىغا كېلىپ
قالغانىدۇق. ئارىمىزدا بىر خىل قىيالماسلىق تۇي-
غۇسى ھۆكۈمران ئىدى. ئايرىلىشىمىز مەڭگۈ-
لۈك بولۇپ قالىدىغاندەك، ھەسرەتلىك بېقىشلى-
رىم بىلەن ساڭا قارىدىم.

— لالە، بول! مۇئەللىم سېنى ئىزدەۋاتىدۇ! —
شۇنداق يېقىملىق، زىل بىر ئاۋاز مېنى چۆچۈت-
تى. ئىسمىڭنىڭ لالە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.
خۇددى ساڭا ئوخشاش گۈلگۈن چىراي يەنە بىر
قىز چېدىرىڭ ئالدىدا ساڭا قول پۇلاڭلىتىپ تۇ-
راتتى.

— خوش! — دېدىڭ سەن يانغا بۇرۇلغاچ، ماڭا ئاخىرقى نىگاھلىرىڭنى ھەدىيە قىلىپ، — ئاللا سىزنى قايتا كۆرۈشكىچە ئامان قىلسۇن!

— لالە، بىز يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ؟ — بۇرنۇم ئۇچىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى، كۆزۈمگە لىققىدە ياش كەلگەنلىكىنى سەزدىم.

— بەلكىم، — دېدىڭ سەن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن چېدىرىڭ تەرەپكە مېڭىپ. مەن چىرايىڭنىڭ ئۆمچىيىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلدىم.

تەقدىر ئورۇنلاشتۇرغان ۋىسال دەقىقىلىرى شۇنچىلىك قىسقا بولدى. ھىجران ياشلىرىغا تىمسال بولۇۋاتقان يامغۇر مېنى سۆيمەكتە ئىدى. ئۇستىبېشىم چىلىق-چىلىق ھۆل.

شۇ كۈنى بىز دالا مەشقىگە يۈرۈپ كەتتۇق. قەلبىمدە لىققىدە ئۈمىد، سېنى يەنە چېدىر ئالدىدا ساقلايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم. قىرىشقاندەك شۇ كۈنى كېچىسى چېدىرغا قايتالمىدىم. ئاپتوموبىللىرىمىزدىن چاتاق چىقىپ، مەن ۋە سەپداشلىرىم دالىدا قونۇپ قالدۇق. ئاپتوموبىل ئۈستىدە، بىرىزېنت پالاسنىڭ ئاستىدا يېتىپ، تاڭ ئاتقۇچە سېنى خىيال قىلدىم. يامغۇرنىڭ توختىشىنى، ھاۋانىڭ ئېچىلىپ، گۈزەل يايلاق كېچىسىنىڭ كۈلۈپ بېقىشىنى، ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ كۆكتە پەيدا بولۇپ، سامانيولىنىڭ ئاقىرىپ كۆرۈنۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇم. يامغۇر توختىمىدى. سامانيولى تۇرماق، بىرەرتال يۇلتۇزنىمۇ كۆرەلمىدىم. ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ تولغانغانلىقىم تا ھازىرغىچە ئېسىمدە.

تەقدىرىم شۇنداق بولسا كېرەك. ئىككىنچى كۈنى قايتىپ كەلسەم، سەن ۋە سەپەرداشلىرىڭ بۇ يەردىن غايىب بوپسىلەر. پىغانىم ئۆرلەپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغىلى تاس قالدىم. بىراق، سېنىڭ «بەلكىم» دېگەن سۆزۈڭ، گۈزەل سىمايىڭ، تېرەن پىكىرلىرىڭ، شەرم-ھايالىق بېقىشلىرىڭ، بىز بىرگە ئايلانغان تاغ يوللىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ياشاشقا بولغان ئۈمىدلىرىمگە مەھكەم يېپىشتىم. ئىككىمىز بىرگە ماڭغان تاغ يوللىرىدا تەكرار ماڭدىم، تەنھا بوۋاي كۆزۈمگە چېلىقمىغان بولسىمۇ، سېيىر سېغىۋاتقان موماي بىلەن قازاق يىگىتنى قايتا ئۇچراتتىم. چېدىرىڭ تىكىلگەن ئىزنى، ئەتراپتا قېلىپ قالغان تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈردۈم. ھېدىڭ بۇرنۇمغا پۇراپ تۇردى. ئاخىر مۆجىزە يۈز بەردى. يېشىل چۆپلەر ئارىسىدىن سەن قالدۇرغان بىر باغاقچىنى تېپىۋالدىم. مېنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقىمنى، ئىزلىرىڭنى جەزمەن ھىدلايدىغانلىقىمنى كۆڭلۈڭ تۇيغان چېغى، ئاددىي بولسىمۇ شۇنداق قىممەتلىك بولغان بىر سوۋغىنى ماڭا قالدۇرۇپسەن. شۇ چاغدىكى ھاياجىنىمنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى سەن بەلكىم ھېس قىلالماسلىقىڭ مۇمكىن. باغاقچىنى ھاسىراپ تۇرۇپ ئاچتىم. ئۆزۈڭدەك چىرايلىق يېزىقلار كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى. باغاقچىغا جەنۇبىي جۇڭگودىكى داڭلىق بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغانلىقىڭ، مېنى كۆپ ساقلىغانلىقىڭ، كوللېكتىپىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنۇپ، ئاخىرغىچە ساقلىيالمىغانلىقىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن ئەپۇ سورايدىغانلىقىڭنى بىلدۈرۈپ يېزىپسەن. شۇ چاغدا ئەقلىڭدىن، پەزىلىتىڭدىن چەكسىز سۆيۈنگەنىدىم.

ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئەسكەرلىكتىن بوشىنىپ، ئۇدۇللاپ جەنۇبىي جۇڭگودىكى سەن تىلغا ئالغان ھېلىقى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا باردىم. مىڭ ئەپسۇس، سەن بۇ يەردىن كېتىپ قالغان ئىدىڭ. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق يازدا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقىڭ توغرىسىدىكى ئۇچۇرغا تەسلىكتە ئىگە بولغان بولساممۇ، ئەمما ھېچكىم سېنىڭ نېمە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىڭ، ئالاقىلىشىش ئادرېسىڭنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلمىدى.

قايتىپ كېلىپ مىڭ تەسلىكتە مەركىزىي شەھەردىن بىر كىشىلىك خىزمەت تاپتىم. ئاتام-

نىڭ يۇرتقا قايتىپ كەل دېگەنلىرىگىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. خىزمىتىمنىڭ بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولسىمۇ، ماڭا قالتىس يارايتتى. مۇشۇنداق خىزمەت ئورنىغا ئىگە بولغانلىقىمدىن قەۋەتلا خۇش ئىدىم. مەن مەلۇم بىر پۇل مۇئامىلە ئورگىنىدا كۆزەتچىلىك قىلدىم. ھەر كۈنى دەرۋازا يېنىدىكى كۆزەتچىلىك سۇپىسىدا تۇرۇپ، سېنىڭ تاسادىپىي يولدىن ئۆتۈپ قېلىشىڭنى كۈتەتتىم. دەم ئېلىش كۈنلىرى بولسا بېكەت ئورۇندۇقلىرىدا دىققىتىمنى ئالدىراش يولۇچىلار توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تاكى كەچ كىرگىچە ئولتۇراتتىم. ھالبۇكى، سەن مەن ساقلىغان خاس كوچىدىن بىر قېتىممۇ ئۆتمىدىڭ، بېكەتلەردە تاسادىپىيمۇ ئۇچرىمىدىڭ. ئەجەبا، مەن سېنى مەڭگۈ تاپالماسمەنمۇ؟ مەن ئارزۇلىغان شەھەرنىڭ سېنى شۇنداقلا يۇتۇپ كەتكىنى نېمىسى؟!

بېكەتكە يېڭى كىرگەن ئاپتوبۇسنىڭ سىگنالى مېنى ئەسلىمىلەر قوينىدىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى. يېنىمدا ئولتۇرغان مەڭزىلىرى شاختىكى ئالمىدەك قىزىل، چىرايلىق قىزنىڭ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، كۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ چاقناپ، قەلبىنىڭ شادلىققا تولغانلىقىنى سەزدىم. قىزنىڭ چېھرىدىكى مەيۈسلۈك نەلەرگىدۇر يىتكەن بولۇپ، كېلىشكەن يىگىت ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتاتتى. قىز يۈگۈرگەن پېتى ئاپتوبۇس ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى. ئاپتوبۇس قوزغىلىپ، مەنىسىز جىمجىتلىق يەنە باشلاندى.

— دادا، ئەجەبمۇ ئەنسىرەتتىڭىز ئادەمنى، — ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى مېنى ئىختىيارسىز ئارقىغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. سۆسۈن رەڭلىك كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغان، ئوتتۇرا ياشلىق كېلىشكەن ئايال يېنىمدىكى بوۋايغا سۆزلەۋاتاتتى، — ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، بۈگۈن بۇ بېكەتكە كېلىپ ئولتۇرۇۋاپسىز، سىزگە ھەر كۈنى دەۋاتىمەن، ئاپام تۈگەپ كەتكەن تۇرسا، تۈگەپ كەتكەن ئادەم ئاپتوبۇس بىلەن قايتىپ كېلەمتى؟ يۈرۈڭ ئۆيگە كېتىمىز!

— قىزىم، كىم دەيدۇ ئاپاڭنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ؟ ئۇ سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، ھامان قايتىپ كېلىدۇ، — بوۋاي شۇنداق دېدى.

— راست دەيسىز دادا، ئاپام سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، قارىغاندا بۈگۈن قايتىپ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ئەتە ساقلايلى، — ئايال كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بوۋاينى يۆلەپ تۇرغۇزدى، — يۈرۈڭ ئۆيگە.

بىلەمسەن؟ بوۋاي مومىيدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئەقلىدىن ئازغان ئادەمكەن. بىراق ئۇ مومىيىنىڭ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىپ، بېكەتلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىكەن. مەن بۇنى قىزنىڭ ماڭا قاراپ باش چايقاپ قويۇشلىرىدىن بىلدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مۇھەببەت شۇنداق نەرسىمۇ؟ ئۇ ھەركىمنى ھەر كويغا سالامدۇ؟ بەلكىم ياش قىز مۇرادىغا يەتتى. بوۋاي مەڭگۈلۈك چوغ ئىچىدە ياشاۋېتىپتۇ. مەن كۈتتۈم، كەچ كىرىپ قالغان بولسىمۇ كۈتۈۋاتىمەن، يەنە كۈتىمەن، كۈتۈش پېشانەمگە پۈتۈلگەن چېغى. ئەپسۇس، ياش قىزنىڭ بايىقى خۇشاللىقى، بوۋاينىڭ ياشانغاندىكى سەرسانلىقى ماڭا بىر قېتىم نېسىپ بولسىچۇ كاشكى!

(ئاپتور ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر **قاھار نىياز**

www.uyghurkitap.com



فارۇك كەيسان (تۈركىيە)

# چوڭ ئۆي

(ھېكايە)

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **چوپانى**

بۇ ھېكايە ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئەمما ھەر ئىككى ھېكايىدە ئوخشاش بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. بىرىنچى قىسمى، پەقەت 400 ئەتراپىدا تۈركچە سۆز بىلىدىغان كىچىك بىر بالىنىڭ تىلىدىن بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قىسمى ۋە خاتىمىسى بولسا باشقا بىرسى تەرىپىدىن بايان قىلىنىدۇ...

1

«مېنىڭ ئىسمىم مەنسۇر، ئافغان. ئافغانلار ناھايىتى جەسۇر كېلىدۇ، مەنمۇ ناھايىتى جەسۇر. دادام ئانام ئىككىمىزگە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتتى، مەن قىلچىلىك قورقمىدىم، ناھايىتى تېز، ئاسان ئۆگىنىۋالدىم. بىزنىڭ ئۆيىمىز بەك كىچىك، ئەمما ئۆيىمىزدە بىزدىن باشقا مۇھەممەد تاغام ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ تۇرىدۇ. مۇھەممەد تاغام دادامنىڭ ئاكىسى، يەنى دادامدىن چوڭ. بۇ كىچىك ئۆيىمىزدە ئىككى قولنىڭ بارمىقىچىلىك جىق ئادەم بىللە ياشايمىز. دادام بىر كېچىسى، دەل- دەرەخلەر چېچەكلىگەندە بۇ يەردىن كېتىدىغانلىقىمىزنى، يەنى دەل- دەرەخلەر چېچەكلىگەندە ناھايىتى چوڭ ۋە پەقەت بىزنىڭلا بولىدىغان ئۆيىمىزگە كېتىدىغانلىقىمىزنى دېگەندى. كېيىن دادام تۇيۇقسىزلا كېسەل بولۇپ قالدى. قورسىقىنىڭ يېنىدا ئۇزۇن بىر بارماقچىلىك يارا پەيدا بولۇپ قالدى. دادامنىڭ قورسىقى بەزىدە قاناپ كېتەتتى. ئەمما دادام يېڭى، چوڭ ئۆيىمىزگە كەتكىچە يارىسىنىڭ ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ھەر جۈمە كۈنىدە بىز سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە باراتتۇق. ئەمما بۇ قېتىم دادام بارمىدى، چۈنكى قورسىقى كېسەل ئىدى.

سۇ ناھايىتى سوغۇق ئىدى. مەن ناھايىتى جەسۇر بولغاچقا پەقەتلا قورقمىدىم. ئاناممۇ ناھايىتى جەسۇر، ئۇمۇ قورقمىدى.

* * *

مۇھەممەد تاغامنىڭ بىر قولنىڭ بارمىقىچىلىك بالىلىرى بار، ئۇلار سافىيا، دۇركادىن، ئارسلان، مۇھەررەم ۋە كىچىك بالىسى نۇرھان. كىچىك نۇرھان كېسەلچان بولغاچقا، بىز بىلەن ئوينىمايدۇ. ئانامنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ بولغانلىقى ئۈچۈن كېسەل بولۇپ قاپتۇ. ئانىسىنىڭ كۆكسىدىن سۈت كەلمەسمىش. بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ھەمىشەم يېمەكلىك بولۇۋەرمەيدۇ، شۇڭا بەزى كېچىلىرى قورسىقىم مۇشۇكتەك مىياۋلاپ كېتىدۇ، ئانامنىڭمۇ قورسىقى مۇشۇكتەك مىياۋلايدۇ، مەن ئۇنى تۇيۇپ تۇرىمەن. ئەمما دادام چوڭ ئۆيىمىزگە بارغىنىمىزدا ناھايىتى چوڭ ئىشكاپ ئىچىدە جىق يېمەكلىكلىرىمىز بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دادام ماڭا ئارىسىدا شاكىلات بار نان بېرىدىكەن. ئۇ ناننى مەن بىر قېتىم يېگەنىدىم. بەك تاتلىق. دادامغا ئەسكەرلەر بېرىپتىكەن. دادام ئانام ئىككىمىزگە بەرگەن.

* * *

بىزنىڭ ئافغانىستاندا جىق ئەسكەرلەر بار. دادام ئۇلارنىڭ باشقا يەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار بىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا يىراقلاردىن كەپتۇ. دادام ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزىلىرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بايرىقى قىزىل، ئىچىدە ئاي ۋە يۇلتۇزلىرى بارلارمۇ بار. ئۇلارمۇ دادامدەك جۈمە كۈنى ناماز ئوقۇيدۇ. دادام ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ؛ بايرىقى كۆك رەڭلىكلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ بايرىقىدا جىق يۇلتۇزلار بار، ئىككى قولنىڭ بارمىقىدىنمۇ كۆپ. ئەمما دادام مېنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمە دەيدۇ. لېكىن دادام بىلمەيدۇ، بىر كۈنى ئۇلارمۇ ماڭا ئارىسىدا شاكىلات بار نان بەردى. ئۇمۇ ناھايىتى تاتلىق ئىدى. ئۇ ناننى مۇھەممەد تاغامنىڭ كىچىك بالىسى نۇرھانغىمۇ بەردىم. نۇرھان بەك خۇشال بولدى، بۇنى كۆرۈپ يەڭگەم يىغلاپ كەتتى ۋە مېنى بىر مۇنچە سۆيۈپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن يىغلىدى، بىلەلمىدىم.

* * *

مېنىڭ بىر دانە ئويۇنچۇق مىلتىقىم بار، ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. ئانام ئۇنىڭغا بىر باغ بېكىتىپ بەردى. بوينۇمغا ئاستىم، دادام چوڭ ئۆيىمىزگە بارغاندا ماڭا ئەسكەرچە كىيىم ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چوڭ ئۆيىمىزگە تېزرەك كەتكۈم كېلەتتى. شۇڭا دادامنىڭ ئىتتىكرەك ساقىيىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. دادام بىر كېچە كۆككە قاراپ يېتىپ چوڭ ئۆيىمىز ھەققىدە سۆزلىدى. شۇ چاغدا كۆكتە ئاي بار ئىدى، ناھايىتى ئاق ۋە چىرايلىق ئىدى. مەن دادامدىن: «چوڭ ئۆيىمىزدىمۇ ئاي بارمۇ؟» دەپ سورىدىم. دادام: «ئۇ يەردىمۇ ئاي بار»، دېدى. دادامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەردە ئوينايدىغان جىق نەرسىلىرىم بولارمىش. ئەسكەرلەرنىڭ توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. مېنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش توپۇم بولىدىكەن. مۇھەممەد تاغامنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭمۇ توپى بار. كېچىلىرى «باشقىلار ئېلىۋالمىسۇن» دەپ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئىتتىك كونىراپ كەتمىسۇن دەپ ناھايىتى ئاز ئوينايدۇ. مېنىڭمۇ توپۇم بولىدۇ، ئوينىغان ۋاقىتلىرىمدا كېچىلىرى ئۆيىمىزدە تۇرىدۇ. «نېمىشقا چوڭ ئۆيىمىزگە تېزرەك كەتمەيمىز» دېدىم دادامغا. دادام ئۇ يەرگە باشقىلار بىلەن بىللە كېتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. بىز ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىكەنمىز.

* * *

قار ياغقان چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيىمىز ناھايىتى سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ، يامغۇر ياغقان چاغلاردا تورۇستىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدۇ. مۇھەممەد تاغام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن يامغۇر ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ ئۆگزىگە يالتىراق ياپتۇق. دادام بۇ ئىشقا قاتناشمىدى، چۈنكى قورسىقى كېسەل ۋە ھەمىشەم قاناپلا تۇراتتى. يېپىلغان يالتىراقنىڭ ئۈستىگە يەنە توپا تۆكتۇق. ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەتتى. ئاخىر يامغۇر ئۆتمىدى. ئەمما يەنىلا

سوغۇق. مەشكە ئوت يېقىلسىلا ئىسسىپ كېتىدۇ، ئەمما مەشكە ئوت كۆپ يېقىلمايدۇ. چۈنكى مەشكە سالىدىغان قالغۇلۇق ئاز. مۇھەممەد تاغام ھەر كۈنى «باللار، مەشكە سالغۇدەك قالغۇلۇق تېپىپ كېلىڭلار» دەيتتى. بىزمۇ ھەر كۈنى كۈن پېتىپ كېچە بولۇشتىن بۇرۇن مەشكە سالىدىغان قالغۇلۇق يىغاتتۇق. بەزى كۈنى مەن جىق يىغاتتىم، مۇھەممەد تاغامنىڭ ئوغلى ئارسلان ئازراق يىغاتتى. بۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد تاغام مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. «بۇنىڭ ئىسمىنى ئەسلي ئارسلان قويۇشىمىز كېرەك ئىدى» دەيتتى دادامغا. دادام «بۇ ئەسلىدىنلا ئارسلان» دەپ مېنى سۆيۈپ كېتەتتى.

ئەمما مەشكە سېلىنىدىغان قالغۇلۇقلار ئىتتىك تۈگەپ كېتەتتى. شۇڭا كۈن چىققان چاغدىمۇ يوتقاندىن پەقەتلا چىققۇم كەلمەيتتى. ئاللىبۇرۇن مەشتە ئوت ئۆچۈپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۆي ناھايىتى تېز سوۋۇپ كېتەتتى. ئانام ۋە يەڭگەم سەھەردە چوقۇم ئىسسىقلىق ①ئېتەتتى. يەڭگەمنىڭ ئىسسىقلىقى ناھايىتى تاتلىق بولاتتى، ئانام ئۇنىڭدەك ياخشى ئېتەلمەيتتى. دادام بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ كېتەتتۇق. دادامنىڭ دېيىشىچە، بىز بارىدىغان چوڭ ئۆيىمىزنىڭ ھەممە ھۇجرىلىرىدا مەش بولىدىكەن. قالغۇلۇق يىغىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوقمىش. چۈنكى مەش ماشىنىغا قۇيۇلغان نېفىت ئارقىلىق ئىسسىيمىش. قانداق ئىسسىيدۇ، بىلمەيمەن. چۈنكى ماشىنىغا قۇيۇلىدىغان نەرسىنى مەن كۆرگەن. سۇغا ئوخشاش ئاقىدۇ، سۇ كۆيەمدۇ؟ ئەمما دادام ياخشى بىلىدۇ، شۇنداق دېگەن بولسا شۇنداقتۇ. ئىشقىلىپ چوڭ ئۆي بەك ئىسسىق بولارمىش. ناشتىدا يېگەن تامىقىمىزمۇ خىلمۇخىل بولارمىش. پەقەت «ئىسسىقلىق»لا بولمايدىكەن. دادام ئانامغا «سەن ھەممىدىن بەك خۇشال بول. چۈنكى سەن تاتلىق ئىسسىقلىق ئېتەلمەيسەن ئەمەسمۇ» دەيتتى چاقچاق قىلىپ. دادام ئانامغا ئامراق ئىدى. ئاناممۇ دادامغا ئامراق ئىدى. مەن ئىككىلىسىگە ئامراق ئىدىم. ئۇلارمۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى. «چوڭ ئۆيگە كېتەيلىچۇ، مەن چوڭ ئۆينى ياخشى كۆرىمەن».

* * *

مەشكە قالغۇلۇق يىغماق ئاسان، ئەمماسۇ ئەكەلمەك بەك قىيىن. چۈنكى مەشكە سالىدىغان قالغۇلۇق ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ. مەشكە نىمە سالسا كۆيۈۋېرىدۇ، ئەمما نىمە بولسىلا ئىچكىلى بولمايدۇ. پەقەت سۇنىلا ئىچكىلى بولىدۇ، ئۇمۇ پاكىز بولۇشى كېرەك، لاي - لاتقىلىرى ئاز بولۇشى كېرەك. مۇھەممەد تاغامنىڭ بىر ئەينەك قاچىسى بار. سۇنى ئۇنىڭ ئىچىگە قۇيىدىمۇ، شۇ قەدەر لاي-لاتقا كۆرۈنىدۇ. سۇ ئەكىلىدىغان يەر بەك يىراق. ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدا ئۇ يەرگە بارىدىغان يول بار. قار ياغمىغان چاغلاردا ئانام بىلەن يەڭگەم سۇ ئەكىلىشكە بارىدۇ. ئەمما قار ياغقان چاغلاردا دادام ياكى مۇھەممەد تاغام بارىدۇ. قوشنىمىزنىڭ ناھايىتى كونا بىر ماشىنىسى بار، ئەمما بەك ياخشى. سۇ ئەكىلىشكە بەزىدە ئۇنىڭ ماشىنىسى بىلەن بارىمىز. قوشنىمىز قوشنا ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى ماشىنىسى بىلەن سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن ئېلىپ باراتتى. ئۇ چاغدا ئانام ۋە يەڭگەم ئۇنىڭغا جىق دۇئالار قىلاتتى. ئۇ بىلالنىڭ دادىسى. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم. دادام «چوڭ ئۆيىمىزگە بارغاندا بىزنىڭمۇ ماشىنىمىز بولىدۇ» دېدى. تېخى جىق پۇلىمىزمۇ بولىدىكەن. ماشىنىغا جىق نېفىت قۇيۇپ ئانام بىلەن مېنى ساياھەت قىلدۇرىدىكەن. مەن دادامدىن: «ئۇ چاغدا سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن ماشىنا بىلەن بارىمىزمۇ؟» دەپ سورىدىم. دادامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ چاغدا سۇ ئەكىلىشكە بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوقمىش. چۈنكى سۇ ئۆيىمىزگە تۇرۇبا ئارقىلىق كېلەرمىش. بۇنى سۇ ئېلىۋاتقان يەردە كۆر-

① ئىسسىقلىق — بىر خىل ناشتىلىق تاماق.

گەندىم. ئاياللار سۇنى تۇرۇبىدىن ئېلىۋاتاتتى. ئاشۇ تۇرۇبىلار ناھايىتى ئۇزۇن بولارمىش ۋە ئۇنىڭ بىر ئۇچى بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدە بولارمىش. بۇنىڭغا بەك قىزىقىپ قالدىم.

قوشنىمىز بىلالنىڭ چېچى ناھايىتى ئۇزۇن، ئەمما بىزنىڭ ئۇنداق ئەمەس. بىزنىڭكى دېگىنىم مۇھەممەد تاغامنىڭ باللىرىنىڭمۇ دېگىنىم، چۈنكى بىز بەك ئاز يۇيۇناتتۇق. ئانامنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ ماشىنىسى ۋە ناھايىتى چوڭ قاچىلىرى بولغاچقا، ئۆيلىرىگە سۇنى جىق ئەكىلەرمىش ۋە جىق يۇيۇنالارمىش. يۇيۇنمىسا چېچى پىتلاپ كېتەرمىش، مەن بىر قېتىم مۇھەممەد تاغامنىڭ قىزى سافىيىانىڭ بېشىدا پىت كۆرگەندىم، ئۇ قىز بالا بولغانلىقى ئۈچۈن چېچىنى ئۆستۈرۈۋالغاندى. ئۇنىڭ بېشى پىتلاپ كەتكەچكە، مۇھەممەد تاغام ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەندى.

بىز قار ياغقان چاغلاردا ئىككى قولنىڭ بارمىقىچىلىك كۈندە بىر قېتىم يۇيۇناتتۇق. ئەمما ئىسسىق كۈنلەردە جىق يۇيۇناتتۇق. ئۇ چاغدا ئانىلىرىمىز يېنىمىزدا بولمىسىمۇ، ئۆزىمىز سۇ ئەكىلىدىغان يەرگە بېرىپ يۇيۇنالايتتۇق. ئانامنىڭ دېيىشىچە، دادام بىزنى چوڭ ئۆيىمىزگە ئېلىپ بارغاندا مەنمۇ چېچىمنى ئۆستۈرۈۋالىدىكەنمەن. چۈنكى ئۇ چاغدا ئۆيىمىزگە تۇرۇبا ئارقىلىق كەلگەن سۇدا ھەر كۈنى يۇيۇنالايدىكەنمەن. دادام يەنە چوڭ ئۆيىمىزنىڭ ئىسسىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. دەل-دەرەخلەر ئىتتىكرەك چېچەكلىسە، يىراقتىكى چوڭ ئۆيىمىزگە ئىتتىكرەك كەتسەك دەيمەن.

* * *

دەل-دەرەخلەرمۇ چېچەكلەشكە باشلىدى. كېتىشىمىز كېرەك ئىدى، كېتىش ۋاقتى كەلگەنىدى. كېيىنكى كۈنلەردە كىچىك ئۆيىمىزدە كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. مېنىڭلا ئەمەس، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. مۇھەممەد تاغاممۇ مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ-سۆيۈپ كېتەتتى. دادام بىر كۈن پېتىمىدا ئۆيگە كېلىپ «ئەتە كېتىمىز» دېگەن چاغدا، تاغام يەنە مېنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ ھىدلىدى. شۇ كېچە بىز پەقەت ئۇخلىمىدۇق، ھەممىسى يىغلىدى. مۇھەممەد تاغام بىلەن دادام سىرتقا چىقىپ كەتتى. بىر پەس بىز بىلمەيدىغان بىر نەرسىلەرنى دېيىشتى. كېيىن ئۆيىمىزگە تۆۋەنكى مەھەللىدىن بىر ئايال كەلدى. ئۇ «سەپەر ئۈستىدە ساقىيىپ قالسۇن، ئاغرىپ كەتمىسۇن» دەپ دادامنىڭ قورسىقىدىكى يارىغا قېتىقتەك ئاق مەلھەم چېپىپ تېڭىپ قويدى. يەڭگەم بىلەن ئانام بىر-بىرىگە بىر نەرسىلەرنى بېرىشتى. يەڭگەم ئۆز بوقچىسىدىن بىر نەرسىلەرنى چىقاردى. ئانامنىڭ كىچىك بىر ساندۇقى بار ئىدى، ئۇنى يەڭگەمگە بەردى. دادام «ئۇنى ئېلىپ ماڭالمايمىز، پەقەت بىر قۇر كىيىم-كېچەك ئېلىۋالىمىز» دېدى. ئانام بىزگە كىچىك بىر بوقچا تەييار قىلدى. ئويۇنچۇق مىلتىقىمنى ئارسلانغا بەردىم. مۇھەممەد تاغامنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەررەممۇ توپىنى ماڭا بەردى. شۇ كېچە ئۇ توپنى يوشۇرماستىن، تۈنجى قېتىم ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندى. ئەمما دادام ئۇنىمۇ ئالالمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. مۇھەررەم مەندىن بۇ كېچە ئۆزى بىلەن يېتىۋېلىشىمنى ئۆتۈندى. ئۇ چاندۇرماستىن يىغلايتتى. يېرىم كېچە بولغاندا ئۇيقۇمىز كەلدى. ئەمما چوڭلار ئۇخلىمىدى. بۇ كېچە ھەممە باللار يانمۇيان يېتىپ ئۇخلىدۇق. بىر قولۇمدا توپۇم بار ئىدى. قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت ئانامنىڭ مېنى قۇچاقلىغانلىقى ۋە يۈدۈگەنلىكى خىرە-شىرە ئېسىمدە. ئانامنىڭ دېيىشىچە، يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيدىن چىقىپتىمىز ۋە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەن يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپتىمىز. مەن ئۇ ماشىنىنى كۈن چىققاندىلا ئويغىنىپ، ناھايىتى چوڭ، لىپمۇلىق سۇ تولغان دېڭىز بويىدا كۆردۈم.

* * *

ھەممە ئادەم بىزنىڭ كىچىك ئۆيچىلىك قىيالىقلارنىڭ ئاستىدا كېمە ساقلاۋاتاتتى، ماشىنىمۇ ئۇ يەردە ئىدى. ئانام ماڭا: «بىز مۇشۇ ماشىنا

بىلەن كەلدۇق»، دېدى. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ ماشىنىغا قانداق پاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. لىپمۇلىق سۇ تولغان دېڭىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم، دادام جىق دەپ بەرگەندى. ئەمما دېڭىز ئۇنىڭ دەپ بەرگىنىدىنمۇ چوڭ ئىدى. ھازىر بۇ دېڭىز توغرىسىدا گەپ قىلىشتىن خىجىل بولىمەن. چۈنكى، مەن ئافغان، ئافغانلار قورقۇمسىز كېلىدۇ. دادام بىزگە بۇ يەردىن كېتىشىمىز ئۈچۈن، چوقۇم سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى ئېيتقانىدى. ئەمما مەن ھازىر بۇنداق قىلالمايتتىم. تۇنجى قېتىم قورقۇۋاتاتتىم. بۇنى دادامغا دېدىم. ئۇ زورۇقۇپ كۈلۈمسىرىدى ۋە: «سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگەن چېغىڭدىكىدەك ئازغىنە سۇدا ئۈزۈۋاتقاندەكلا بىر ئىش بۇ بىزگە» دېدى. ئەمما كۆك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان دېڭىز مېنى قورقۇتتى. ئانامغا يېپىشۇالدىم.

ئۇ يەردە مەندەك تۆت-بەش بالىمۇ بار ئىدى. بىرسىنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق تۇراتتى. توپۇمنى ئالغىلى قويمىغانلىقى ئۈچۈن خاپا بولۇپ دادامغا قارىدىم. لېكىن، ئۇنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن گەپ قىلمىدىم. بۇنچىلىك قارا ئادەمنى تۇنجى قېتىم ئۇ يەردە كۆردۈم. سېرىق ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنى ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە جىق كۆرگەنىدىم. قارا ئادەم ناھايىتى يېقىملىق ئىدى. ئۇ يەنە ئىككى ئادەم بىلەن ھەممىمىزگە نان تارقىتىپ بەردى. ماڭا نان بەرگەن يېقىملىق قارا ئادەم بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ مېنى سۆيۈپ قويدى. كېيىن مەن چۈشەنمەيدىغان بىر نەرسىلەرنى دەپ، كۈلۈپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. ناننىڭ ئارىسىدا دادامنىڭ قورسىقىغا سۇرتۇلگەندەك ئاق بىر نەرسىلەر ۋە يېشىل، كىچىك يۇملاق نەرسىلەر بار بولۇپ، تەمى بەك تاتلىق ئىدى.

كېيىن يىراقتىن ماشىنىدىنمۇ ناھايىتى چوڭ بىر كېمە كەلدى. بۇرۇن كېمىنى رەسىملەردىن كۆرگەنىدىم. ئۇ كېمە ئاق ۋە بەك پاكىز ئىدى. بۇ كېمە قوشنىمىزنىڭ ماشىنىسىدىنمۇ كونا ۋە ئەبجەق كۆرۈنەتتى. كېمىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ كېتىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىراقتىكى چوڭ ئۆيلىرىگە تېزرەك بېرىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. كېمە خېلىلا يېقىنلاپ كەلدى. بۇنچىلىك چوڭ تۆمۈر قانداق بولۇپ سۇغا چۆكۈپ كەتمەيدىغاندۇ، ھەيرەت!

كېمىنىڭ ئىچى بەك سېسىق پۇرايتتى. ئادەمنىڭ دېمىنى سىقاتتى. بىر كېچە-كۈندۈز كېمىنىڭ ئىچىدە ئولتۇردۇق. بەزى بالىلار يىغلاشتى، ئەمما مەن يىغلىمىدىم. لېكىن دادامنىڭ جېنى بەك قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار پەقەت بىر ئەتىگەن ۋە بىر ئاخشاملا بىزگە ئارىسىدا مەلھەمگە ئوخشاش تاتلىق نەرسىلەر بار نان بەردى. كېيىن قارا ئادەم يەنە بىر ئادەمنى باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەم ئازراقمۇ يېقىملىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋارقىراپ بىر نەرسىلەرنى دېدى. دادامنىڭ يېنىدىكى ئادەم ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىزگە ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئادەم يېمەكلىك تۈگىگەنلىكىنى، ئىچىملىك سۇنىڭمۇ ناھايىتى ئاز قالغانلىقىنى، شۇڭا ھەممىمىزنىڭ ھاجەتخانىغا ئارتۇق بارماسلىقىمىزنى ئېيتىپتۇ. دەسلەپكى كۈنى كېمە ئىچىگە چىراغ يېقىلغانىدى. لېكىن بۈگۈن سىرتتا كېچە بولۇشىغا قارىماي چىراغ يېقىلمىدى. يېرىم كېچە بولغاندا بەزىلەر ئۆزلىرى ئولتۇرغان يەرگە ھاجەت قىلدى. ئەسلىدىمۇ بۇ كېمىنىڭ ئىچى بەك سېسىق پۇرايتتى. ئەمدى تېخىمۇ بەك سېسىق پۇراپ كەتتى. بىر-ئىككى ئادەم يىغلىماقچى بولغانىدى، بىراق ھەممىمىزگە ۋارقىرىغان ھېلىقى يېقىمسىز ئادەم كىرىپ يەنە ۋارقىراپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمدىن ئۈن چىقمىدى.

دادام ئانام بىلەن ماڭا ئاستا يۆلەندى، دادام قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنى ئۇنىڭغا دېمىدىم. ئەمما كۆكسىگە بېشىمنى قويغىنىمدا يۈرىكى ئات تۇياقلىرىنىڭكىدەك دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. دادامنى ھاۋاسىز دىمىق كېچە ناھايىتى تەرلىتىۋەتكەنىدى. ئانام ماڭا چوڭ ئۆيىمىزگە بارغىنىمىزدا ھەممە ئىشنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى،

ئۇ چاغدا بۇ ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان ئادەملەردىن
مۇ، بۇ كىچىك كېمىدىنمۇ قۇتۇلۇپ كېتىدىغان
لىقىمىزنى، شۇڭا مېنىڭ تېخىمۇ جەسۇر بولۇ
شۇمنى ئۈمىد قىلدى. ئەلۋەتتە، مەنمۇ چوقۇم ئاس
تىمغا ھاجەت قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. چۈنكى
بىز سۇغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇۋاتاتتۇق. ئەگەر
ئۇنداق قىلسام، دېڭىز قىرغىقىغا چىققاندا كىيى
دىغان باشقا قۇرۇق كىيىملىرىم قالمايتتى. شۇ
سەۋەبتىن «سۇدىن كېچىپ ئۆتكەندە ھۆل بولۇپ
كەتمىسۇن» دەپ، قۇرۇق كىيىملىرىمىزنى بىر
يالتىراق خالتىغا ئەپچىلغىنە سېلىپ، ئاغزىنى
يىپ بىلەن مەھكەم چىگىۋەتكەندۇق.

2

كەلگەن پوچتا يوللانمىلىرىنى تارقىتىشقا
مەسئۇل ياش يىگىت ئىشخانامغا كىرىپ، قولىدى
كى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن بىر
قانچە مەخپىي ھۆججەتنى ئۈستىلىمگە قويۇپ
قويۇپ، ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپ ئىشخانام
دىن چىقىپ كەتتى. كومپيۇتېردا يازغان خەۋە
رىمنى ئاخىرقى قېتىم تۈزىتىپ بولۇپ، ھېلىقى
يىگىت ئۈستىلىمگە قويۇپ قويغان كونۋېرت ۋە
ھۆججەتلەرنى قولۇمغا ئالدىم ۋە چاققانلىق بىلەن
ئۆرۈپ - چۆرۈپ نېمىلەر كەلگەنلىكىگە بىر قۇر
كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا
ھۆججەتلەر كۆپ ئىدى. ئەمما بۇنىڭ بىرسى ئالا
ھىدە بىر ئادرېستىن كەلگەنىدى. لېيتېنانت زىك
رىيا قوماندان يازغان بولۇپ، كوجائەلى ژاندارما قو
ماندانلىق ئىشتابىدىن كەلگەنىدى.

خاتا بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ
كىمگە ئەۋەتىلگەنلىكىگە قايتا قارىدىم: مېنىڭ
ئىسمىم يېزىلغانىدى. ھەممە ئىشلىرىمنى
قويۇپ، كونۋېرتنى ئاچتىم. ئىچىدىن دوكلات
شەكلىدە يېزىلغان ئون بەتلىك ۋە ئىككى
بەتلىك ئىككى پارچە يازما، ئۈچ پارچە رەسىم ۋە
بىر گېزىت چىقتى. دەسلەپ گېزىتكە قاراپ
چىقتىم، ھېچقانداق يېڭىلىق تۇيۇلمىدى. ئۇ
نىڭدا مېنىڭ ئۆتكەن يىل يازغان بىر پارچە خەۋە
رىم بار ئىدى. يەنى بۇ ئادەم سودىگەرلىرى تەرى
پىدىن ئالدىنىپ تۈركىيە ئارقىلىق قاچاق بولۇپ
ياۋروپاغا كېتىۋاتقاندا، ساكاريا دەرياسىدا تۇنجۇ
قۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئافغان مۇساپىرلىرى توغرى
سىدا يازغان خەۋىرىم بولۇپ، كەسپىدىشىم بۇنى
ماڭا رەسىم بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. كۆز ئال
دىمدا دەريا بويىغا جەسەتلىرى قاتار تىزىپ قو
يۇلغان بىر توپ ئىنسان. كېيىن رەسىملەرگە قا
راشقا باشلىدىم. بۇ كىچىك بىر ئافغان بالىسى
نىڭ رەسىمى ئىدى. رەسىملەرنىڭ ئارقىسىغا
خەتلەر يېزىلغانىدى. بىرىسىدە بۇ بالا يىغلاۋاتات
تى. ئارقىسىغا قارىدىم. يىلنامە ۋە خەتلەر بار
ئىدى. خەتتە بۇ بالىنىڭ دەسلەپتە تارتىلغان رە
سىمى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەنىدى. يەنە
ئۆرۈپ قارىدىم. بالا زەئىپ، تولا يىغلىغانلىقتىن
كېسەل چىراي بولۇپ قالغان بولۇپ، رەسىمنى
تارتىۋاتقان كىشىگە ئەندىشە بىلەن قاراپ تۇرات
تى. ئىككىنچى رەسىمگە قارىدىم، قوش كارىۋات
لىق، سەرەمجان بىر ياتاقتا تارتىلغانىدى. ھېلى
قى بالا بۇ قېتىم بىر ئەسكەرنىڭ يېنىدا تۇراتتى.
ئەمما بىرىنچى رەسىمدىكىدەك زەئىپ ۋە
ھالسىز كۆرۈنمەيتتى. ئۇيېنىدىكى ئەسكەرنىڭ
شەپكىسىنى كىيىۋالغان بولۇپ، ئەسكەرچە
سالام بېرىپ، ئاپپاراتقا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇ
راتتى. رەسىمنىڭ ئارقىسىغا قارىدىم. يەنە بىر
يىلنامە بار ئىدى. بىرىنچى رەسىم بىلەن بۇ
رەسىم ئارىسىدىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتكەنىدى.
خەتتە «كوجائەلى قوماندانلىق ئىشتابى مۇساپىر
لار لاگېرى» دەپ يېزىلغانىدى. ئۈچىنچى رەسىم
گە قارىدىم، يەنە ھېلىقى بالا. بۇ رەسىم ئۇنىڭ
بىر ئىش ئۈستىلىدە رەسىم سىزىۋاتقان ھالىتىدە
تارتىلغانىدى. بۇ قېتىم بالا بېشىنى كەينىگە
بۇراپ، رەسىم تارتقان كىشىگە كۈلۈمسىرەپ
قاراپ تۇراتتى. ئالدىدا سىزغان رەسىمى، رەسىم
دە پەقەت چوڭ بىر ئۆي، ئۆي ئالدىدا قول تۇتۇ
شۇپ تۇرغان بەش كىشى ــ ئوتتۇرىدا بىر بالا،
ئىككى يېنىدا بىر ئايال، بىر ئەر، ئىككى - ئۈچ
چوڭ ئادەملەر بار ئىدى. رەسىمنىڭ ئارقىسىغا قا
رىدىم. ئۆتكەن ھەپتىنىڭ يىلنامىسى بار بولۇپ،

92

«چوڭ ئۆي» دەپ يېزىلغانىدى.

قىزىقىش ئىلكىدە ئۇن بەتلىك ۋە ئىككى بەتلىك ئايرىم-ئايرىم ئارخىپنى بىر-بىرىگە باغلىدىم. ئىككى بەتلىك خەتنىڭ ئۈستىدە ئىسمىمنى كۆرۈپ ئالدى بىلەن ئوقۇشنى قارار قىلدىم. بۇ خەت سالام ۋە خەيرلىك تىلەكلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، گويا بىر مەكتۇبقا ئوخشاش ناھايىتى شېرىن تىل بىلەن يېزىلغانىدى. شۇ چاغلاردىكى خاتىرەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆتكەن يىللىقى ۋەقە بىر-ئىككى ئابزاس داۋام ئېتىلىپ، ئاندىن ئەسلىي قىزىقىۋاتقان تېمامدىن — رەسىملەردىكى بالىدىن سۆز ئېچىلغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا مەكتۇب ئەۋەتكەن زىكرىيا قوماندان سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى...

رەسىمدىكى بالىنىڭ ئىسمى مەنسۇر بولۇپ، ئافغانىستانلىق ئىكەن. بۇ بالا ئادەم سودىگەرلىرى تەرىپىدىن ئالدىنىپ، ئۈمىد سەپىرىگە ئاتلانغان مىڭلارچە ئافغان مۇساپىرلىرىنىڭ پەقەت بىرسى ئىدى. مەنسۇر بۇ سەپەرگە ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئافغانىستاننىڭ قايسى رايونىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بالا رايون ۋە يەر ناملىرىنى بىلمەيتتى. ئەمما ئامېرىكان ۋە تۈرك ئەسكەرلىرىدىن سۆز ئاچقىنىغا قارىغاندا، ھەربىي لاگېرغا يېقىن بىر يەرلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى.

مەنسۇرنىڭ دادىسى بۇ سەپەر ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان پۇل ئۈچۈن، شۇ رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەلۇم بىر ئورگانغا بىر بۆرىكىنى ساتقانىدى. ئاللا بىلىدۇ، بۇ ئائىلىنىڭ تەقدىرىگە قانچىلىك باھا قويۇلدى. بەلكىم 1000 ياۋرو ياكى 1500 ياۋرودۇ.

ئۇلار بىر كۈنلۈك مۇساپە بىلەن دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلگەنلىكىگە قارىغاندا، ئىران تەرەپلەردىن كېمىگە چۈشكەندەك قىلاتتى. كېيىن دېڭىز بويىغا يېقىن مەرسىنلىكلەردە ① قۇرۇقلۇقتا چىققانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. بىر ئەبجەق يۈك ماشىنىسى بىلەن 30 سائەتكە يېقىن سەپەر قىلغاندىن كېيىن كوجائەلى تەرەپلىرىگە يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. بالىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، تۇنا دەرياسىدىن ئۆتۈپ يۇنانىستانغا بارماقچى بولۇپ سەپەرنىڭ نىشانى قارارلاشتۇرۇلغان. ئەمما بۇ تىجارەتكە پەسكەشلىك، ئالدامچىلىق يوشۇرۇنغان بولۇپ، بارلىق مۇساپىرلار كېچىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقتىدا ساكاريا دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا چۈشۈرۈلگەن. يامغۇر ۋە بوران-چاپقۇنلار بىلەن دەريا كەلكۈنلىرى تەلۋىلەرچە نەرە تارتىپ تۇرغان بۇ يەرگە كەلگەندە، «قېنى، قاراپ بېقىڭلار، ئۇدۇلىمىز يۇنانىستان» دەپ ئالدىنىپ، ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىغا تاشلانغان.

مەنسۇر تېپىلغاندا يېنىدا پەقەت دادىسى بار ئىكەن. بىراق دادىسى بۇ قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە ناچار مۇھىت ۋە پاسكىنا سۇلاردىن مىكروبلىنىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ بىھوش ھالەتتە ئىكەن. بالىنىڭ «سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنمەك» دېگەن بايانلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئانىسى سۇ ئۈزۈشنى تازا ياخشى ئۆگىنەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. گېزىتكە بېسىلغان رەسىملەردىكى جەسەتلەردىن بىرسى ئۇنىڭ ئانىسىغا ئائىت ئىدى. دادىسى بولسا، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىق قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەجەل چاڭگىلىدىن قايتىپ كېلەلمەپتۇ. ئەسلىي ئاتمىش بەش كىشى بولۇشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلەنگەن بۇ مۇساپىرلاردىن پەقەت مەنسۇردىن ئىبارەت بىرلا بالا، ئۈچ ئايال، ئالتە ئەر قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بۇلارنىڭ كۆپى بىر-بىرىنى تونۇمايدىكەن.

مەنسۇر ئىككى ئايلىق داۋالاشتىن كېيىن، كوجائەلى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ مۇساپىرلار لاگېرىدا قاپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق بىر بالا ئىكەن، بۇ ئىككى ئاي جەريانىدا جىددىي ئېھتىياجلىق تۈركچە سۆزلەرنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئافغانىستان ئەلچىخانىسى بىلەن ئالاقىلەشكەندىن كېيىن،

① مەرسىن — يوپۇرماقلىرى دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل دەرەخ.

ئىككى ئايدىن بېرى مۇساپىر بولغان بۇ قازاغا يو-
لۇققۇچىلار ئافغانىستان ئەلچىخانىسىغا تاپشۇ-
رۇپ بېرىلىپتۇ. ئەمما زىكرىيا قوماندان بالىنىڭ
كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ يول مېڭىپتۇ ۋە جىق
مۇراجىئەتلەرنى قىلىپ بۇ بالىنى بېقىۋالماقچى
بولۇپتۇ. لېكىن يەنىلا دەۋا ئاخىرلاشماپتۇ. ئۇ بۇ
تېمىدا مېنىڭمۇ ياردىمىمنى تەلەپ قىپتۇ.

هازىر بۇ بالا زىكرىيا قوماندان ۋە ئۇنىڭ خوتۇ-
نى بىلەن بىللە ياشاۋېتىپتۇ. ئەمما دەۋا سەل
چىگىش هالغا كېلىپ قاپتۇ. خوتۇنى بىلەن ئىك-
كىسى ئالدىبۇرۇن ئۇنى ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا باغ-
رىغا بېسىپتۇ، مەكتەپكە بېرىپتۇ. كىچىك
مەنسۇر ئەمدىلا 400 دەك تۈركچە سۆز بايلىقى
بىلەن، ئاتا- ئانىسىنى ئۆزىدىن جۇدا قىلغان بۇ ھەس-
رەتلىك، ئۈمىدسىز سەپەرنى يېڭىۋاشتىن بايان
قىپتۇ. زىكرىيا قوماندانمۇ بۇ خەتلەرنى پەش، چې-
كىتلىرىگىمۇ تەگمەستىن ماڭا ئەۋەتىپتۇ.

بۇ ئىككى بەتلىك بايانناممىنى ئوقۇغاندىن
كېيىن قىزىقىشىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىق-
قاندىم. ئالدىدا «ئىسمىم مەنسۇر، ئافغان، ئافغان-
لار ناهايىتى جەسۇر كېلىدۇ. مەنمۇ ناهايىتى
جەسۇر، دادام ماڭا ۋە ئانامغا ‹سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەت-
تى، مەن بۇنىڭدىن پەقەتلا قورقمىدىم» دەپ باش-
لانغان ئون بەتلىك خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.
ئۇ يەردىكى هاياتىنى بايان قىلىپ يازغان بۇ هېكا-
يىنى ئوقۇۋېتىپ، جىق يەرلىرىدە كۆز ياشلىرىم-
غا هاكىم بولالمىدىم. بىر سىقىم دوللار ئۈچۈن
ئادىمىيلىكنى ۋە باشقا ئادەملەرنى بىراۋغا مال
كەبى ساتقان ئادەمسىياق هايۋانلارنىڭ قورقۇنچ-
لۇق ماهىيىتىنى يىلىك- يىلىكلىرىمگىچە
بىلىپ يەتتىم. ئۇستىلىمدە تۇرغان ئىستاكانغا
قول ئۇزاتقان چېغىمدا، مەنسۇر ئۆز ئۆلكىسىدى-
كى سۇنى «لاي- لاتقىسى ئاز» دەپ بايان قىلغان
تەسۋىرلەر، تۇرۇبىلار بىلەن ئۆيگە كېلىدىغان
سۇ ۋە بۇ سۇدا هەر كۈنى يۇيۇنۇشنىڭ خىيال-
نى سۈرۈۋاتقان سەترلەر خىيالىمدىن كېچىپ،
بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك
بولۇپ، خىجىللىق ئىلكىدە بىر- ئىككى يۇتۇملا
سۇ ئىچەلىدىم.

ئاخىرقى ئابزاسىنىڭ ئۈستى تامامەن كۆز
ياشلىرىم بىلەن هۆل بولۇپ كەتتى، دېسەممۇ بو-
لىدۇ. مانا بۇ مەنسۇرنىڭ ئاخىرقى ئابزاسى:

«جېنىم ئانا، جېنىم دادا، مەن هازىر شۇ چوڭ
ئۆيدىمەن، بۇ يەردە هەر كۈنى يۇيۇنالايمەن. مۇ-
هەممەد تاغامنىڭ ناهايىتى ياخشى كۆرىدىغان
سۇيىدىنمۇ بەك سۈزۈك سۇلارنى ئىچىمەن، ئۆي
ئۆز ئەينى سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك ئىسسىق،
چوڭ ۋە مۇهەممەد تاغاملارنىمۇ پاتقۇزغۇدەك
جىق هۇجرىلىرى بار. چۈشلىرىمدىمۇ كۆرەلمەي-
دىغان جىق ئويۇنچۇقلىرىم ۋە هەرخىل رەڭلەردى-
كى ئىككى قولنىڭ بارمىقىچىلىك توپلىرىم بار.
زىكرىيا دادامنىڭ ماشىنىسىمۇ بار، ئۇ بىر
ئەسكەر. سەن ياخشى كۆرىدىغان شۇ بايراقلىق ئا-
دەملەردىن. ماڭا هەر ئاخشىمى شاكىلاتلىق نان ئە-
كىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى چوكوپرەنىس.
ئەمما جىق يېۋەتكەن كۈنلىرىمدە يۈزۈمگە قىزىل
مۇدۇر- چوقۇرلار چىقىپ قالىدۇ، شۇ سەۋەبتىن
ئاز- ئازدىن يەيمەن. ئانام كۆرسە ئىدى: چاچلىرىم
دادامنىڭكىدەك ئۇزاردى. زىكرىيا دادام ماڭا
كىچىك بىر ئەسكەرچە كىيىم ئېلىپ بەردى.
ئۇنىڭ بىر خوتۇنى بار، ئىسمى فاتما ئانا، مېنى نا-
هايىتى ياخشى كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى ياخشى
كۆرىمەن. ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياش-
شىمنى ئۈتۈنۈۋاتىدۇ. بىلىمەن، سىلەر هازىر ناها-
يىتى يىراقتا، كۆكتىكى ئايدىنمۇ يىراقتىسىلەر
بەلكىم. ئەمما سىلەرنى ئەسلا ئۇنۇتمايمەن، بۇ
چوڭ ئۆيدە، هەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن سىلەر
ئۈچۈن يىغلاپ دۇئا قىلىمەن. ئىنشائاللا، بارغان
يېرىڭلاردا سىلەرنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئۆيۈڭ-
لار بولغاندۇ ۋە مېنى ئۇ يەردە ساقلاۋاتقانسىلەر.»

(تۈركچە «يامغۇر» ناملىق پەسىللىك ژۇرنالدىن تەرجىمە قىلىندى)

(تەرجىمان: قاغىلىق ناهىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)

مۇهەررىر **خاسىيەت ئەمەت**

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

www.uyghurkitap.com

# «غېرىب ـ سەنەم» رومانى ھەققىدە

مەن يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2009 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «غېرىب ـ سەنەم» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىنى ناھايىتى قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. كىتابنىڭ بېشىدىكى مۇھەررىرنىڭ سۆزىدە ئېيتىلغاندەك، ئاپتور مەزكۇر روماندا ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانى «غېرىب ـ سەنەم»نى ئاساسىي سۇژېت قىلغان ھالدا مول بەدىئىي تەپەككۇر، جىددىي، قىزىقارلىق ۋەقە ـ تەپسىلاتلار ئارقىلىق غېرىب ـ سەنەمدىن ئىبارەت بىر جۈپ ياشنىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە شاۋاز باشچىلىقىدىكى نەپسانىيەتچى، قارا نىيەت، ھىيلە ـ مىكىرچىلەرنىڭ قارلىخانىيلار ئېلىنى ھالاكەت يولىغا باشلاشتەك رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرگەن.

مەن «غېرىب ـ سەنەم» رومانىنى ۋە «غېرىب ـ سەنەم» داستانىنى ئەستايىدىل، تەكرار ئوقۇش ئارقىلىق رومانىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ئۈستىدە ئازتولا سۆز قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم.

مۇھەممەدجان سادىقنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا: ««غېرىب ـ سەنەم» داستانى قاچان مەيدانغا كەلگەن؟ ئالدى بىلەن شۇنى دېيىش كېرەككى، خەلق داستانلىرىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى نائېنىق، چۈنكى خەلق داستانلىرىغا بىرلا تارىخىي دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلمايدۇ. ئۇ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ئۆزگىرىدۇ. غېرىب ـ سەنەم داستانىنىڭ ئۆزبېك ۋە تۈركمەن ۋارىيانتلىرىدا بۇغراخان ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇنداق بولغاندا داستانىنى قاراخانىيلار دەۋرىدە مەيداندا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا داستاندا تىلغا ئېلىنغان جۈنەيدىل باغدادى مىلادىيە 9 ـ، 10ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخس. غېرىب ـ سە-

نەمنىڭ ئۇيغۇر ۋارىيانتىدا شاھى ئاباس تىلغا ئېلىنىدۇ. شاھى ئاباس ئىران شاھى بولۇپ، 1587- يىلىدىن 1627- يىلىغىچە ياشىغان. ئۇنداق بولغاندا بۇ داستان 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. مەيلى داستاننىڭ ۋەقەلىكى ئىراندا مەيدانغا كەلگەن دەپ پەرەز قىلىنغاندىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى سىڭىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي داستانىغا ئايلىنىپ كەتكەن» دېيىلگەن. (شۇ كىتاب 375 - بەت)

«غېرىب - سەنەم» رومانىدا ئاپتور شاھى ئابباسنى قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كۆكۈن نەۋرىسى، ھەسەن ۋەزىرنى سالچوق بۇيرۇق تېكىننىڭ پەي نەۋرىسى دەپ يازىدۇ ھەمدە غېرىب - سەنەم ۋەقەسىنى قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى بالاساغۇندا روي بەرگەن، دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمانلارنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» دېگەن كىتابىدا «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىلىق داستانى بولغان ‹ غېرىب - سەنەم ›نىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا شاھى ئابباسخان قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىگە تەئەللۇقلا بولغان بىر پادىشاھ دەپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنداقلا داستاندا تىلغا ئېلىنغان جۇنەيدىل باغدادى مىلادىيە 10 - ئەسىردە ئۆتكەن رېئال تارىخىي شەخستىن ئىبارەت. بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن ‹غېرىب - سەنەم› داستانى 10 - ئەسىردىن بۇرۇن پەيدا بولغان دەپ مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىب - سەنەم»نىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل نۇسخىسىدا: «دىيارى بەكرى ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بار ئەردى، ئاتىنى شاھ ئابباسخان دەر ئەردى، ئانىڭ بىر ۋەزىرى بار ئەردى، ئاتىنى ھەسەن ۋەزىر دەر ئەردى» دەپ يېزىلغان.

«غېرىب - سەنەم» رومانى «غېرىب - سەنەم» داستانىدىكى ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ يېزىلغاچقا، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىي مەنبەسى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە يۇقىرىدىكى نەقىللەرنى مىسالغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايمەن.

گەرچە غېرىب - سەنەم ياشىغان دەۋر، شاھى ئابباس، ھەسەن ۋەزىرلەرنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ھۆججەتلىك تارىخىي پاكىتلارنىڭ ۋە قول يازمىلارنىڭ بولماسلىقى تۈپەيلىدىن بىردەك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، مۇھەببەت، نىكاھ ۋە دىنىي ئېتىقادلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك داستانى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. شۇڭا، يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ داستاندىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ، غېرىب - سەنەم ياشىغان دەۋرنى قاراخانىيلار دەۋرى دەپ رومان يازغانلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق دېيىشكە بولىدۇ. ئەختەم ئۆمەرنىڭ كىلاسسىك خەلق داستانلىرىدىن پايدىلىنىپ رومان يېزىشقا جۈرئەت قىلىشى قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھ، ئەلۋەتتە. تۆۋەندە رومانىدىكى بىر قانچە ئاساسلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

شاھى ئابباس — روماندا سۇرلۇك، ئىشرەتخور، قارام ۋە نادان پادىشاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەچكە شاۋازنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ھەسەن ۋەزىر بىلەن قىلىشقان ئەھدىسىدىن يېنىۋېلىپ، غېرىب - سەنەمنىڭ چىن مۇھەببىتىنى تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ غەزنەۋىلەر خانىدانلىقىنى — بالاساغۇننى قورشىۋالغاندا ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداش

ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد غەزنە-
ۋىنىڭ نومۇسسىز شەرتىگە تىز پۈكمەي، دۆ-
لەتنىڭ ئار - نومۇسىنى ساقلاپ قالىدۇ. قانلىق
كۈرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەق، ناھەقنى
تونۇپ شەيخ جالالىدىن، غېرىبلارنىڭ ئۆزىنىڭ
ھەقىقىي ھىمايىچىسى ئىكەنلىكىگە قايىل بو-
لىدۇ ۋە ئاخىرىدا غېرىب - سەنەمنى ۋىسالىغا
يەتكۈزىدۇ. ئاپتور شاھى ئاbباسنىڭ ئىككى
بىسلىق ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى بىر قەدەر
ياخشى يورۇتۇپ بېرەلىگەن. سەنەم — روماندى-
كى ئاساسلىق ئوبرازلارنىڭ بىرى. سەنەم دى-
نىشمەن، ئۆلىما شەيخ جالالىدىنىڭ تەربىيە-
سىدە كىچىكىدىن ئەقىللىق، قەلەم ۋە ئەلەمدە
ماھىر قىز بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇ غې-
رىبنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزى-
نىڭ پاك مۇھەببىتى ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىن
قورقمايدۇ. فېئودالىزمنىڭ مەنىۋى ئىسكەنجى-
سىگە قارشى خېيىم - خەتەردىن، ئازاب - ئو-
قۇبەتتىن قورقماي ئۆز رەقىبلىرى بىلەن
تىغمۇ تىغ ئېلىشىدۇ. ئۇ ئۆز ئەقىدىسىگە
باشتىن - ئاياغ سادىق بولۇپ، ئاتىسى شاھى
ئاbباس ۋە ئانىسى مېھرىبانۇ خانىش ۋەكىللى-
كىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەت كۈچلىرىگە
قارشى تەرەپتە تۇرۇپ ئادالەت ئۈچۈن، چىن
سۆيگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. شەيخ جالا-
لىدىن، غېرىب قاتارلىق ئىسيانكارلارنى
قوللاپ، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. سەنەم
— ۋاپادارلىق ۋە چىن مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى.
سەنەم فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ھاقارەت-
لەنگەن غېرىبنى سۆيىقەستچى ۋەزىر شاۋاز-
نىڭ ئوغلى، جاللات ئابدۇللا شاتىرىدىن مىڭ
ھەسسە يۇقىرى قويۇپ، شاھى ئاbباس بىلەن
ھەسەن ۋەزىر پۈتۈشكەن قىيامەتلىك ئەھدىنامى-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ.
فېئودالىزمنىڭ ئادالەتسىز سوتى غېرىبنى
دەشت قىپچاققا سۈرگۈن قىلغاندا، فېئوداللىق
نىكاھ تۈزۈمىنىڭ چىن مۇھەببەتنى ھالاك قى-
لىدىغان تۇزاق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس
قىلىدۇ.

غېرىب — فېئودالىزمنىڭ قائىدە - نىزامى-
رىغا ۋە خۇراپاتلىقا قارشى، ئۆزىنىڭ پاك مۇ-
ھەببىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ئۇلۇغ ئىس-
يانكارلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. غېرىبنىڭ شاھ
ئاbباسنىڭ قىزى سەنەمگە مۇھەببەت ئىزھار
قىلىشىغا فېئوداللىق تۈزۈم يول قويمايدۇ، ھۆ-
كۈمران گۇرۇھنىڭ چىرىك ئەخلاقىي رامكىلى-
رىغا غېرىبنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلىرى سىغماي-
دۇ. مانا بۇ داستاندىكى زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈ-
نى. غېرىب — سەنەمنىڭ ۋىسالىغا يېتىش يو-
لىدا دەشت قىپچاققا پالىنىپ نۇرغۇن مۇشەق-
قەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ، زىندانغا تاشلى-
نىپ خىلمۇخىل ئازاب -ئوقۇبەتلەرگە ئۇچراي-
دۇ. لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يانغان چىن مۇ-
ھەببەت يالقۇنى ئۇنىڭغا روھ ۋە مەدەت ئاتا
قىلىدۇ. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەلەمدە ماھىر
بولۇپ يېتىلگەچكە، باتۇرلۇق ۋە چەبدەسلىك
بىلەن دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ۋە
ئۇلارنى ھالاكەت چۆللىرىگە باشلاپ، ئۆز ئې-
لىنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ پايخان قىلىشىدىن
ساقلاپ قالىدۇ. مەن غېرىبنىڭ ئاق ئاتنى
مىنىپ ياۋ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىش
جەريانىدىكى چەبدەسلىكىنى، گاھ غايىب
بولۇپ، گاھ پەيدا بولۇپ ئاجايىپ باتۇرلۇق
بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى ئوقۇۋېتىپ، فرانسى-
يەنىڭ «زورو»ناملىق فىلىمىدىكى چەۋەنداز
زورونى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. روماندا غې-
رىبنىڭ ياۋ لەشكەرلىرىنى يوقىتىش جەريانىدى-
كى بەزى قەھرىمانلىقلىرى مۇبالىغە قىلىنىۋې-
تىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەل-
بىدە غېرىبقا بولغان ھېسداشلىق كۈچلۈك
بولغاچقا، ھېچقانداق سۈنئىي تۇيۇلمايدۇ. غې-
رىبنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز جاسارەت ئۆز

ئېلىگە ۋە سۆيگەن يارى سەنەمگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتتىن كەلگەن. شۇڭا ئۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ قانلىق قىلىچى ۋە قىيىن - قىستاقلىرى، شاۋاز ۋەزىرنىڭ سۇيىقەستلىرى ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمەي تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىدۇ.

دۆلەت ئۇستازى شەيخ جالالىدىن — ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى. ئۇ دانىشمەن، ۋەتەنپەرۋەر زات. ئۇ دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇ شاھى ئاباسقا دۆلەتنى باشقۇرۇش، ئوردا ئىشلىرىنى توغرا يولغا باشلاشتا ئۇستاز ھەم ياخشى مەسلىھەتچى ئىدى. ھەسەن ۋەزىر شاۋازنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، شەيخ جالالىدىن ھەقىقىي قاتىلنىڭ كىملىكىنى سېزىپ قالغاچقا، شاۋاز ئۇنى كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، يالغان پىتنىلەرنى توقۇپ شاھقا چېقىپ، «بەيتۇل مۇقەددەسكە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىپ كەلسۇن» دېگەن باھانىدە ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ ھەمدە ئۇنى يولدا ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئاتالمىش «تاغ قاراقچىلىرى» تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ. شەيخ جالالىدىن «ناھەق ئىشلارغا، قان تۆكۈلۈشلەرگە چىدىماي تاغقا قېچىپ چىققان ئەزىمەتلەر»گە باشلامچىلىق قىلىپ، ئادالەت يولىدا كۈرەش قىلىدۇ. شاۋاز، ئابدۇللا شاتىرى قاتارلىق رەزىل سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. تاغ تۇرادا قوشۇن توپلاپ شەھىرى قارشى، شەھىرى بەلىخ ۋە ھىراتلارنى شامانىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادالەت يولىدا ئېلىپ بارغان قانلىق كۈرەش ئەمەلىيىتى ۋە پادىشاھقا بولغان ساداقەتمەنلىكى بىلەن شاھى ئاباسنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، شەيخ جالالىدىن ئوبرازى روماندا ئىنچىل ھالدا ھەققانىيەت، ساداقەتمەنلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدۇ.

شاۋاز روماندا بىر قەدەر مۇكەممەل، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبراز. يازغۇچى شاۋازنىڭ سۇيىقەستچى، ھىيلىگەر، قارا نىيەت، ئىككى يۈزلىمە، خۇشامەتچى، خائىن شەخس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رەزىل خاراكتېرىنى يارىتىشتا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان.

روماندا شاۋازنىڭ قانداق قىلىپ شاھ ئوردىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، باش ۋەزىر بولۇۋالغانلىقى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

«... بۇ شۇم ئادەم بالاساغۇن ئوردىسىغا چىرايلىق قىزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئوردا غۇلامى بولدى. غۇلاملىقتىن چىراغچى، دەرپەردىچى بولۇپ، ئاستا - ئاستا شاۋاز دېگەن ئىسىم بىلەن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. دەسلەپتە ئوردىنى، كېيىن شاھنى، مانا ئەمدى قاراخانىيلارنىڭ ئوك قانىتى بولغان بالاساغۇن تەۋەسىنى كونترول قىلدى...» (1 - توم 66 - بەت)

شاۋاز خۇددى بىر زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش بىگۇناھ كىشىلەرگە زەھىرىنى سانجىپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان مەلئۇن. ئۇ شاھى ئاباسنىڭ راھەت - پاراغەتكە، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشتەك ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، پىلە قۇرتىدەك كېمىرىش ئۇسۇلى بىلەن شاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالىدۇ. ئۆزىنى شاھقا «چەكسىز سادىق» قىلىپ كۆرسىتىپ، يالغان مەلۇمات يوللاپ، قاسىم ۋەزىرگە ئوخشاش بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ ھەمدە باش ۋەزىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەسەن ۋەزىرگە قەست قىلىدۇ. ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ چىن مۇھەببىتى ۋە ۋىسال تېپىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. سەنەمنى ئوغلىغا ياتلىق قىلىپ، شاھى ئاب-

باسنىڭ تەختىگە ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇش قەستىدە بولىدۇ. غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىسى زەينىدىن بومىيانى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋەتەن ساتقۇچلۇق، خائىنلىق قىلىدۇ. «تاغ قاراقچىلىرىنى يوقىتىش» باھانىسىدا ھىرات شەھىرىگە سۇ قويۇپ بېرىپ كۆرمىڭلىغان پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دېگەندەك، ئاخىرىدا شەرمەندىلەرچە دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ، ساراڭ بولۇپ، تۆمۈر قەپەستە ئۆز گۆشىنى يەپ، زەينىدىن بومىيانىنىڭ بۇيرۇقى ئارقىلىق ئۆز ئوغلىنىڭ قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شاۋاز ھەقىقەتەنمۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي، ھىيلىگەر، قانخور شەخس. ئۇ روماندا باشتىن - ئاخىر سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر، رەزىل قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. روماندىكى ئوبرازلار ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختالسام كۇپايە دەپ ئويلايمەن.

ئەمدى روماندىكى بەزى نۇقسانلار ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە قويۇپ ئۆتىمەن. ئېھتىمال مەن نۇقسان دەپ قارىغان مەسىلىلەر يازغۇچىنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە نۇقسان بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ناۋادا نۇقسان دېگەنلىرىم ئېتىراپ قىلىنىپ قالسا، يازغۇچىنىڭ رومانىنىڭ كېيىنكى نەشرلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشىگە پايدىسى بولۇپ قالار.

ئاڭلىشىمچە، يازغۇچى ئىلگىرى «غېرىب - سەنەم» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازغانىكەن. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرى روياپقا چىقماي، ئۇنى رومان قىلىپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىپتۇ. شۇڭا ئالدىراپ قالغان بولسا كېرەك، بايان قىلىش شەكلى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تۈسىنى ئېلىپ قاپتۇ. مەسىلەن: «... بۇنىڭ گۇناھىنى ئاللاھتىن ئۆزۈم تىلەيمەن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاھ.

«شاۋازنىڭ قەسرى» (1 - توم 132 - بەت ...)

«ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا، مەنمۇ ئاران تۇرۇپتىمەن. مەن يەنىلا پادىشاھنىڭ چوڭ خانىشى. سىلى ناھايىتى كەلسە ھېچ ئىشى ئۆتۈك كەلمەيدىغان مۇتتەھەم ۋەزىر... — دېدى مېھرىبانۇ خانىش غەزەپ بىلەن.

«قۇرمىش ئاتام مازىرى. شەيخ - دەرۋىشلەر ياتىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى بىر تۈپ نىقابلىق ئادەملەر تېپىپ ئاچتى...» (2 - توم 571 - بەت).

روماندا يۇقىرىقىدەك مىساللار ناھايىتى كۆپ. مېنىڭچە، روماندا ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلغاندا مەزمۇن ئاساس قىلىنغان ئىزچىللىق بولۇشى كېرەك. ئىپادىلىنىۋاتقان ۋەقەلىك باشقا ۋەقەگە يۆتكەلسە، سورۇن ئالماشسا ئابزاس ياكى بۆلەكلەرگە ئايرىپ بايان قىلىنىشى كېرەك. قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى ئەڭ ئاۋۋال قوبۇل قىلغان دۆلەت. ئىسلام دىنىنىڭ نىزام، ئەھكاملىرىدا ئەيش - ئىشرەت، زىنا قاتتىق چەكلىنىپ، ھايا، نومۇس، پەدىشەپ تەرغىب قىلىنىدۇ. روماندا مۇشۇ خىل تارىخىي چىنلىققا يات بەزى دېتاللار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «شاۋاز دەسلەپتە بالاساغۇن ئوردىسىغا بىر چىرايلىق ناتىۋان قىزنى ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پالاسقا ئوراپ كۆتۈرۈپ كەلگەن دەللال ئىدى...» . «شۇئان بەچچە كىسپۇرۇش پالاسنى يېشىپ، ئىچىدىن ئانىدىن تۇغما ھالەتتىكى نۇقسانسىز، بەدىنى پارقىراپ تۇرىدىغان، سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تولۇن ئايدەك بىر قىزنى چىقىرىپ سۇلتانىنىڭ ئالدىغا قويدى. قىز ئىزا تارتقىنىدىن دۇم يېتىۋالدى...»

(1 - توم 64 -، 65 - بەتلەر)

پادىشاھ ھەرقانچە ئىشرەتخور بولغان تەق-

دىردىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئاندىن تۇغما قىزنى ئېلىپ كىرىدىغان ئادەمنىڭ جېنى ئون ئەمەستۇ؟! مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئاشۇنداق ھاياسىزلىققا يول قويامدۇ؟

رومانىنىڭ تىلى ۋەقە يۈز بەرگەن تارىخىي دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە گەرچە بىر مۇنچە ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئالاھىدىلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن نۇقسانلارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن: شاھى ئاببا سنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بايانلار بېرىلىدۇ: «... نەگە قاچارسەن، خوتۇنۇڭنىڭ چۇمبىلىگە ئورۇنۇپ قازان بېشىغا قاچامسەن؟!». «يۈز پاتمان تېرىلغۇ يەرگە قىغ بولغۇدەك بۇ سەتچىلىك سىرتقا چىقىپ كەتمىسۇن...» (1 - توم 298 - بەت).

«ئىشتانبېغىڭغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان بولساڭ خېلى ئەركەك تۈكى بار ئىكەن دەيتتىم ...» (1 - توم 299 - بەت).

«ئەسلىدە كاللاڭنى ئېلىپ، تېرەڭنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، پوستۇڭغا سامان تىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئاساي دېگەنىدىم...» (2 - توم 586 - بەت).

«... مېنىڭ سەنەمدىن باشقا بالام بارلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا ئۆزۈممۇ، سەنەمۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىن بالا بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز...» (2 - توم 667 - بەت).

«ئۇنىڭ پاك مەلىكە دېگەن نامىنى ساقلاپ قالالمىسام مەن بۇنداق شاھلىقتىن ۋاز كېچىپ، چاپىنىمنى دولامغا سېلىپ، سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە رازىمەنكى، يۈزۈمنى پولۇدەك قىلىپ، شاھلىق سەلتەنىتىدە رەسۋالارچە ئولتۇرمايمەن...» (2 - توم 668 - بەت).

«... ئادەمنى خوتۇن باسسا پالاكەت باسقىنى شۇ. شۇڭا ئۇ پالاندىنىڭ ھېچ ئىشى ئىلگىرى باسمايدىكەندە...» (2 - توم 873 - بەت).

شاھى ئابباس قاراخانىيلاردەك بۈيۈك سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن سۆزلەر، دىيالوگلار مەيلى ئىجابىي ۋە سەلبىي بولسۇن ئۆز سالاھىيىتىگە، خاراكتېرىگە ماس كېلىشى كېرەك. «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىدا بۇ نۇقتا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان سۆزلەر شاھى ئابباسنىڭ خاراكتېرىگە، سالاھىيىتىگە زادىلا ماس كەلمەيدۇ.

شاھ سەنەم راشىدىن ئەتتارىغا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە مۇخالىپ ھالدا: «... چىق ئۆيدىن! تىللايمەن، ئاغزىمدىن پوق ئېقىتىمەن...» دەيدۇ. (2 - توم 981 - بەت).

پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنىڭ، بولۇپمۇ خەلق داستانلىرىدا پاكلىق ۋە چىن مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىۋاتقان سەنەمدەك قىزنىڭ ئاغزىدىن ئاشۇنداق سەت گەپلەرنىڭ چىقىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

«غېرىب - سەنەم» رومانىدا يەنە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان، چىن مۇھەببەتنىڭ پاك سۈيىنى لېيىتىدىغان بەزى دېتاللار ۋە دىيالوگلار بار. مەسىلەن: «قۇرمىشئاتام مازىرىدا خوجا ئەسرار غېرىب بىلەن سەنەمگە «نىكاھ» ئوقۇپ ۋاقىتسىز بىر ياستۇققا باش قويىدۇ»، سەنەمنىڭ ئاغزى بىلەن ئېيتقاندا «بىر تەن، بىر جان»، «ھالال نىكاھلىق ئەر-خوتۇن» بولىدۇ، ھەتتا ھايا - نومۇس دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «بويىمىزنى سۇغا سالماي ئانامىلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. بويىدا قالغاندىن كېيىنمۇ ئانىسىغا قىلچە تەپتارتماستىن «مەن تۇغىمەن، تۇغۇپ ئۈچ يىل ئوماق ئوغلۇم بىلەن دادىسى غېرىبجاننى ساقلايمەن» دەپ ئانىسىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

كېيىن سۇچى تازنىڭ باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى بىلەن ھەرەج تارتىپ «بويىدىن ئاجراپ» كېتىدۇ. (1 - توم 566 - بەت، 2 - توم 570 - بەت،

2 ـ توم 598 ـ بەت ۋە 2 ـ توم 633 ـ بەتلەر).

بىز يۇقىرىدىكى مىساللارنى ئوقۇغاندا ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا سەنەمنىڭ ئالىيجاناب ئوبرازى خۇنۈكلىشىدۇ.

روماندا غېرىبنىڭ سەنەمگە بولغان ۋاپادارلىقى ۋە سادىقلىقىغا داغ كەلتۈرىدىغان بەزى دېتاللار زورمۇزور كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن: قۇندۇز ئېلىنىڭ مەلىكىسى بەرنا غېرىبقا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈپ مۇرادىغا يېتىش ئۈچۈن، سەنەم ھەققىدە ئۆسەك گەپ تارقىتىپ ۋە ئۇنىڭغا بەتنام چاپلاپ، غېرىبنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەي ئىچكۈزۈپ مەست قىلىپ، «نىكاھ ئوقۇتۇپ» ئۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «ئەر ـ خوتۇن» بولىدۇ. (2 ـ توم 1002 ـ، 1008 ـ بەتلەر).

ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدىكى چىن ئاشىق، ۋاپادار غېرىبنىڭ ئوبرازى يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئېچىنىشلىق كارتىنا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە ئالىيجانابلىقىنى يەرگە ئۇرىدۇ.

«غېرىب ـسەنەم» روماندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان يىرگىنچلىك بەزى ھالەت تەسۋىرلىرىنىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئۇ (شاۋاز) توختىماي يىرتىق كىيىملىرى ئارىسىدىن پىت تۇتۇپ ئاغزىغا سالاتتى» (2 ـ توم 1045ـ بەت).

«دېدەكلەر قورقىنىدىن تىترەپ قورۇنۇپ تەزىم قىلدى. بىرىنىڭ ئەتلەس ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىدىن سۈيدۈك ئېقىپ چۈشتى...» (2 ـ توم 878 ـ بەت).

شاۋازنىڭ يىرگىنچلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى، دېدەكلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كەتكەنلىكىنى باشقىچە ئىپادىلەشكە بولاتتىغۇ؟! يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بۇنداق يىرگىنچلىك تەسۋىرلەرنى ئىشلەتسە رومانىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە، ساپلىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

چوڭ ھەجىمدىكى ئىككى توملۇق رومانغا نىسبەتەن بىرەر پارچە ماقالە بىلەن توغرا، ئىلمىي باھا بېرىش ۋە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. «غېرىب ـ سەنەم» رومانى باشقا رومانلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ «غېرىب ـ سەنەم» داستانى ئاساسىدا يېزىلغان رومان. مەلۇم دەۋرنى يورۇتۇپ بېرىدىغان تارىخىي رومانمۇ ئەمەس. بەزى ۋەقەلىكلەر ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق يېزىلغان. بەزى پېرسوناژلار ئاپتورنىڭ خىيالى ئارقىلىق يارىتىلغان، شۇڭا تارىخىي چىنلىق ھەققىدە توختىلىش ھاجەتسىز. «غېرىب ـ سەنەم» داستانىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولغىنىدەك، «غېرىب ـ سەنەم» رومانىنىڭمۇ ھەر خىل نۇسخىلىرى (ۋارىيانتلىرى) ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىن.

مەن بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى روماندىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە بىر قىسىم نۇقسانلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۈم. رومانىنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، تىلى ۋە باشقا پېرسوناژلار ئوبرازى ھەققىدە توختالمىدىم، ئوبزورچىلىرىمىز ۋە يازغۇچى ـشائىرلىرىمىزنىڭ بۇ رومان ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىنى ۋە باھاسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن ئارامغا چىققان)

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**

پاتىگۈل ئەخمەت

# يېڭى ئارىخىي شارائىتتا باش مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيىتى

باش مۇھەررىر پۈتكۈل ژۇرنالچىلىق خىزمىتىنىڭ باش يېتەكچىسى، ژۇرنالنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى تەشكىللىگۈچى ۋە ژۇرنالغا ئومۇمىي جەھەتتىن مەسئۇل بولغۇچى. باش مۇھەررىرنىڭ بۇ خىل ئورنى ئۇنىڭ باشقا مۇھەررىرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئالاھىدە بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا يېڭى يۈكسىلىش ۋە يېڭى يۈزلىنىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇمۇ باش مۇھەررىرگە تېخىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى يۈكلىدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، باش مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

**1. سىياسىي جەھەتتە نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتى**

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك نەشرىيات ئىشلىرىنىڭ ئاساسلىق رولى — سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ ئىدىيەۋى ئاساسى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى مەنىۋى كۈچ. شۇڭا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېڭىغا ئايلاندۇرۇشقا، ھەرقايسى ئاخبارات - نەشرىيات ۋاستىلىرىگە ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا سىڭدۈرۈشكە، ئۇنى خەلقنىڭ قىممەت قارىشىغا، ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ، جۈملىدىن ژۇرناللارنىڭ بۇ خىل رولى ھەرقانداق شارائىتتا، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، باش مۇھەررىر ژۇرنالچىلىق خىزمىتىدە نەشرىياتچىلىق يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلىشى، مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي، ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇشى كېرەك.

نەشرىياتچىلىق يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەش باش مۇھەررىرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى بولۇپ، سىياسىي ساپا باش مۇھەررىرنىڭ يېتەكچى ساپاسى.

سىياسىي ساپا يۇقىرى بولغاندىلا، ژۇرنال ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى خەلققە توغرا يەتكۈزەلەيدۇ. پارتىيەنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى توغرا تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ،

هەر خىل مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئالدىدا تەۋرەن-
مەي ئۆتكەلنى پۇختا ئىگىلىيەلەيدۇ. شۇنداقلا
ژۇرنالدىن ئىبارەت ئىدىيە، مەدەنىيەت، تەشۋىقات
بازىسىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرالايدۇ.

سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستې-
مىسى بەرپا قىلىش جەريانى بىر تۇرلۇك ئۇزاق
مۇددەتلىك ھەم مۇرەككەپ جەريان. ژۇرنالچىلىق
خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا نەشرىياتچىلىق
يۈنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەش بۇ جەرياننى ئوڭۇش-
لۇق تاماملاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ھەم كونكرېت
ئۇسۇلىدۇر. نۆۋەتتە ژۇرنال نەشرىياتلىرىنىڭ تۈ-
زۈلمىسىنى كارخانا تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىش
ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت يەنىلا
ژۇرنالنىڭ تەسىرلەندۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش
ئارقىلىق ئۇنىڭ خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن يېتەك-
لەش ۋە ئىلھام بېرىش رولىنى تېخىمۇ جارى قىل-
دۇرۇش ياكى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيا-
لىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىل-
گىرى سۈرۈپ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنىۋى سا-
پاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. دېمەك، مەنىۋى مەھ-
سۇلاتلارنىڭ جامائەت پىكرى يۈنىلىشىنى يېتەك-
لەش رولى ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق شارائىتتا
ئۆزگەرمەيدۇ، نەشرىيات ئورۇنلىرى پايدا ـ زىيانغا
ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك بازارغا يۈزلەن-
گەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىش
بەزى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ
قالدى. باش مۇھەررىرنىڭ زىممىسىگە ئىقتىسا-
دىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋ-
تىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، تىرىشىپ ئىككى-
سىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت
يەنە بىر مەسئۇلىيەتنى يۈكلىدى. بۇ مەسىلىدە
باش مۇھەررىر پارتىيەنىڭ تۇرلۇك فاڭجېن ـ سىيا-
سەتلىرىنى، دۆلەت بەلگىلىگەن نەشرىياتچىلىق-
نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى ئومۇميۈز-
لۈك ئىزچىللاشتۇرۇش پرىنسىپى يېتەكچىلى-
كىدە؛ ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم-
نىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا
ژۇرنال مەزمۇنىنى تەشكىللىشى ۋە ماقالە ـ ئەسەر-
لەرنى ئاخىرقى قېتىم بېكىتىش مەسئۇلىيىتىنى
ئوبدان ئادا قىلىشى كېرەك. ئاخىرقى بېكىتىش —
تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى ئۈچ تەكشۈرۈش تۈزۈ-
مىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھالقىسى بولۇپ، نەشر بۇيۇم-
لىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە نەشر
بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇ-
چى، شۇنداقلا باش مۇھەررىرنىڭ سىياسىي جە-
ھەتتىن نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم باسقۇچ.

تەھرىرلىك ھالقىسى ژۇرنالچىلىق خىزمە-
تىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ، تەھرىرلىك-
نىڭ سۈپىتى ئاخىرقى ھېسابتا ژۇرنالنىڭ سۈپە-
تىنى بەلگىلەيدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتى قىلچە
بىخەستەلىكنى كۆتۈرمەيدۇ، بەلكى ئىنچىكى-
لىك بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەشنى، قايتا ـ قايتا
سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەھ-
رىرلىكتىكى ئۈچ تەكشۈرۈش نەشرىيات ۋە ژۇر-
نالچىلىق خىزمىتىدىكى ئەقەللىي تەلەپ. بۇنى
جانلىق قوللىنىشقا، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈ-
رۈشكە تامامەن بولىدۇ. «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىيا-
تى ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم يې-
تەكچىلىك ئورنى ۋە خىزمەت سالمىقىنى نەزەر-
دە تۇتۇپ، تەھرىرلىكتە تۆت تەكشۈرۈش تۈزۈمى-
نى يولغا قويۇۋاتىدۇ. تۆت تەكشۈرۈش تۈزۈمى
— مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىر تەكشۈرۈش تۈزۈمى
بولۇپ، ھەر بىر پارچە ئەسەر ۋە ژۇرنالنىڭ
بارلىق ھالقىلىرى مۇشۇ تۆت تەكشۈرۈشتىن ئۆ-
تىدۇ، بۇنىڭ ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆس-
تۈرۈشكە ھەر جەھەتتىن پايدىسى بولىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، نۆۋەتتىكى ئىچكى
ۋە تاشقى ۋەزىيەت مۇرەككەپ. ئېلىمىز ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ھالقىلىق باسقۇچىدا تۇرۇ-
ۋاتقاچقا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى چوڭقۇر قات-
لاملىرىدىكى زىددىيەتلەر ئاستا ـ ئاستا ئاشكارى-
لىنىۋاتىدۇ، ھەر خىل مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى
بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەق-

www.uyghurkitap.com

قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىساد ئېڭى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىردى. بۇ خىل ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنىمۇ ماس ھالدا بېيىتىش مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تەخىرسىز ۋەزىپە بولۇپ قالدى. خەلقارا ۋەزىيەتتە بولسا داۋاملىق يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، ھەر خىل ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ۋە ئۆتۈشۈشى بارغانسېرى قويۇق بولۇۋاتىدۇ. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كېڭىيىشى نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى دۇنياغا يۈزلىنىش، دۇنيانىڭ مەنەۋۋەر مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى بىلەن كۆپلەپ ئۇچرىشىش ۋە قوبۇل قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بەزى ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ سەلبىي تەسىرىنىمۇ ئېلىپ كەلدى. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ئالدىدا، باش مۇھەررىر نەشرىياتچىلىق يۆنىلىشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكەلنى ئىدارە قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇملۇق ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، جامائەت پىكرىنى توغرا يېتەكلىشى، دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىنى ياڭرىتىشى، ئىدىيە، مەدەنىيەت، تەشۋىقات بازىسىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشى؛ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى؛ ھەر ۋاقىت سەگەك بولۇپ، سىياسىي ئۆتكەلنى پۇختا ئىگىلەپ، مەسىلە كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

**2. ژۇرنالنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ۋە شەكلىگە يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى**

بىر سان ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە، يەنى مۇھەررىرلەرنىڭ تەھرىرلىكىدىن ئۆتكەن ماقالە - ئەسەرلەرنى تاللاپ ژۇرنال مەزمۇنىنى تەشكىللەش، شۇ سان ژۇرنالغا ئىشلىتىلمەكچى بولغان ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ رەت - تەرتىپىنى بېكىتىش، مۇقاۋا - بەت لايىھەلەش، ژۇرنالنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەتبەئەگە يوللاش ۋە بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن جەمئىيەتكە تارقىتىشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسى باش مۇھەررىر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ جەرياندا باش مۇھەررىر باشتىن - ئاخىر مەركىزىي ئورۇندا تۇرۇپ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ تاماملىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ھەر بىر ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى، ژۇرنال چىقىرىش نىشانى، تەلىپى ۋە ئۇسلۇبى ئوخشاش بولمايدۇ. باش مۇھەررىر ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ژۇرنالنىڭ نىشانى ۋە تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن ماقالە - ئەسەرلەرنى تاللاپ بېكىتىپ، ژۇرنال مەزمۇنى تەشكىللەيدۇ. مۇقاۋا، بەت لايىھەسى، باسما سۈپىتى قاتارلىق تېخنىكىلىق تەرەپلەرگە يېتەكچىلىك ھەم نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى ژۇرنالنىڭ يادروسى، ژۇرنالنىڭ قىممىتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. باش مۇھەررىر ژۇرنال مەزمۇنىنى تەشكىللەش داۋامىدا پۈتكۈل ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى، ئۆز ژۇرنال نەشرىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەھرىرلىك تۈزۈمى ۋە ۋەزىپىسىنى بېكىتىپ چىقىپ، تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ماقالە - ئەسەرلەرنى تاللاپ بېكىتكەندە، رېئاللىقتىكى ئىجابىي تەرەپلەر كۆپرەك گەۋدىلەنگەن، خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى، كىشىلەرنى چۈشكۈنلۈككە باشلايدىغان، جەمئىيەتكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەسەرلەرنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. بىز

تەكتلەۋاتقان ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي رولى تېگى-
تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ
خەلق ئاممىسىغا، جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتى-
شى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، باش مۇ-
ھەررىرنىڭ ژۇرنالغا مەزمۇن جەھەتتىن يېتەكچى-
لىك قىلىش مەسئۇلىيىتى سىياسىي جەھەتتىن
نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىگە ئوخشاشلا ئىنتا-
يىن مۇھىم. ژۇرنالنىڭ شەكلى ــ ژۇرنالنىڭ
كۆركى. ئۇ ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك، كۆركەم، كى-
شىلەر ياقتۇرىدىغان بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر
كۆرسىتىدۇ، شۇنداق ئىكەن باش مۇھەررىر ژۇر-
نالغا شەكىل جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقى-
مۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك.

نۆۋەتتە، تور تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تە-
رەققىي قىلىشى بىلەن نەشر بۇيۇملىرىنىڭ باسما
تېخنىكىسى، تارقىلىش شەكلى ۋە ئۇسۇلىدا زور
ئۆزگىرىش بولدى. جۈملىدىن، ژۇرناللارنىڭ مۇ-
قاۋا، بەت لايىھەسى، قىستۇرما رەسىم ۋە ماۋزۇلار-
نى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ۋە باسما سۈپىتى
زور دەرىجىدە يېڭىلاندى. يەنە بىر جەھەتتىن، تور
تېخنىكىسىنىڭ كېڭىيىشى ئەنئەنىۋى نەشرىيات-
چىلىق شەكلىگە يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى.
ئەگەر مۇھەررىرلەر بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز
يېڭىلاپ تۇرمايدىكەن، نەشرىياتچىلىقنىڭ يېڭى
تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالماي قالىدۇ. باش
مۇھەررىر پۇتكۈل تەھرىرلىك خىزمىتى ۋە مۇ-
ھەررىرلەر قوشۇنىغا مەسئۇل بولغۇچى بولۇش
سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى
يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن
بىرگە، ژۇرنالدىكى مۇھەررىرلەر قوشۇنىنى كۈ-
چەيتىشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، قابىل
بىر تەھرىرلىك قوشۇنى بەرپا قىلىش مەسئۇلىيە-
تىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مۇھەررىرلەر قو-
شۇنىنى كۈچەيتىش ماھىيەتتە، ژۇرنالنىڭ ئەمە-
لىي تەھرىرلىك خىزمىتىگە لايىق كېلىدىغان
ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە تەربىيەلەشنى
كۆرسىتىدۇ. باش مۇھەررىرلەر ئىختىساس ئىگى-
لىرىنى بايقاش ۋە تەربىيەلەشكە، ئۈستۈرۈش ۋە
مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئى-
جادچانلىق روھىغا ئىگە، يېڭىلىق يارىتىشقا
جۈرئەت قىلالايدىغان، توختاۋسىز ئۆگىنىش ئىس-
تىلىغا ئىگە، يېڭى تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە
دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان قابىل بىر مۇ-
ھەررىرلەر قوشۇنىنى بەرپا قىلالايدۇ، بۇ باش مۇ-
ھەررىرنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ، ژۇرنالنىڭ تەرەققىيا-
تى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

### 3. تىجارەت باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى

نەشرىيات ئورۇنلىرىنى كارخانا تۈزۈمىگە
ئۆزگەرتىشتىن مەقسەت، نەشرىيات ئورۇنلىرى-
نىڭ تۈزۈلمىسىنى تىجارەت ۋە ئوبوروت تۈزۈل-
مىسىگە ئۆزگەرتىپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا
نەشرىياتلارنى مۇستەقىل تىجارەت قىلالايدىغان،
مۇستەقىل بازار رىقابىتىگە قاتنىشالايدىغان، ئادەم
ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇس-
تەقىل ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولالايدىغان ئورۇنغا ئاي-
لاندۇرۇش، شۇنداقلا نەشرىيات ئورۇنلىرىنى ئۆز-
دە مەبلەغ ئوبوروتى ۋە بازار رىقابىتى ئىقتىدارىنى
ھازىرلىغان، زامانىۋى كارخانا تۈزۈلمىسىگە
ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇنەۋۋەر نەشرىيات كارخانى-
سىغا ئايلاندۇرۇش. نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ بۇ
خىل يۈزلىنىشى تەبئىي ھالدا باش مۇھەررىرلەر-
گە ئىقتىسادىي كاللىغا، تىجارەت باشقۇرۇش ئىق-
تىدارىغا ئىگە بولۇش تەلىپىنى قويىدى، شۇڭا باش
مۇھەررىر بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازار رىقابى-
تىگە قاتنىشىش ۋە تىجارەت باشقۇرۇش مەسئۇلى-
يىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

ئېلىمىز مىقياسىدا نەشرىيات ئورۇنلىرىنى
كارخانا تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىش ئاساسىي جە-
ھەتتىن تاماملاندى ھەم زور كۆپ قىسىم نەشرىيات-
لار بۇ خىل تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈ-
مىنى كۆردى. گەرچە بەزى ئوبيېكتىپ ۋە سۇب-
يېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىز-
دا ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدىكى ژۇرناللار-
غا كارخانا تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىش ۋە بازارغا
يۈزلىنىش تەلىپى قويۇلمىغان بولسىمۇ، بۇ پەقەت
ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىن مەسىلىسى، ھامان تەرەق-

قىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ياندىشماي بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە باش مۇھەررىرنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئاز-تولا توختىلىشنى لايىق كۆردۇم. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن بىرى، باش مۇھەررىرنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن پىلانلاش، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. كارخانا تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ژۇرنال نەشرىياتى تۈنجى بولۇپ بازارغا يۈزلىنىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. بازارغا يۈزلىنىش ئۈچۈن ئىچكى قۇرۇلمىنى قايتىدىن تەڭشەش، تىرىشىپ مەبلەغ يوللىرىنى ئېچىپ، ژۇرنال نەشرىياتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش زۆرۈر. باش مۇھەررىر ژۇرنال نەشرىياتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېمىنى قانداق تاللاش، ژۇرنال مەزمۇنىنى قانداق تەشكىللەش، ئومۇمىي جەھەتتىن قانداق نازارەت قىلىش ۋە يېتەكلەش قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرگە مەسئۇل بولۇپلا قالماي، يەنە ژۇرنال نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات لايىھەسىنى تۈزۈش، بازار ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ژۇرنالنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەبلەغنى ئۈنۈملۈك ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ماكرولۇق مەسىلىلەرگىمۇ مەسئۇل بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى، باش مۇھەررىر ئىچكى قىسىمدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا ژۇرنال نەشرىياتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى دۆلەت ئومۇمىيۈزلۈك مەبلەغ سېلىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈمى بولغاچقا، مەبلەغ يوللىرىنى قانداق ئېچىش، ئىچكى قىسىمدا مەبلەغنى قانداق تەڭشەش مەسىلىلىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، باش مۇھەررىرنىڭ خىزمىتى ئاساسلىقى تەھرىرلىك خىزمىتىگە مەركەزلىشەتتى. كارخانا تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ژۇرنال نەشرىياتلىرى مەبلەغنى ئۆزلىرى ھەل قىلىدىغان بولغاچقا، باش مۇھەررىرنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادنى ھەل قىلىش مەسئۇلىيىتىمۇ يۈكلىنىدۇ. شۇڭا، باش مۇھەررىر ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارىتىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئۆز ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش خىزمەت پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىچكى جەھەتتىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ، ئىش تەقسىماتىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەر خىل ئىلھاملاندۇرۇش يوللىرى ئارقىلىق مۇھەررىرلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى؛ مۇھەررىرلەر قوشۇنى ئىچىدىن بازار ئېڭى يۇقىرى، تىجارەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنى بايقاپ ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەبلەغنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى ۋە قەدەممۇقەدەم ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. دېمەك، ھازىرقى شارائىتتا باش مۇھەررىر تىجارەت باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا بولمايدۇ، ئەمما بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تىجارەت ھەم باشقۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى يەنىلا ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى. باش مۇھەررىر تىرىشىپ ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىنى ياخشىلاپ، ھەر جەھەتتىكى سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىكەن، تەبىئىي ھالدا بازارنى ئىگىلىيەلەيدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نەشرىياتچىلىقنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى باش مۇھەررىرلەرنىڭ زىممىسىگە تولىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى يۈكلىگەن، بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن باش مۇھەررىر نەزەرىيە ۋە ئىلمىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاپ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشى، كۈچلۈك پىلانلاش، باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، تەھرىرلىك كەسپىگە پىششىق بولۇپ، ئۇستاز مۇھەررىرگە ئايلىنىشى كېرەك.

(ئاپتور تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**

ئەنۋەر مەڭلىك

# ياپراقلار يەرگە ياستىرايدۇ نۇر



## باھارنىڭ ئەلچىسى قارلىغاچ كەلمىسە

باھارنىڭ ئەلچىسى قارلىغاچ كەلمىسە،
مەن كەلدىم دىلرەبا گۈلدەك ئېچىلىپ.
ھېيىقما، باھارمەن ساڭا بىر ئۆمۈر،
قانغۇچە پۇرىۋال باغرىڭغا بېسىپ.

يايلىغىن ئاھۇدەك ئەركىن-ئازادە،
سايرىغىن بۇلبۇلدەك تاڭدا-سەھەردە.
ئازابلىق يېشىڭنى كۆرمىسۇن جاھان،
چاچلىرىڭ تىلتۇمار بولسۇن كۆكلەمگە.

قۇياشتەك نۇرلىنىپ چاقنىسۇن كۆزۈڭ،
تىنىقىڭ ئوت بولۇپ يانسۇن تۈنلەردە.
شاماللار يەلپۈسۇن چاچلىرىڭنى ئۆز،
پاك سۆيگۈم جور بولسۇن ساڭا سەپەردە.

باھارنىڭ ئەلچىسى قارلىغاچ كەلمىسە،
مەن كەلدىم دىلرەبا گۈلدەك ئېچىلىپ.
ياشىغىن مەيلىڭچە پەپىلەي جېنىم،
چاڭقىغان قەلبىمدە يىلتىزلار تارتىپ.

## باھاردا كېلەرسەن ئەگىزدەك ئېقىپ

كەتسەڭ كەت، كېلەرسەن ھامان بىر كۈنى،
زىمىستان كۈيىدە توڭلىسا دىلىڭ.
تەلمۈرۈپ سۈكۈتتە قالاي يولۇڭدا،
تىنچ بول، ھەر يەردە ئېچىلسۇن بەختىڭ.

يالۋۇرۇش ئەزەلدىن غۇرۇرۇمغا يات،
سۇنغان روھ ئىلكىدە يىگلەيدۇ جان.

تاتلىق سۆز سۆيگۈنىڭ ئۇل تېشى ئەمەس،
سۆيگۈنى خورىتار ئۇ ئەسلى شەيتان.

كەتسەڭ كەت ئەقلىڭدە، دىلىڭدا ئارمان،
مەن ماڭغان يوللارغا يېشىڭنى سېپىپ.
زىمىستان كۈيىدە ئېزىلسە دىلىڭ،
كېلەرسەن باھاردا ئەگىزدەك ئېقىپ.

## ئاشىق بولۇپ كۆيگەندىن بېرى

بىر كېچىدە غەمگە پۈتلاشتىم،
سەن قەلبىمگە كىرگەندىن بېرى.
يۈرىكىمدىن تەپچىرىدى ئوت،
ئاشىق بولۇپ كۆيگەندىن بېرى.

ياپراقلارمۇ سۆزلىشەر خۇشخۇي،
شاخ-شېخىدا غۇنچە، خۇش پۇراق.
يۇلتۇزلارمۇ كۈلەر ۋىللىدە،
يوللىرىڭدا ياقسام شام-چىراق.

كۈي تۆكىدۇ جىمىكى نەرسە،
پاك سۆيگۈمگە قىلىپ تەنتەنە.
ۋۇجۇدۇمدا شۇ بىرلا سادا:
جانان مېنى ئالغىن ئىلكىڭگە.

## ياپراقلار بەرگىدە يالتىرايدۇ نۇر

يۇلتۇزدىن-يۇلتۇزغا تۇتىشىدۇ يول،
يولۇڭغا تىكىلىپ تۇرغاندا ئۇدۇل.
ياپراقلار بەرگىدە يالتىرايدۇ نۇر،
يېگانە ئازابتا يۈرىكىم جۇل-جۇل.

كەلمەيسەن، كۈتىمەن دىلدا ئىزتىراپ،
بىر نەرسە يۈرەكنى يەيدۇ غاجىلاپ.
سېغىنىش ئىلكىدە شۇڭا ھەر كۈنۈم،
سەن كېلەر يول گويا ئۇۋۋا، ئېھتىكاپ.

سىردىشىم سەن كەلسەڭ كۈلەر كائىنات،
مەيلىتىم سەن ئۈچۈن بولسام بۇردا نان.
يەپ مېنى پۈركىسەڭ ھاياجىنىڭدا،
گۈللەردەك ئېچىلىپ يايرار ئىدى جان.

## ۋاپادا تاۋلانغان قىز سۆيسۈن مېنى

يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كېچىدە،
بارخاندا چاقنىغان ئەركەكنىڭ تېنى.
يۇلغۇنلار سۇمبۇل چاچ قىرىق ئۆرۈلگەن،
قۇچاقلاپ ياتىدۇ شۇڭا باغرىنى.

قۇترىغان بۇ يەردە بورانلار ئەمەس،
ھۇۋلىغان ئاشىقنىڭ مەڭگۈلۈك كۈيى.
زەيپانە قامغاقتۇر غورۇر، ۋىجدانسىز،
بارخاندەك ئاتەشتۇر ئەركەكنىڭ تويى.

ياشايدۇ بۇ يەردە روھى ئۆلمىگەن
ھەر قەدەم ئىزىدا ياساپ پايانداز.
قاراپ باق زەن سېلىپ ئەقىل كۆزۈڭدە،
چاقماقتەك چېقىلىپ ياشىغانلار ئاز.

بارخاندا چاقنىغان ئەركەكنىڭ تېنى،
ھۇۋلىغان ئاشىقنىڭ مەڭگۈلۈك كۈيى.
شۇ يانغان نۇرلاردا، بار مېنىڭ قەلبىم
ۋاپادا تاۋلانغان قىز سۆيسۈن مېنى.

(ئاپتور خوتەن دۇۋا سېمونت زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا)

زەپەر ئابدۇلھەي

# شېرىن ئارمان

## مۇقەددەسلىك مىسرالارغا جەم

رەزىللىكلەر ئۇنتۇلسۇن تامام،
ئۇ كۆكلەردە چاقمايدۇ چېقىن.
ئەزگۈلۈكلەر قۇچار ھىدايەت،
گۈزەللىكلەر ئاچىدۇ زېھىن.

پاك تۇيغۇلار قۇچىدۇ ۋىسال،
مۇقەددەسلىك مىسرالارغا جەم.
سوغۇلمايدۇ ئىلھام بۇلىقى،
ياشناپ تۇرسا روھىڭدا كۆكلەم.

## ئىزلىرىڭدا بىر نۇرانە نام

كېچىلەردە يانغان چىراغسەن،
چوققىلاردا لەپىلدىگەن تۇغ.
ئۆلۈم بەربات قەدەملىرىڭدە،
جۇدۇنلاردا ئۆچمىگەن ئوت-چوغ.

سەن پۈتمىگەن ھىجران ناخشىسى
مۇھەببەتنى پىنھان ساقلىغان.
ئىجتىھاتنىڭ بوشلۇقلىرىدا،
گويا يۇلتۇز بولۇپ چاقنىغان.

ئەقىدىنىڭ داۋانلىرىدىن
داجىپ كەتمەي راۋان ئاتلىغان.
راھەت، مىننەت شەيتانلىرىنىڭ
جىلۋىسىگە زىنھار باقمىغان.

ئارمانلارنىڭ دەۋەتلىرىدە،
ياڭراپ كېلەر مەڭگۈلۈك ناخشاڭ.
قوللىرىڭدىن يېتىلەپ سېنى،
ئىزگۈلۈككە ئۈندەيدۇ ھەر تاڭ.

يېقىۋەرگىن تاڭلارغا كۆكرەك،
ئىزلىرىڭدا بىر نۇرانە نام.
بولغىن گۈزەل تۇيغۇلارغا جور،
جەسۇرلۇقۇڭ دىللارغا ئىلھام.

## بىر شېرىن ئارمانغا تېۋىنغاندا دىل

يۈرەكتە لاۋۇلداپ يانغان يانغىندا،
بىر سولماس ئېتىقاد تاۋلىنار بۇدەم.
ھىجرانلار سىلىككەن كەچكى سالقىندا،
سۆزۈلەر چايقالغان تۇيغۇ-ئەقىدەم.

روھىمغا نۇر سېپەر ئويغاق خىياللار،
بىر شېرىن ئارمانغا تېۋىنغاندا دىل.
مەڭزىمنى سۆيگەندە مەيىن شاماللار،
تۆكۈلەر قۇرلارغا لىرىكىلىق تىل.

(ئاپتور نىلقا ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدا)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكى

باتۇرجان ئاتاخان

# ئاشىقنىڭ بەختىدىن جان ئاچار چېچەك

## بىلىقلار مۇزلارنى چوقۇشتىن بىزار

پىغانلىق كۆڭۈلنىڭ چىرىغى ئۆچۈك،
تۇزۇغان گۈللەردىن لەپىلدەيدۇ قار.
قارىما، كۆزۈڭدىن تېشىشكىغا ئاقىقىن،
بىلىقلار مۇزلارنى چوقۇشتىن بىزار.

ئەينەكتىن كۆرگىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ چېھرى،
رېئاللىق قاش ئاتار ئاشۇنداق تۇستە.
بۇلۇتلار تويسىمۇ بوشلۇقنى تامام،
ئەپۇچان قۇياشتىن ئۆكسۈمەس كۆلكە.

يۇزلىنىش، يۈرەكنى بىلەيدۇ شۇنداق،
سويۇلار بىر ئالما شۇ ئۆتكۈر تىغدا.
تەمىنى تېتىساڭ ئىخلاسىڭ بىلەن،
كۆرىسەن شەربەتنىڭ مېھرىنى چىغدا.

شەپقەتنىڭ خۇشاللىق ئاراچلىرىدىن،
ئېتىلىپ چىقىدۇ سۇتسىز يېلىنجاش.
ھەممىدىن ئەڭ ئاۋۋال سۇترەڭ كۆڭۈلگە
شاھانە تۇخۇمنى باسىدۇ قۇياش.

چىرىماس مەڭگۈگە تۇرار ياش پېتى،
تۇزلانغان ئۇمىدنىڭ جەزبى شەمشاد - تىك.
«سەن گۈزەل سۆيگۈنىڭ ئاپىرىدىسى،
ئەڭ شېرىن ۋىسالنى ئىككىلەنمەي كۈت».

## ماڭىدۇ ئالدىمدا باتۇرنىڭ ئىتى

ئۆزۈمنى ھەيدىدىم ئالدىمغا سېلىپ،
بولماس دەپ تۇرۇشقا دەقىقە بىكار.
ۋاقىتنىڭ ھەر بىر تال تىزغان كاھىشى،
كۆزۈمگە كۆزىدىن شەۋقىنى چاچار.

دەريانىڭ چۈلۈۋۈرى يىلاندەك قاچقۇر،
يۇگۈردۇم، دوقمۇشلار قالدى ئارقامدا.
يۈرەكنى نەمدىگەن ئۇمىدلەر چاقناق،
يۇلتۇزلار كۆچۈشى ئايان تاقامدا.

پەرۋازدىن ئۆزىنى ياراتقان بۇركۈت،
«فۇۋ» دېدى، قايغۇمنى ئۆچۈردى ئەبەت.
ھاياتنىڭ تەمىنى شورىدىم كۆچەپ،
پاقلاندەك بىسەۋر بولۇپ بىتاقەت.

ئۆزۈمنى ھەيدەيمەن ئالدىمغا سېلىپ،
كېلىدۇ ئۇ يەردە باتۇرنىڭ ئىتى.
دۇنيانىڭ كۆكسىدىن چىقار ئېتىلىپ،
ھەر ئىزدىن كۆز ئېچىپ بەخت شەربىتى.

## ئوت بىلەن سۇ سېنى چوقۇيدۇ يولدا

ئاشىقنىڭ كۆزىدە يانىدۇ ھىجران،
شۇ ھىجران بەختكە سۆرەيدۇ قانات.
ئوت بىلەن سۇ سېنى چوقۇيدۇ يولدا،
ۋىسالغا لەۋ ياقار چىدىغان ھايات.

ئاشىقلىق دەردىگە كۆمۈلەر كۆڭۈل،
لەپىلدەپ ياغىدۇ سېغىنىش رەت-رەت.
ياشىماق بىر كۈنى كېلىدۇ بەك تەس،
تۇرمىسا كۆرۈشۈپ، دىل چېكەر ھەسرەت.

ئاشىقنىڭ بەختىدىن جان ئاچار چېچەك،
ئاشىقلار ئۆزىنى شۇنىڭدىن تاپار.
ئۆزۈمنى تاپقىنىم بىر ئۆمۈر ياشاپ،
نۇقسان ۋە ئەيىبىمنى ئەبەدىي ياپار.

## تىترىگەن ياپراقتا تۇرمايدۇ شەبنەم

ئۆزۈمگە ئاخىرى سالدىممەن يۈگەن،
تۇغانغا سوقۇلدى چاپچىغان ئېقىن.
ئاساۋ ئات دېمەيمەن ئەمدى مەن سېنى،
رايىشلىق كەل مېنىڭ قولۇمنى تۇتقىن.

تىترىگەن ياپراقتا تۇرمايدۇ شەبنەم،
سەھەرنىڭ كۆز يېشى كېتىدۇ بىكار.
كۆڭۈلنىڭ يۈگۈرۈشى شورىنى تېشىپ،
بىر كۈن ياق، بىر كۈنى يۈرەكنى چاقار.

شەيتاننىڭ ئىشكىمنى چەكمىكى قىيىن،
سۇر بېسىپ قايتىدۇ ئارقىغا يېنىپ.
قەلبىمدە كۆڭۈلنىڭ تۇرغۇن يۇلتۇزى،
چۈنكى ئۇ تۇرىدۇ كۆزلەرنى چېقىپ.

ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم (ئۆزۈمگە ئايان)
چاندۇرماي ئۆتىمەن ئۇنىڭغا بۇنى.
شاشلىقتا يوشۇرۇن سالدىممەن يۈگەن،
كۆزۈمدە يانسىمۇ گەرچە يالقۇنى.

(ئاپتور تاشقورغان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)

**ۋارىسجان ئاتاخان**

# ھايات دېگەن

## ئۆتۈنۈش

ئۆتۈپ كەت ئالدىمدىن پەرۋاسىز سەكرەپ،
ماڭىلا تاشلاپ سەن يالغۇزلۇقۇڭنى.
قوقاسقا باغرىمنى كۆمگەنگە ئوخشاش،
تېرەكلەر شىلدىرلاپ تۇرار شۇ پېتى.

ئاق ئاتتەك يۇلقۇنۇپ تۇرماقتا كۆڭۈل،
شۇ تاپتا خىلمۇخىل چىقىرىپ قىلىق.
قەلبىمدە مۇز بولۇپ ئاققان دەريادا،
ئېھتىمال ئايرىلغان چايكىلار ئېنىق.

## ھايات دېگەن

كۆيۈپ تۇرۇپ ئۆتسەممۇ ساڭا،
رەنجىمەيمەن دېگىنىڭ يالغان.
دەپ بەرمىدى قۇشلار ئىسمىڭنى،
كۆكتە قانات قاققاندەك شۇئان.

غالىبلىقتىن كۆۋەجەيدۇ دىل،
ھېسلىرىڭغا ئۇرغانچە زەخمەك.

نۇر چەشمىسى گويا زەر ئېقىن،
ئىككىمىزدىن باشلانغان ئەجەب.

ھايات دېگەن خۇددى پاسىل تام،
ئايرىپ تۇرار بىزنى تاغ- دالا.
بەڭباش ھېسقا سالغاندەك قۇلۇپ،
جىمىپ كەتتۇق ئىزدەشمەي مانا.

(ئاپتور تاشقورغان ناھىيە قوغۇشلۇق يېزا ئىجتىمائىي كاپالەت پونكىتىدا)

ئەكرەم ئابدۇمىجىت

# سوئال سورىغۇچى جاۋاب بەرگۈچىدىن كەم بولماسلىقى كېرەك

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 1-سانىدا يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل بىلەن ئەزىزجان خۇدابەردىنىڭ «مەندە شۇنداق ئەقىدە بار» ناملىق سۆھبەت خاتىرىسى ئېلان قىلىندى. مەن بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىش ئارقىلىق، سوئال سورىغۇچىنىڭ سۆھبەت ئوبيېكتى بولغان ئالىمجان ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ تولىمۇ يۈزەكى، بىر تەرەپلىمە ۋە چولتا ئىكەنلىكىنى، سوئال سوراشتا ئەھمىيەتسىز نۇقتىلارغا بەكرەك ئېسىلىۋېلىپ، ئاساسىي نۇقتىلارغا سەل قارىغانلىقىنى، نەتىجىدە سۆھبەتتىن ئادەم قانائەتلەنگۈدەك نەتىجىنىڭ چىقمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، سۆھبەتلەشكۈچىنىڭ سورىغان سوئاللىرى ئەقەللىي ساۋات خاراكتېرىدىكى ئاددىي، مۇجمەل، بىر تەرەپلىمە سوئاللاردىن بولۇپ قالغان. سوئال سورىغۇچى سۆھبەت ئوبيېكتىنى بىرئازمۇ تەتقىق قىلماي، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇماي، ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئومۇمىي سادالارغا دىققەت قىلماي، قارىسىغىلا سۆھبەت ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئۇتۇق قازانغان ئالىمجان ئىسمائىلدىن ئىبارەت بۇ يازغۇچىدىن سورالغان 30 سوئالنىڭ كۆپىنچىسى، يازغۇچىنى ئەتراپلىق ۋە ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشكە يېتەكلەيدىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشكە ئۈندەيدىغان سوئاللاردىن بولۇش تەلىپىگە يەتمىگەن. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچىمۇ ئۆز مۇددىئالىرىنى قانائەتلەنگۈدەك شەرھلەپ بېرەلمىگەن. بۇ سۆھبەت خاتىرىسىدىكى سوئال سورىغۇچىنىڭ تۆۋەندىكى سوئاللىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى:

«باشقا يازغۇچىلارغا ئوخشاش ، سىزمۇ ئىجادىيەتنى شېئىردىن باشلىغانمۇ؟»

بىسمىللاسىغىلا، سوئال سورىغۇچى يۇقى-

رىقىدەك مۇجمەل سوئالدىن بىرىنى سورايدۇ. بۇ يەردىكى «باشقا يازغۇچىلار» دېگىنى كىمنى كۆرسىتىدۇ؟ يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا ئىجادىيىتىنى شېئىردىن باشلامدۇ-يا؟ يازغۇچىلارنىڭ دەسلەپتە ئىجادىيەتنى مەلۇم بىر ژانىردىن باشلاپ، كېيىنچە باشقا ژانىرغا ئۆتۈشىنى كىتابخانلارغا ئەينەن تاپشۇرۇشى شۇنچە مۇھىممۇ؟ يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالىدا بۇ سوئالغا جاۋاب بولغۇدەك ئۇچۇرلار يوقمىدۇ؟ دېمەك بۇ سوئال ھېچقانداق يېڭىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، مەنتىقىسىز بولۇپ قالغان.

« «يېگانە دۇنيا» ناملىق رومانىڭىز قايسى تېمىغا بېغىشلانغان؟»

مانا بۇ سوئال، سوئال سورىغۇچىنىڭ مەزكۇر رومانىنى ئوقۇمىغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەگەر سوئال سورىغۇچى «يېگانە دۇنيا»نى ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ قايسى تېمىغا بېغىشلانغانلىقىنى ئاپتوردىن سوراپ يۈرمىگەن بولاتتى. رومانىنى ئۆزى تەپسىلىي ئوقۇمىغان، تەھلىل قىلىپ كۆرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، شۇ رومان ھەققىدە سوئال سوراش سۆھبەتنى قاتمال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

«ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئەسىرىڭىزگە ئوبزور يېزىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باقتىمۇ؟»

بۇ سوئالمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا سوئال سورىغۇچىنىڭ جاۋاب بەرگۈچىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنىڭ بەكلا ئازلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەسلىدە سوئال سورىغۇچى سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ قانداق ئىجادىيەتلىرى بار، ئۇلار قاچان، قانداق نەشر قىلىنغان، باشقىلار تەرىپىدىن قانداق ئىنكاسلارغا ئېرىشكەن، ئەسەرلىرىدە قانداق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دېگەندەك مەسىلىلەرنى سۆھبەتتىن بۇرۇن مۇئەييەن دەرىجىدە ھەل قىلىۋېلىشى كېرەك. مۇمكىن بولسا ئۆزىنىڭ شۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ياكى باشقىلارنىڭ قاراشلىرىنى مۇلاھىزە ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن تەڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا سوئال قويۇش كېرەك.

«سىزنىڭ ھازىرغىچە «تۇمانلىق ئۈپۈق»، «زىلمانداشلار»، «قىسمەت»، «يېگانە دۇنيا»، «ھايات جىلغىسى» قاتارلىق رومانلىرىڭىز نەشر قىلىنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قايسى رومانىڭىزنى ياخشى يېزىلدى دەپ قارايسىز؟»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ سوئال خۇددى «سەن يەتتە ئەزايىڭدىن قايسىسىنى ياخشى كۆرىسەن» دەپ سورىغانغا ئوخشاشلا گەپ. بۇ يازغۇچىنى دېلىغۇللۇقتا قويۇپ، چوقۇم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرسىنى ياخشى دېيىشكە مەجبۇر قىلىدىغان، شۇنداقلا باشقا ئىجادىيەتلىرىنى كەمسىتىدىغان سوئال. بۇنداق تومتاق سوئالنى سورىماي، «نەشر قىلىنغان رومانىڭىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى قايسى جەھەتلەردە دەپ قارايسىز؟» دېگەن سوئال قويۇلغان بولسا، بەلكىم يازغۇچى ھەربىر ئەسىرى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق جاۋاب بەرگەن بولاتتى. بىراق سوئال نوقۇل ھالدىكى ياخشىسىنى ئايرىپ بېرىش ئاساسىدا قويۇلغاچقا، يازغۇچىمۇ ئامالسىز بۇنىڭغا «مەن ھەممە ئەسىرىمنى ياخشى دەپ قارايمەن، ياخشىسىنى ئوبزورچىلار باھالىسۇن» دېگەن مەزمۇندىكى قىسقىلا جاۋابنى بەرگەن.

«ھازىرغىچە قانچىلىك ئەسەر يازدىڭىز؟ قايسى ئەسەرلىرىڭىز مۇكاپاتلاندى؟»

بۇنداق ئاددىي ساۋات خاراكتېرىدىكى سوئالنى سوراپ يازغۇچىنىڭ ۋاقتىنى ئالغۇچە، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ جاۋابىنى يازغۇچىنىڭ يېقىندىن بېرى نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلىرىنىڭ ئىچىدىكى «ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى» قىسمىدىن كۆرۈۋالسىلا كۇپايە. قائىدە بويىچە، سوئال سورىغۇچى سۆھبەتكە كىرىشىشتىن بۇرۇن يازغۇچىنىڭ يېڭى-يېڭى ئىجادىيەتلىرىنى ۋە ئۇ ئې-

رىشكەن شان-شەرەپلەرنى مۇبارەكلەش ئاساسىدا تىلغا ئېلىپ، ئاندىن سۆھبەتكە يول ئېچىشى كېرەك.

«ئىجادىيەتتە ئۆزۈمگە خاس ئۇسلۇب ياراتتىم دەپ قارامسىز؟»

«سىزنىڭچە تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىپ يازغان ئەسەر چىن، تەسىرلىك چىقامدۇ؟»

قاراڭ، بۇ ئىككى سوئالغا نىسبەتەن قانداقلا يازغۇچى بولسۇن ئاۋۋالقىسىغا «ياق»، كېيىنكىسىگە «ھەئە» دېگەندىن ئىبارەت ئاددىي جاۋابنى بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئۆزىدىن مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدۇ. ھەر قانچە داڭلىق يازغۇچى بولسىمۇ، بىرىنچى سوئالغا: «شۇنداق، مەن ئۆزۈمگە خاس ئۇسلۇب ياراتتىم دەپ قارايمەن»؛ ئىككىنچى سوئالغا: «ياق، تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىپ يازغان ئەسەر چىن، تەسىرلىك چىقمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرمەيدۇ-دە. بۇنىڭ ئورنىغا «ئىجادىيەتتە ئۇسلۇب يارىتىش مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟»، «نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىپ يازغان ئەسەرلەر چىن ۋە ھەقىقىي چىقىدۇ؟» دېگەن سوئاللار بېرىلگەن بولسا بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان بولار ئىدى.

يىغىنچاقلىغاندا، سوئال سوراشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت. سوئالمۇ مۇئەييەن ئەقىل ۋە بىلىم تەلەپ قىلىدۇ. قاملاشتۇرۇپ سورالغان سوئال جاۋاب بەرگۈچىنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، تەپەككۇرىنى قوزغاپ، ئۇنى ئەتراپلىق جاۋاب بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ھەتتا بەزى سوئاللار يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەتلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سۆھبەت خاتىرىسى سۆھبەتلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ خاس مەنىۋى مەنپەئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئۇ مەلۇم گېزىت-ژۇرناللار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغاچقا، ئوقۇرمەنلەرگىمۇ بەلگىلىك مەنپەئەت بېرىش كېرەك. نۆۋەتتە «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئاسىيا كىندىكى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار ئەدىبلەر بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىلىرىنى پات-پات ئېلان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت يولى، ئىجادىيەت باسقۇچلىرى، ئىجادىيەت نەتىجىلىرى، ئىجادىيەت قاراشلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىلەرنى بېرىپ كەلمەكتە. ئەمما يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك قىسمەن ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. شۇڭا سۆھبەت خاتىرىسى ئۇيۇشتۇرۇشتا، مەيلى سۆھبەتلەشكۈچىلەر بولسۇن، مەيلى مۇھەررىرلەر بولسۇن سۆھبەت مەزمۇنلىرىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىي، كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

(ئاپتور غۇلجا ناھىيە چۆلقاي ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر **قاھار نىياز**



مۇتەللىپ سەيپۇللا ئەزىز



# قىزىڭىزنى ئۈنلۈك چاقىرماڭ

(ھېكايە)

1

ــ قەمەرنىسا...! مەرەمنىسا...! تۇرسۇنىنى-
سا...! ھۇ داۋزا قۇلاقلار، قوناقلىقنى ئۆي تۇتۇپ
ئۆتۇشەرسەن، ھۇ تويمىغۇرلار!
گۇلنىسا خېنىمنىڭ ھەممىگە تونۇش
ياڭراق ئاۋازى مەھەللە ئاسمىنىنى بىر ئالدى، بو-
ۋايلار ياقا تۇتۇشتى، مومايلار كۆزلىرىنى مىتىل-
داتتى. گەپخۇمار غەيۋەتچى خوتۇنلار بىلەن پىت-
نىچى يىگىتلەر ئالىقانلىرىنى ئېغىزىغا قويۇپ
پىخىلداپ كۈلۈشتى. باللار گۈلنىسا خېنىم-
نىڭ ئىنچىكە، زىل ئاۋازىنى دوراپ بىر-بىرىنى
چاقىرىشتى.
ــ قەمەينىشا، مەيەمنىشا، تۇيسۇننىشا...!
گۇلنىسا خېنىم قىزلىرىنى ئۆگزىگە

چىقىپ چاقىرغانىدى. ئۆگزىدىن ياڭرىغان چاقى-
رىق تال-تېرەكلەردىن ئەكس سادا قايتۇردى.
ئەكس سادا كۈز ئاخشىمىنىڭ مەيىن شامىلىغا
قوشۇلدى. شامال ئۆز بويلىرى بىلەن تەڭ تاغاردا
ئوت يۇدۇپ ئۆيگە قايتىۋاتقان قىزلارنىڭ قۇلىقى-
غا يەتتى. قەمەرنىسا كۈلدى. مەرەمنىسا ئۈمچەي-
دى. تۇرسۇننىسا ئۆشنىسىدىكى تاغارنى تاشلى-
دى. قىزلارنىڭ يۈزى قىزاردى، قۇلاقلىرى قى-
زىشتى، خېلىلا قاتقان تەنلىرى تىترىدى. كۈل-
گىنىنىڭمۇ، ئۈمچەيگىنىنىڭمۇ، دومسىيىپ-
پۈسكايغىنىنىڭمۇ چىشلىرى كىرىسلىدى.

قىزلار قىر تۈۋىدە موككىدە ئولتۇرۇشتى. تا-
غارلىرىنى سۆزسىزلا قويۇشتى. ئۆي تەرەپكە
كەينىنى قىلىشتى. ئانىسىنىڭ ئالدىرىتىشىغا،
ئۆيگە تېزرەك قايتىشقا ئۈندىشىگە مۇشۇ ھەرى-
كىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى. ئانىسى بىلەن
قەستەن قېرىشىۋاتقاندەك، گۈلنىسا خېنىمنى تې-
خىمۇ بەكرەك تېرىكتۈرمەكچى بولغاندەك،
سۈزۈك ئاسمانىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە ئەمدىلەتىن
كۆز قىسىشقا باشلىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ سۇ-
نايلىنىپ يېتىشتى.

كۈز ئاخشىمى قىزلارنىڭ كۆڭلىدەك چاراق-
لايتتى. قوناقلىق قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدەك تەۋرىنەت-
تى. كۈز شامىلى قىزلارنىڭ خىيالىدەك تەلپۈنەت-
تى، بەك يىراققا بولمىسىمۇ ئۆز نىشانى تەرەپكە
ئالدىرايتتى. شامالمۇ، قىزلارنىڭ كۆڭلىمۇ ئال-
دىرايتتى. ئالدىرىمىسا بولمايتتى. شامال ئۆز قا-
نۇنىيتى، ئۆز يۈنىلىشى بىلەن قىردىن قىرغا
ئۆتۈپ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان پايانسىز قوناق
شاخلىرىنىڭ مەڭزىنى سۆيۈپ، باغرىدا ئەركى-
لەشكە ئالدىرىسا، قىزلارنىڭ خىيالىمۇ تەڭتۇش-
دېمەتلىكلىرىنىڭ كەينىدىن يېتىۋېلىشقا، ئاشۇ-
لاردەك بۇرۇنراق بىردىن مورىدىن ئىس چىقى-
رىپ، بىردىن ئىشىككە قۇلۇپ سېلىشقا؛ پەر-
زەنتلىرىنىڭ ۋىلىقلاشلىرىدىن سۆيۈنۈشكە ئال-
دىرايتتى. «گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئۈچ قىزىنىڭ
بىرىنىمۇ ئەر ئالمىدى» دېگەن نام، تامغىدىن بۇ-
رۇنراق قۇتۇلۇشقا ئالدىرايتتى. ئۇلارنىڭ بىرەرى-
نى بولسىمۇ، ياق، بىرەرىنىلا ئەمەس، ھەممىسى-
نى گۈلگۈن يىگىتلەرنىڭ موتوسىكلىت كەينى-
گە مىندۈرۈپ بازار كۈنى توختىماي ئۇياق-بۇياق-
قا چاپتۇرۇپ، كالچاي ئېغىز خوتۇنلارنىڭ ئۆ-
سەكلىرىدىن خالاس تاپقۇزۇش ئۈچۈن بولسىمۇ
ئالدىراش زۆرۈر ئىدى. مىنەي، مىنگىشەي دېسى-
غۇ قىزلار ئۈچۈن تالاي ماشىنا، موتوسىكلىت،
تالاي ئات-قېچىرلار گۈرۈلدىشىپ ئوت ئالغىنى-
چە، تىزگىن چىشلەپ كىشنىگىنىچە ئۆچىرەت
ساقلاپ تۇرۇشۇپتۇ. بىراق، مىنەي دەپلا مىنگى-
لى، مىنگىشەي دەپلا كېتىپ قالغىلى بولمايدۇ-
دە. دەرۋازا تۈۋىگە ئەلچىلەرنىڭ ئاتلىرى تېزەك-
لەشتىن بۇرۇن، ئەلچىلەرنىڭ زۇۋانداز ئاياللىرى
18 كاراتلىق قىزغۇچ مونچاقلىرىنى «بانكىنىڭ
يۈز پىرسەنتلىك ئالتۇنى» دەپ كۆتۈرگىنىچە بو-
سۇغا ئاتلاشتىن بۇرۇن مىنىش، مىنگىشىش ئۈچ
قىزنىڭ قايسىبىرى ئۈچۈن بولمىسۇن ئۇيات.
ئۇياتلا ئەمەس، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ۋە ئادالىغۇ-
سىز ھارام !

قىزلار بۇنى بىلىدۇ. قىزلار ھەم بىلىدۇكى،
ئۆيلىرى ئالدىدا ماشىنا، موتوسىكلىتلىرىنىڭ
سىگنالىنى پات-پات كاركىراتقان ئالا كۆڭلەك
بەگزادە-بايۋەچچىلەرنىڭ، ئۆي كەينىدە ئات
كىشنەتكەن ئالا يەكتەكلەرنىڭ تولىسىنىڭ دې-
گۈدەك بىر ئوبدان ئۆي ــ ئائىلىسى، ئۆزلىرىدىن
قېلىشمىغۇدەك گۈل چىراي مەھبۇب-ھەمراھلى-
رى بار. بەزىسىنىڭ تېخى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ
دېگۈدەك بوي تارتقان قىز-ئوغۇللىرىمۇ بار.
شۇنداق ئىكەن ئۇ ئالا يەكتەك، ئالا خۇرجۇنلارغا
توقال-ئاشنا بولۇشتىن مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ قال-
غىنى مىڭ ئەۋزەل.

قىزلار شۇنداق قىلدى. ئۆزىگە لاتاپەتنى، ھە-
رىكىتىگە ھايانى جەملىدى. تۇغۇلۇشىدىنلا قېنى-
غا سىڭىپ، يىلىكىگە تاراپ كەتكەن نومۇس
كۈچى قىزلاردىن بىر باھارمۇ يىراقلىمىدى. بىر
يازمۇ چەتلىمىدى. بىر كۈزمۇ بويۇن تولغاپ،

بىر قىشمۇ باتنىمىدى. قىزلار ئاشۇ لاتاپىتى، ئاشۇ هايا-ئىپتىقادى بىلەن تالاي يىگىتلەرنىڭ باغرىنى پىژىلداتتى. تالاي يىگىتلەرنىڭ تامىقىدىن تەم، ئۇيقۇسىدىن شېرىنلىكنى قاچۇردى. ئاۋۋال قەمەرنىسا مەھەللىنىڭ يەككە-يېگانە ئەتىرگۈلىگە ئايلاندى. ئارقىدىن مەرەمنىسا پورەكلەپ ئېچىلدى. ئاخىرىدا تۇرسۇننىسامۇ غۇنچىلىدى. ۋاقىت ئۆتۈپ ئۈچ تال گۈل بىر دەستە چىمەنگە، بىر باغلام لالە-رەيھانغا ئايلاندى. گۈل-چىمەنلەرنىڭ خۇش ھىدى، لالە-رەيھانلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئاۋۋال يېقىنغا، ئارقىدىن يىراقلارغا تارىدى. دىماقلار مەست بولدى. دىللار زوقلاندى. ئېغىزلار ئېچىلىپ، قۇلاقلار يېقىلدى. مەھەللىدىكى يىگىتلەر ساماندەك سارغىيىپ، خەستەك پۇچۇلاندى. دادىلار سورىدى، ئانىلار دېمىدە ئوقۇشتى.

— ئاشۇ گۈلنىساخان كانايىنىڭ قىزىغا كۆيۈپتۇ، — دېدى ئانىلار، — شۇڭا گېلىدىن غىزا، لېۋىدىن سۇ ئۆتمەيدىكەن.

— يىگىتلىك دېگەن يامان، — دېدى ئاتىلار، — كۆيگىنىنى ئېلىپ بېرەيلى.

— ياق، — دېدى ئانىلار، — ھەرگىز ياق! قىزلىرىدا ئەيىب - نۇقسان بولمىسا، ئەتە-ئاخشاملىرى ئۆيلىرىنى تېپىپ كىرەلىسە، ئانىسى دېگەن مەزلۇم ئۆگزىگە چىقىپ كارنىيى يىرتىلغۇدەك توۋلاپ قىزلىرىنى چاقىرامتى؟!

سەۋەب شۇ بولدى. شۇ سەۋەب بىلەن گۈلنىسا خېنىمنىڭ ياڭراق ئۈنى قىزلىرىنىڭ گۈل ھىدىنى مەھەللىدىكى يىگىتلەرگە پۇراتمىدى. يىگىتلەرگۇ پۇراشتىن يالتىيىشمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى ئەلچىلىككە كىرىشكە كۆندۈرەلمىدى. نەتىجىدە، «يارداڭدىن ئۆزۈمنى تاشلىۋالىمەن» دېگەنلەرمۇ، «كاچكۇلغا بېشىمنى تىقىۋالىمەن»، «توك سىمىنى تۇتۇپ ئۆلۈۋالىمەن» دېگەنلەرنىڭ يىغا-قارغىشلىرىمۇ ئاستا-ئاستا پەسلەپ كەتتى. يىغىنىڭ پەسلەپ، قارغىشلارنىڭ توختاپ قېلىشىغا يەنە شۇ گۈلنىسا خېنىمنىڭ ياڭراق ئۈنى سەۋەب ئىدى. باغ كەينىگە مۆكۈشكەن، قىزلارنىڭ ئۆتەر يولىدا ساقلاپ تۇرۇشقانلار گۈلنىسا خېنىمنىڭ جەھلى بىلەن ۋارقىرىغىنىنى بىر-ئىككى قېتىم ئاڭلاپ قالدى-دە، قاتمىغان يىگىتلىك پەيلىرى شۇ ئاۋازدىن سىرقىراپ بەردى. ئوتتۇنەك ئىرادە، بەقەمدەك قەسەملەر شۇ ۋارقىراشتىن كۈچسىزلەندى. تۇمشۇقىنىڭ چۇشۇپ قالغىنىغا قارىماي قېچىشقان يىگىتلەر ھېچبىر سۆزدە ئۆزلىرىنىڭ بوشاڭ-بولۇمسىزلىقىنى بايان قىلىشمىدى. ھەممىدە ئانىدىن باتناش، قىزلىرىدىن قېيىداش كۆۋەجەپ تۇراتتى. ئاخىر «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» بولدى. مەھەللە ياشلىرى ئۈچ گۈلنى خوخا-يانتاق قىلىپ سايلاشتى. بىر دەستە چىمەننى بەتبۇي «ئىت ياڭىقى»غا ئايلاندۇرۇشتى. ئانىلىرى «كىش - كىش» لىدى، ئاتىلىرى «هاي-هاي»لىدى. شۇنداق قىلىپ ئاۋۋال قەمەرنىسا، ئارقىدىن مەرەمنىسا، ئاخىرىدىراق تۇرسۇننىسا «ئىت ياڭىقى» بولدى. «كۆيدۈم» دېگەنلەر كۆلدەك توزۇپ، «ئۆلدۈم» دېگەنلەر باشقا بىر خېنىمنىڭ ئوچىقىغا موندەك قالاپ ياشاۋەردى.

قەمەرنىسا بولۇقىغا كىردى. مەرەمنىسا پورەكلىدى. تۇرسۇننىسا ئىز باستى. ئازغان ئارىسىدا ئۈنگەن سېرىق سەبدىدەك جەلپكار، تىكەنلەر قوينىدا قىزارغان يانتاق چېچىكىدەك مەھلىيا بۇ ئۈچ گۈلگىنە قانداق پورەكلەپ، قانداق بولۇقىغا كىرگەن بولسا مەھەللىنىڭ سۆز-چۆچىكىمۇ شۇنداق پورەكلىدى. پىتنە-پاساتلار شۇنداق بولۇقشىدى. شۇندىمۇ چىمەنلەر خازان بولۇشمىدى. لالە-رەيھانلار توزۇپ كېتىشمىدى. ئۆز بەرگىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، ئۆز مېغىزىنى مەھكەم قاماللاپ، گۈلنىسا خېنىمنىڭ ھەر بىر بۇيرۇمىسىنى جان دەپ ئورۇنداپ كەلدى. خۇشبۇي ھىدىنى بىرەر ياۋا كېپىنەككە پۇراتمىدى. گۈل مېغىزىنى بىرەر ئەپقاچتى كەپتەرگە چوقۇلاتمىدى. ھەسەلدەك قىيام باغلاپ، قاشتېشىدەك جۇلالاپ ئەيىامىغا كەلگەن قىزلارنىڭ سۈمبات-سىياقى

نىڭ داڭقى-غۇۋغاسى مەھەللىدىن چىقىپ يېزىغا ئاڭلاندى. گۈلى ئەمبەرلەرنىڭ مەستخۇش ھىدى يېزىدىن قاناتلىنىپ ناھىيە بازىرىغا ئۇچتى. يېزا بازىرىدىن ئەلچىلەر كەلدى. ناھىيە بازىرىدىنمۇ ئەلچىلەر كەلدى.

— قىزلىرىدا بىر ئىش بار. بولغاندىمۇ ئىنس-جىنىغا تۇيدۇرماي قىلىشىدىغان چوڭ ئىش بار. بوسۇغىدىن چىقىۋالسا ئۆيگە قايتمايدۇ ئۇ داپشاقلار.

— مىياڭلىمىغان مۈشۈك تۆت سەر گۆشنى ئارتۇق يەپتۇ، دېگەندەك، مۇشۇ قىزلىرىدا چوقۇم چاتاق بار. بولغىنىدىمۇ چوڭ چاتاق بار. ئانىسى ئۆگزىگە چىقىپ تۇرۇپ ئېغىزى يىرتىلغۇچە ۋارقىرىمىسا، ھەي... ي ئۆينى تاپالمايدۇ ئۇ داپيۈزلەر.

«خالىسخان»لارنىڭ كۈس-كۈسلىرى ئەلچىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. نە يەتسۇن، يەڭ تارتىپ تۇرۇپ يەتكۈزۈلدى. نە يەتكۈزۈلدى، ئىزدەپ بېرىپ ئىشىتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەرنىڭ ئاتلىرى يېرىم يولدا تىزگىن سىيرىشتىن توختىدى. ماشىنىلىرى بوسۇغا تۈۋىدىن ئەگىتىلدى.

شۇنداق قىلىپ نى-نى يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، دىلىغا مەلھەم، ئىرادىسىگە قانات، ئارزۇسىغا ھەمنەپەس بولغۇسى بۇ ئۈچ نىسا مەھەللىدىكى «ئەر ئالمىغان تەۋەررۈك»كە، «ۋاقتى ئۆتكەن ئاسار ئەتىقە»گە ئايلىنىپ قالدى.

— قەمەرنىسا ھۇي...! مەرەمنىسا ھۇي...! تۇرسۇننىسا ھۇي...! ھۇ ئۆينى تاپالمايدىغان قارىغۇ كەپتەرلەر. ھۇ بەز مارىغان مولۇنلار، شۇڭىمۇ ئەر ئالمايدۇ ھەر قايسىڭنى!

گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئۆگزىدىكى كاركىرىكى ئۇدۇل قوناقلىقىقا قاراپ ئۇچتى. نە ئۇدۇل ئۇچسۇن، ئۆي-ئۆيلەرنى مارىلاپ، تۈڭلۈك-تۈڭلۈكلەردىن بويۇنداپ، ئۇيقۇدىكىلەرنى ئويغىتىپ، بۆشۈكتىكىلەرنى قىرقىرىتىپ ئاندىن قىزلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. قىزلار چۆچۈدى. ئەمدى قەمەرنىسا كۈلمىدى. مەرەمنىسا ئۈمچەيمىدى. تۇرسۇننىسا تاغىرىنى تاشلىمىدى. ھەممىسى ئەندىكتى. ھەممىسى ئۇپۇر-تۇپۇر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، تاغارلىرىنى يۇدۇشكىنىچە ئۆي تامان ئۇچۇشتى. قىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە يەم-ئوزۇق ئېلىپ كېلىۋاتقىنىنى بىلگەندەك ئېغىلدىكى موزايلىق كالا، تەخەيلىك ئېشەك، قوزىلىق ساغلىقلار گۈلنىسا خېنىمنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ بىراقلا مۆرەپ، بىراقلا ھاڭراشتى. ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ مەرەشتى.

— قەمەرنىسا ...! مە...

2

گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. بىر ئۇن يېتىم يەرگىلا ئەمەس، قوشنا مەھەللىلەرگىچە ئاڭلىناتتى. ئەگەر پەرەڭلەردىكى ئۇن قويۇپ ۋارقىراش، ئاۋازلىق كاركىراش مۇسابىقىلىرى بۇ يەرلەردىمۇ بولۇپ قالىدىغان بولسا، گۈلنىسا خېنىم شۈبھىسىزكى بىرىنچىلىك پەلەمپىيىگە چىققان بولاتتى.

گۈلنىسا خېنىمدىكى بۇ خىل يۇقىرى ئاۋاز تۇغما بولسا كېرەك. بۇ خىل ئالاھىدىلىكى كىچىك چېغىدىلا تولۇق بايقالغان. بايقىلىپلا قالماي «تالانت» دەپمۇ ئاتالغان. ئالاھىدىلىكى بىلەن تالانتى قوشۇلۇپ «تۇغما تالانتلىق» دەپ تەرىپلەنگەندى. شۇ تۇغما تالانتى بىلەن ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا مەكتەپنىڭ ناخشا بېشى بولغانىدى.

گۈلنىسا نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئوقۇلماقچى بولغان ناخشىنىڭ باش مىسراسىنى توۋلايدىغان بولسا كەڭ مەيدان لەرزىگە كېلەتتى. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىنىپ، قانلىرى ئۆركەش ياسايتتى. ئۇ ناخشىلارنى باشلىغىنىدا بەك ھاياجانلىناتتى. ھاياجاندىن ئاۋازى تېخىمۇ بەك كۆتۈرۈلەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەكتەپكە قوشنا دېھقان ئۆيلىرىدىكى توخۇلار قاقاقلىشىپ، دەمدەرلەرمۇ

بوقۇلدىشىپ كېتەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، مۇئەللىم، مۇئەللىمەلەر گۈلنىسانى ناخشىلارنىڭ داۋلمىنى ئوقۇشقا يول قويمايتتى. «باشلاپ بەرسەڭىزلا بولدى، داۋامىنى ئوقۇماڭ» دەيتتى. نىساگۈل بوغۇلاتتى. ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئوقۇمايدىغىنىنى، ئوقۇسا نېمىشقا بولمايدىغىنىنى بىلمەيتتى. شۇ بىلمەسلىكىدە ئۇ ناخشىلارنى ئىچىدە غۇڭشىيتتى. باشتا غۇڭشىغىنى، دىلىدا يادلىغىنى بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆپكىدەك ئىسسىلىپ، تۈگمەندەك سىلكىنىپ تۇرۇپ ناخشا ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ كېتەتتى. نەتىجىدە مۇئەللىمەلەر ئۇنىڭغا قاراپ بارمىقى بىلەن ئېغىزىنى توسۇپ «ھۇش...!» قىلاتتى. «ھۇش...!» كار قىلماي قالغىنىدا مەيدان ئۆرتۆپە بولاتتى. گۈلنىسانىڭ ئاۋازى ھەممە ئاۋازنى بېسىپ كېتەتتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارايتتى. مۇئەللىمەلەر يۈگۈرۈيتتى. گۈلنىسانىڭ ئېغىزىنى ئالقانچىلاپ توسۇۋالاتتى. كېيىنچىرەك بۇ ئاماللارمۇ كار قىلماي، گۈلنىسانى سەپ ئالدىغا ئاچىقىپ قويۇشتى. ئەمدى ئۇ، ناخشىلارنى مۇشۇ يەردە سەھنىگىمۇ، مۇئەللىمەلەرگىمۇ يېقىن يەردە تۇرۇپ باشلايدىغان بولدى.

گۈلنىسا ئەمدى سەھنە ئالدىغا چىقتى. شۇ چىققىنچە خېلى ئۆمرى شۇ يەردە ئۆتتى. ئاۋۋال سەھنە تۈۋىدە ، كېيىنرەك سەھنە ئۈستىدە، ئاخىرىدا مۇنبەردە جايلاشتى. ئۇ كېيىنچىرەك گۈلنىسا خېنىمغا ئايلاندى. ھە راست، گۈلنىسا خېنىمغا ئايلانغان چاغدا ئۇ ئالىقاچان مۇنبەردىنمۇ، سەھنىدىنمۇ چۈشۈپ بولغان چاغلىرى ئىدى.

گۈلنىسا خېنىمغا ئۆزگەرگەن يىللاردا ئۇ ئالىقاچان «كەمبەغەل دېھقان پەرزەنتى» ھېكىمئاخۇننىڭ ئايالى بولۇپ بولغانىدى. گۈلنىسا ھېكىمئاخۇنغا ياتلىق بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي يۇقىرى ئاۋازنىڭ ئەتىۋارى قالمىدى. «ھېكىم كەمبەغەل» نىڭمۇ بازىرى كاساتلاشتى. يۇرتمۇ يۇرت، شەھەرمۇشەھەر تالاشتا قېلىپ نۇتۇق، ئۇزۇندى يادلايدىغان بۇ بىر جۈپلەرنى كىشىلەر ئەمدى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ قالدى. ئاخىرىدا بىراقلا ئىزدىمەيدىغان بولۇشتى. بۇ ئىش ھېكىم كەمبەغەلگە تەسىر قىلمىغىنى بىلەن، گۈلنىسانىڭ جېنىدىن ئۆتتى. دېمىسىمۇ، نېمانداق ۋاپاسىز خەق بۇ؟ چىرايى گۈلدەك، ئاۋازى بۇلبۇلنىڭكىدەك چاغدا بېشىدىن چۈشۈرمەي «تۆگە تايلاق» ئېتىشىسۇن، ئەمدى نېمە بولدى؟ ئاۋازى ئۆزىنىڭكىدىن يوغانراقىدىن بىرەرى چىقىپ قالدىمۇ يا؟ شۇنى تېپىۋېلىشتىمۇ يا؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس! باشقا بىراۋغا يېڭىلىپ قېلىش گۈلنىسا ئۈچۈن ئارنومۇس!

گۈلنىسا شۇنداق ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ سەھنە-مۇنبەر تەرەپنى تىڭ-تىڭلايتتى. ئۆز ئورنىنىڭ كىمگە تارتۇق بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەك بولاتتى. كېيىنرەك ئۆزىمۇ بىلدىكى، بىر زامان ئۆزىنى «ئەتىۋار»لىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلىرى دېگۈدەك ئۇ سەھنىلەردىن موللاق ئېتىپتۇ. ئۇ كاتتىباشلارنىڭ ھازىرقى ھالى گۈلنىسانىڭ كۈنىدىن نەچچە باراۋەر بەتتەر ئىكەن. شۇڭا، ئەمدى ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشى، ھېكىم كەمبەغەلنىڭ ئەمرىنى چىڭ تۇتۇپ سىلىق-سىپايە ياشىشى زۆرۈردەك تۇرىدۇ.

گۈلنىسا شۇنداق قىلدى. ھېكىمئاخۇنغا باش بولۇپ كۈچىنىپ ئىشلىدى. ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قىز تۇغدى. نەق ئۈچ قىزكى، ئۈچ يۇلتۇز، نەق ئۈچ يۇلتۇزكى، ئۈچ زۆھرە تەۋەللۇت بولدى. ئاياللار بارماقلىرىنى شوراپ-چىشلەپ ئۈزۈپ قويغىلى تاس-تاماس قېلىشتى:

— گۈلنىساخاننىڭ ئىچى نېمانچە چىرايلىقتۇ؟!

ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىنىڭ بۇرنىغا نوقۇشتى:

— بالا دېگەننى ئاۋۇنىڭدەك تۇغمامدۇ؟ ھېكىمنىڭ قىزلىرى ئىنسان ئەمەس، پەرىشتە ئىكەنغۇ زادى! ئاشۇ قىزلار بار يەردە مۇنۇ مىشمىرىق ئاسلانلىرىڭنى ئەر ئالامدۇ كېيىن؟!

شۇ خىل ئەجەبسىنىش، ئۇھسىنىشلار داۋام ئېتىلىۋاتقىنىدا گۈلنىساخانىنىڭ يەنە ئازراق بازرى چىقتى. پات-پات يىغلىپ قالىدىغان ھۆكمەتچى بۇۋۇملەر ئوقۇيدىغان ھۆكمەتنى باشلايدىغانغا گۈلنىساخاننى تېپىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ «گۈلنىسا خېنىم» دەپ ئاتالدى.

گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن زىل، ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. لېكىن، ئاۋازى يۇقىرى بولغىنى بىلەن بىرەر كەلىمىنى تۈزۈك ئۇقمايتتى. ھۆكمەت-تىلاۋەتلەردە ئېيتىلىدىغان سۈرە، قىرائەتلەردىن ئەسلا خەۋەرسىز ئىدى. زورلاپ ئوقۇۋاتقىنىدىمۇ بىر گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئاۋازى باشقا ھەممە خېنىم-بۇۋۇملەرنىڭ رىتىملىك قىرائىتىنى بېسىپ چۈشەتتى. شۇ سەۋەب ئۇ كېيىنچە بۇ يىغىلىشلارغىمۇ چاقىرىلمايدىغان بولدى. لېكىن، «خېنىم»لىقىنى بىرەرى تارتىۋالمىدى.

گۈلنىسا خېنىمنىڭ قىزلىرى چوڭ بولۇۋالتاتتى. ئاي-زۆھرەلىرى تولۇپ، بارغانچە نۇرانىلىشىپ بارماقتا ئىدى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيرانۇ ھەس ئىدى. ئاياللار يەنە شۇ «گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئىچىنىڭ ئۈزلۈقى»دىن بارماق چىشلەپ «ئىسىت»لىسە، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغىنىدىن، ئاۋۇ ئۈچ گۈلبەدەن بىلەن تەڭ دېمەت تۇغۇلماي قالغىنىدىن ئۆكۈنۈشۈپ موخۇركا شورايتتى.

گۈلنىسا خېنىمچە بولغىنىدا، چىراي ئۇنچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. قىز بالا دېگەندە ئەڭ مۇھىمى شەرم-ھايا، ئىنساب-دىيانەت، گۈزەل خۇلق بەك زۆرۈر ئىدى. چىرايلىق قىزلارنىڭ دەردى كۆپ، تۆكىدىغان كۆز يېشىمۇ كۆپ بولاتتى. تىكىلىدىغان كۆزمۇ، تېگىدىغان كۆزمۇ كۆپ بولاتتى. شۇ يالقۇنلۇق يىللاردا چىرايلىق قىزلارنىڭ قاي كۈنلەرگە مۇپتىلا، قاي قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانلىرى گۈلنىسا خېنىمغا سىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا قىزلارنى ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى تەربىيەلەش كېرەك. يولدىن ئازغان، تاپتىن چىققان نازىنىنىنى تۈزلىمەك ئېگىلگەن پولات تۈۋرۈكنى تۈزلىمەكتىن قىيىن، دەپ ئويلايتتى گۈلنىسا خېنىم. شۇڭىمۇ ئۇ قىزلىرىنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا يىكتەك باشقۇرۇپ، ئىلپىتەك تىكلەپ؛ دالدەك مۇلايىم، زالدەك ئەۋرىشىم بولۇشقا ئۈندەيتتى. «داداڭلاردىن باشقا بىرەر ئەركەك چىۋىنىنىمۇ ئۆزۈمگە يېقىن يولاتمىغانمەن» دەپ ئۆزىنى ئۆلگە قىلاتتى. ھەقلەپ، نىكاھلاپ ئېلىپ ماڭغان بىرەرىنىڭ پېشىگە يانداشمىغىچە بىرەر ئەر زاتىنىڭ كۆزىگە قاراپ، سۆزىگە ھېجىيىدىغان بولسا، قۇلىقىنى ئۈزۈۋالىدىغانلىقىنى كۈنىگە بىر دېگۈدەك ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

گۈلنىسا خېنىم قىزلىرىغا كۆيۈنەتتى. شۇلارغا ياخشى بولسۇن دەيتتى.ھەممىدە شۇلارنىڭ بەختىنى، شۇلارنىڭ كەلگۈسىنى چىقىش قىلاتتى. لېكىن ئاۋازى يوغان ئىدى. مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ئىشقا بۇيرۇسۇن، مەيلى تەربىيە، مەيلى تەنبىھ بەرسۇن ھەممىسىدە قىزلىرىنىڭ ئىسمىنى ۋارقىرىغاندەك ئاتايتتى. شۇنچە مېغىزلىق، شۇنچە يېقىشلىق مەزمۇن-ھېكمەتلىرىمۇ گويا قىزلارنى ھازىرلا بوغۇۋېتىدىغاندەك ئاۋازدا باشلىناتتى. گەپ ئارىلىقىغا بەزىدە قوپال، ئەبلەخانە سۆز-ئىبارىلەرنىمۇ قوشۇپ قوياتتى. ئاۋازلار تامدىن ئارتىلاتتى، يان ھويلىغا كۆچەتتى. يان ھويلىدىن يان كوچىغا، يان كوچىدىن قوشنا مەھەللىگىچە تارايتتى. قوشنىلار دەرگۇمان، دىڭ قۇلاق بولۇپ كېتەتتى، گۈلنىسا خېنىمنىڭ نېمىگە ئاچچىقلاپ، نېمىگە كايىۋاتقىنىنى بىلمەك بولۇشاتتى.

ئىسىت، ۋارقىرالغىنى، ئېنىقراق ئاڭلانغىنى قىزلارنىڭ ئىسمى ئىدى. تامدىن ئارتىلىپ، يان كوچىدىن ئۆتۈپ كەلگەن كېيىنكى مەزمۇنلار خىرە ئىدى. بۇمۇ ھەم گۈلنىسا خېنىمنىڭ قىز ۋاقتىدىلا ناخشىلارنىڭ بېشىنى ئۇنلۇك باشلاپ ئاخىرى «ھۇش...!» بولۇپ قالغىنىغىلا ئوخشايتتى.

— ئاڭلاڭلار، گۈلنىسا كارناي ئاڭلىتىشنى باشلىدى.

كىشىلەر بىر-بىرىنى جىمىلەيتتى. «ئاڭلىتىش» قىزلارنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىناتتى. داۋلمى «غاژ-غاژ» چىقاتتى. «سىگنال» تازا سۈزۈك ئەمەس ئىدى.

گۈلنىسا خېنىم بوغۇلاتتى. جىلە، رەللە بولاتتى. بىچارە مەزلۇم بوغۇلۇشقا ھەقلىق ئىدى. نېمىشقا بوغۇلمىغۇدەك؟ كىشىلەر ھەممە ئۆي، ھەممە ئائىلىنى ئەر كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتاشسۇنۇ، مۇشۇ بىر ئائىلىنىلا «گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئۆيى» دېيىشىۋاتسا، قىزلارنىمۇ «گۈلنىسا كارنايىنىڭ قىزلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىشىۋاتسا بوغۇلماي قالامتى؟ ھېكىمئاخۇن ياۋاش بولسا نېمە بوپتۇ؟ ياۋاش بولسىلا ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان، ئىسمىنىمۇ ئاتىمايدىغان گەپمىكەن؟

گۈلنىسا خېنىمنىڭ بوغۇلۇۋاتقانلىرى يالغۇز شۇلا ئەمەس ئىدى. جىلە بولۇۋاتقانلىرى ئېرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشىلا ئەمەس ئىدى. قىزلار چوڭ بولۇپ بولۇقمىغا كىردى. پىشىپ تورلاشتى. پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرۇۋەرسە بولمايدۇ. تۇرۇۋەرسە يا سېپىسىدۇ، ياكى بىرەر ئوغرى چاشقان تېشىپ قويىدۇ، ئۇ كۈنگە قالغىنىدىن گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئۆلگىنى مىڭ ياخشى.

ھېكىمئاخۇن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىدۇ. جۇۋاز كالىسىدەك بىر ئىزدىلا ئايلىنىدۇ. ئېتىز، ئېغىل، ھوجرىدىن باشقا يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تەرك. كۈنىگە ئۈچ ۋاق قاچا بىكارلاشقا ئوبدانلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ياق، بۇ ئىشقىمۇ ئوبدانلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۆي تۇتۇپ، بىرگە ياشاپ كەلگەن مۇشۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ئاش-تاماقنىڭ تۇز-تەمى، قويۇق-سۇيۇقلۇقى، نېمە يېيىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىرەر مەرتە، بىرەر جۈملە تىنىپ قويمىغان تۇرسا، قانداقسىگە كۆڭۈل بۆلگەن بولىدۇ؟ باش قاتۇرىدىغان، بىر قارارغا كېلىش زۆرۈر بولغان چوڭ-كىچىك، ئۇلۇغ-ئۇششاق ئىشلارنىڭ بەزىسىدە كۆزىنى چىمچىقلاتقىنىچە ئايالىغا تەلمۈرۈپلا تۇرىدۇ. مەيدە-تۆشلىرىنى، بويۇن-گەدىنىنى كارتىلدىتىپ قاشلايدۇ. بۇمۇ گۈلنىسا خېنىمنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدۇ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

— ھېكىمئاخۇن! — يېنىدىلا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئېرىنى نوقۇشلايدۇ، — جېنىم-ھوي مۇسۇلمان، ئاچسىلا ئۇيقۇلىرىنى!

ھېكىمئاخۇن كۆزىنى ئۇۋۇلايدۇ. ئايالىنىڭ ئاۋازى قۇلىقى تۈۋىدە بۇرغا ئۇندەك ياڭرايدۇ:

— ماۋۇ ئەر ئالمىغانلارنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟

ھېكىمئاخۇن قانداق قىلىشنى ئۇقمايدۇ. ئۇ قانداقسىگە ئۇققاي! بۇ ئائىلىدە ھەر ئىش «خېنىم»نىڭ رايىشى، ھەر گەپ «خېنىم»نىڭ خاھىشى بىلەن بولۇۋاتسا، ئۇيقۇسى قاچقان بىرەر ئاخشامدا مۇشۇنداق «بۇرغا چېلىش» بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ ھېكىمئاخۇن يەنە تەكىيەگە بويۇن تەرەيدۇ، خوتۇنىنىڭ كاركىراشلىرىغا تەڭكەش خورىكىنى تارتىپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

ھېكىمئاخۇن ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئىسستىكى، بۇنداق چاغلاردا گۈلنىسا خېنىمنىڭمۇ، نېرىقى ئۆيدە قاتارلىشىپ ياتقان ئۈچ نىسانىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچىدۇ.

قاچقان ئۇيقۇلارغا يوتقان شىرىك، كۆۋەجىگەن قانلارغا خورەك ھەمنەپەس بولغان تالاي كېچىلەر شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

بۈگۈنمۇ گۈلنىسا خېنىم ئېرىنى تۇرتكۈشلىدى:

— ھەي مۇسۇلمان، ئاچسىلا كۆزلىرىنى!

بومبا پارتلىغاندەك چىققان ئاۋازدىن ھېكىمئاخۇن چۆچۈدى. ھېكىمئاخۇننىڭ چۆچۈشىمۇ چاغلىق ئىدى. بېشىنى لىككىدە كۆتۈرەتتىيۇ، يەنە تەكىيەگە...

بۈگۈن ئۇنداق بولماي قالدى. گۈلنىسا

خېنىم ئېرىنىڭ تەكىيەگە چۈشۈپ بولغان بېشىنى قولىقىدىن تارتىپ تۇرۇپ كۆتۈرۈۋەتتى.

— ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز دەيمىز؟!

— پەسرەك...، پەسرەك... — ھېكىمئاخۇن كېكەچلىدى، — قا... قايسى مۇئەللىم...

— گاچا! ئاۋۇ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇئەللىم ماۋۇ تۇرسۇننىسانى سوراپ ئۆزى كەپتۇ. سىلىگە نەچچە قېتىم دېدىم. يەنە قايسى مۇئەللىم دېگىنىنى. سىلىمۇ كۆرۈشتىلىغۇ ئەينا!

راست، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىككى يىللىق ياردەمگە كەلگەن دىلمۇرات مۇئەللىم ئۆيگە ئۈچ قېتىم كەلدى. ھېكىمئاخۇن بىلەنمۇ كۆرۈشتى. «ئاپپايغا قارىغاندا سىز بىلەن پاراڭلىشىش ئەپلىك ئىكەن» دېدى. تۇرسۇننىسا بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ھېكىمئاخۇنمۇ،گۈلنىسا خېنىممۇ ئېغىزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۈرۈمچىلىك دېگەن قانداق خەق ئۇ؟ قىز سوراپ ئەلچىلىككە ئۆزى كەلسۇن، قېيىنئانا بولغۇچىنى ئانا ياكى ئاپا دېمەي، «ئاپپاي» دېسۇن، يەنە تېخى ھەددىدىن ئېشىپ يۈزىنى پولۇدەك قىلىپ تۇرۇپ «قىزىڭىز بىلەن ئايرىم كۆرۈشكۈم بار» دەمدا؟

مۇئەللىمنىڭ بۇ قىلىقى ھېكىمئاخۇنغا ياقمىدى. ھېكىمئاخۇنغا ياقماسلىقىغۇ چوڭ گەپ ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى گۈلنىسا خېنىمغا ھار كەلدى. ھار كەلگەن يېرى ئۆزىنىڭ «ئاپپاي» بولۇپ قالغىنى ئەمەس، بەلكى قىزلىرىنىڭ نۆۋىتىنىڭ تەتۈر كەلگىنى ئىدى. شۇڭىمۇ بۇگۈن كېچە كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ باتناپ، ئېرىنى تۈرت كۈچلىگەنىدى.

— بىر نېمە دەڭلا ئەر كىشى بولغاندىكىن؟

— ئەر كىشى، ئەر كىشى دەپ قويۇپ، — ھېكىمئاخۇن مەيدىسىنى تاتىلىدى، — ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭلا بىلىپ قىلىسىلە. تۇرسۇننىسا نېمە دەيدۇ، ئۆزى؟

— نېمە دەيتتى، ئىككى ئاچام تالالىق بولماي تۇرۇپ، مەن ئەرگە تەگسەم بولماس، قالدىسىغا ئۆزۈڭلار نېمە دېسەڭلار شۇ دەيدۇ.

— قىزىڭلار شۇنداق دېگەن بولسا، ئۆزۈڭلار نېمە دېسەڭلا شۇ كەنغۇ، ئەمىسە.

ھېكىمئاخۇننىڭ تەكىيەگە يېنى چۈشكەچ ئېيتقان بۇ سۆزى گۈلنىسا خېنىمنىڭ گىرادۇسىنى بىراقلا ئۆرلىتىۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي جېنىم! ئەر كىشى دېگەنما سىلىدەك بولامدۇ؟! كۆزلىرىنى ئېچىپ بىر نېمە دېسىلە ما گەپكە، ھېلىقى مۇئەللىم يەنە كەلسە، قەمەرنىسانى ئالسىلا ئەمىسە، دەمدۇق يا؟

— كىچىكىگە مېڭىپ كەلگەن ئادەمگە ئاچىسىنى ئالسىلا دېسەك ... قاملىشارما؟

— قاملاشمىسا، ئاچىلىرى ئۆيدە قېلىپ، كىچىكى ئەرگە تەگسە بەك قاملىشار ئەمدى!

گۈلنىسا خېنىمنىڭ مەزگىلسىز «ئاتلىنىشى»دىن كات- ساندۇقنىڭ كەينىدىكى چاشقانلارمۇ چۆچۈشۈپ تىرىقشىپ كەتتى. نېرىقى ئۆيدىكى قىزلارمۇ قۇلاقلىرىنى دىڭلىدى. قۇلىقىنى ھەممىدىن بەك دىڭلىغىنى تۇرسۇننىسا بولدى.

— ئۆزۈڭ تېگىۋەر، — دېدى قەمەرنىسا شىۋىرلاپ تۇرۇپ، — نۆۋەت بويىچە كىرىدىغان كىنوخاننىڭ ئىشىكى ئەمەس بۇ. بىزگىمۇ خۇدايىم بېرىدۇ بىر كۈنى.

— تەگكىن، — دېدى مەرەمنىسامۇ، — بەخت دېگەن تەڭ نېسىپ بولىدىغان نەرسە ئەمەس. خۇدايىم ئاۋۋال ساڭا بەرسۇن. بىزمۇ رىزىقسىز قالماسمىز.

ئىككى قىز كۈلدى، كەنجىسى يىغلىدى. تۇرسۇننىسا يىغلاۋاتقان شۇ ئەسنادا نېرىقى ئۆيدىن ئانىسىنىڭ سۇنايدەك ئۈنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— خورەكلىرىنى بۇشراق تارتسىلا، گاچا!...

3

دىلمۇرات مۇئەللىم «تۇرسۇننىسا بىلەن

ئايرىم كۆرۈشمەن» دەپ چىڭ تۇردى. «نىكاھتىن كېيىن»گە باش تولغىدى. مۇئەللىمچە بولغاندا ئالماقچى، تويلاشماقچى بولغان قىز بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايتتى. بىر كۆرۈپلا ئاشىق - بىقارار بولغىنى بىلەن، ئالىدىغان خوتۇن بىلەن بىرەر ئاخشام يالغۇز مۇڭداشمىسا، سەھرانىڭ سۇتتەك ئايدىڭىدا قىزنىڭ قولىنى سىلاپ باقمىسا قانداق بولىدۇ؟ ھېلىمۇ تۆت يىل «كۆيدۈم - پىشتىم» بولۇشۇپ توي قىلغان ئايالى ئاخىرىدا يۈزىنى بىر يېرىگە چاپلاپلا «ئەسلىدە مەن تۇغماس ئەمەسكەنمەن، ئۆزۈڭ تۇغماس ئىكەنسەن» دەپلا خېتىنى ئالدى، دىلمۇرات مۇئەللىم تۇرمۇش ئىشىدا بىر پۇتلىشىپ ئورنىدىن تۇردى. ئەمدىكى قەدىمىگە پەخەس كېرەك.

— ئەمىسە مۇشۇ ئۆيدە پاراڭلىشىڭلار! — ھۆركىرىگەندەك دېدى گۈلنىسا خېنىم ئاخىر، — قىز بالىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدىن شوراپ-يالاپ تۇرۇپ ئەچىكتىدىغان سىلىنىڭ شەلىرى ئەمەس بۇ.

مۇئەللىم ئىككىلەندى. ئۇ ئىككىلىنەتتى. ئاشىق دېگەننىڭ ئۆز مەشۇقىغا دەيدىغان نۇرغۇن دىل بايانلىرى بولىدۇ. تويدىن كېيىن مەسئۇلىيەتتىن سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان سانسىز ۋەدە-قەسەملىرى بولىدۇ. قاغجىرىغان لەۋلەرنىڭ ۋىسال دەملىرى، ئېچىرقىغان كۆڭۈلنىڭ ھاسىراق تىنىقلىرى بولىدۇ. تىترەش-تەمتىرەش، جۈرئەت ۋە ئىككىلىنىشلەرمۇ كەم بولمايدۇ. گەرچە دىلمۇرات مۇئەللىمنىڭ تاپتىن چىققان غەيرىي مۇددىئاسى بولمىسىمۇ، ئاتا-ئانىسى بىلەن ئىككى ئاچىسى بۆجەندەك تىكىلىپ تۇرسا، شېرىنلىككە تويۇنغان بىرەر-ئىككى جۈملە گەپنى تۇرسۇننىساغا قانداق دېگىلى بولسۇن؟ چوڭ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقى، تۇرمۇشنىڭ رەڭدارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆز مەھەللىسىدىن سىرتقا چىقىپ كۆرمىگەن بۇ سەھرا غۇنچىسىنى ئۈرۈمچىگە كېتىشكە، ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا قانداق كۆندۈرگىلى بولسۇن؟ ھېلىمۇ تۇرسۇننىسانى تۈنجى كۆرگىنىگە، تۇكسىز مەيدىسىنىڭ پىژىلداۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. مۇئەللىم سەھرا گۈلىنى ئىزدىدى. بارمىغان مەھەللىسى، بويۇندىمىغان ھويلا - ئەگۈنلىرى قالمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆز يېرىگە، ئۆز مەكتىپىگە قايتىدىغان ۋاقتىمۇ توشاي دەپ قالدى. مۇئەللىم شۇڭا ئالدىرىدى. قىز بىلەن يالغۇز كۆرۈشكىسى، سىرتقا ئېلىپ چىقىپ بىر ئاخشام بولسىمۇ مۇڭداشقۇسى كەلدى.

— بەك جاھىلكەنلا! — دېدى گۈلنىسا خېنىم، — بىزنىڭ ئۆيدە تەگمىگەن ئېرىنىڭ كەينىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان قىز بالا يوق!

كارناي چالغاندەك، دوق قىلغاندەك، ۋارقىرىغاندەك ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ئاۋاز دىلمۇرات مۇئەللىمنىڭ يۈرىكىنى زىڭىلداتتى، كۆزلىرى چىمچىقلاپ ئالىقانلىرىنى تەر باستى.

— ئا... ئاچچىقلىمىسىلا ئاپپاي، ئاچىلىرىمۇ بىرگە چىقسۇن ئەمىسە.

— سىلى زادى قايسى قىزىمنى ئالاي دەۋاتىلا، مۇئەللىم؟! — يېقىن كېلىپ سورىدى گۈلنىسا خېنىم، — ئۈرۈمچى دېگەن شەدە بىر ئادەمنىڭ ئۈچ قىزىنى بىر ئادەم يالغۇز ئالىدىغان قائىدە بارمۇ يا؟!

دىلمۇرات مۇئەللىم ئورنىدىن تۇردى. يۈزلىرىگە چاچرىغان تۇكۈرۈك چاچراندىسىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋەتكەچ دۇدۇقلىدى:

— ئا... ئاچچىقلىمىسىلا ئاپپاي، ۋا... ۋاقامسىلا. مەن... مەن كېتەي بولمىسا.

مۇئەللىم بوسۇغىدىن ئاتلىدى، گۈلنىسا خېنىم جىددىيلەشتى.

— مەن ۋارقىرىمىدىم، قاچان ۋارقىرىدىم مەن؟!

ھېكىمئاخۇن ئايالىنىڭ يېڭىدىن تارتتى. مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ دېگۈدەك ئىشىكتىن چىقتى:

— ۋارقىرىمىدى. مەزلۇمنىڭ ئاۋازى ئاشۇنداق...

دىلمۇرات مۇئەللىم كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. بىر نىمىگە تارتىشقاندەك كەينىگە قاراپ-قاراپ چوڭ يولغا چىقتى. ھېكىمئاخۇن بوش شىۋىرلىدى:

— مۇئەللىم، توختاپ...

دادىسىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا بوسۇغىدا قەمەرنىسا پەيدا بولدى، ئارقىدىن مەرەمنىسامۇ چىقتى. قەمەرنىسا چوڭ يولغا چىقىپ بولغان مۇئەللىمنى تىترەك ئاۋازدا توختاتتى.

— سەۋر قىلسىلا مۇئەللىم، توختاپ تۇرسىلا. بىز چىقىمىز. سىڭلىمنى ئېلىپ ھازىرلا كەينىلىرىدىن چىقىمىز.

گۈلنىسا خېنىمنىڭ كۆزلىرى كېرىلدى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيدى. شاپتۇلدەك بۆرتۈپ چىققان ئېڭەك گۆشى لىپىلدىدى. چىشلىرىدىن غۇچۇرلىغان ئاۋاز چىقتى:

— نەگە چىقىسەن؟! ھۇ...

— خاپا بولماڭ ئانا، — قەمەرنىسا تۇنجى قېتىم ئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — بىز سۇرۇشتۇردۇق. دىلمۇرات مۇئەللىم ئوبدان ئادەم ئىكەن. سىڭلىمىزنى ئالدىمىغۇدەك. تۇرسۇنىنسا كۆرۈشسۇن، غەم قىلىسىڭىز ئۈچىمىز بىرگە چىقايلى.

گۈلنىسا خېنىم قاقاقان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. قۇلىقىغا ئىشەنمىدى. چۈنكى مۇنۇ قىزى بۇگۈن ئۆزىگە، ئۆز قىزىغا ئوخشىمايلا قالغانىدى. ئەمدى ئۆز قىزلىرىمۇ مەھەللىدىكى ئاشۇ مايماقلارنى دورىغانمىدۇ؟

گۈلنىسا خېنىم بىر نىمە دېمەكچى بولۇپ ئۆپكىسىگە لىقلاپ ھاۋا توشقۇزۇۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە سىڭلىسىنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتقان ئىككى قىز مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن كېتىپ بولغانىدى. گۈلنىسا خېنىمنىڭ «تۇرسۇنىنسا...!» دېگەن جاراڭلىق ئۈنى تۇنجى قېتىم ئۆز لېۋىدە ئېلىنىپ قالدى.

مۇئەللىم دېگەن قىزىق بولىدىكەن. توي تەلىپى قويۇشنىڭ، قانداق تويلۇق ئېلىشنىڭ، تويىنى قانداق قىلىپ چوڭ شەھەرگە قاچان كېتىشنىڭ گېپىنى قىلىشنىڭ ئورنىغا يۇلتۇز-سەييارىلەرنىڭ، تاشقى پىلانېتىنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ مېھىر-مۇشتاقلىقىنى، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ شېرىنلىكىنى ماختايدىكەن. ئۆزىنىڭ قايەرلەردە ئوقۇغىنىنىڭ، باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ قانداق كۈلكىلىك ئىش-يۇمۇرلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېكايە قىلىدىكەن، ئۆزى سۆزلەپ ئۆزى كۈلىدىكەن.

— سىڭلىم بەك ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، — قەمەرنىسا ئاخىر نەق گەپنى دېدى، — ئۇنىمۇ ئىلگىرىكى خوتۇنلىرىغا ئوخشاش تاشلىۋەتمەيدىغاندىلا؟

دىلمۇرات مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلار يىغىلىشىدا ئەمەس، بەلكى ئۈچ ھەدە-سىڭلىنىڭ ئالدىدا توي تەلىپى قويۇش ئۈچۈن ئولتۇرۇۋاتقىنىنى ئەمدى يادىغا ئالدى. يادىغا ئالدى-دە، ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— مەن ئۇنى ئەمەس، ئۇ مېنى تاشلىۋەتكەن. ئەمدى تۇرسۇنىنسانى ئالسام... ئۆلسەممۇ تاشلىمايمەن.

— مۇئەللىم تۇرۇپ دېھقان خوتۇن ئالسىلا...

— چاتاق يوق، چاتاق يوق، ئۇنداقلار بىزنىڭ ئۇ تەرەپلەردىمۇ خېلى بار.

قىزلار جىمىپ قېلىشتى. تولۇقسىزغىچە ئوقۇغىنى ئۈچۈن مۇئەللىمنىڭ نىمە دەۋاتقىنىنى تولۇق ئىلغا قىلىپ تۇرسىمۇ نېمىشقىدۇر يەنە شۈكلەپ قېلىشتى. بۇ شۈكلۈكنى يەنە دىلمۇرات مۇئەللىم بۇزدى:

— تۇرسۇنگۈل ماگىزىن ئاچىدۇ، سودا قىلىپ پۇل تېپىپ ...

— تۇرسۇنىنسا...! قەمەرنىسا...! مەرەمنىسا...! ھۇ چالما كېسەك بولغۇرلار! مۇئەللىم دەرسنى مەكتەپكە بېرىپ سۆزلىۋالسۇن ئەمدى. تېز ئۆيگە كىرىش ! ھۇ...

جىمجىت ئاخشامدا نەرە تارتقاندەك ئاڭلان-

غان بۇ ئۇننىڭ نە-نەگە ئاڭلانغىنىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. مۇئەللىم چۆچۈدى. ئەندىكىپ تىترەپ كەتتى، قىزلار ئۆرە بولدى.

— تۇرسۇنگۈلمۇ كېتەمدا؟ — تىترەپ تۇرۇپ سورىدى مۇئەللىم، — بىردەم پاراڭلىشىپ ...

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇق، خۇدايىم تىلەكلىرىگە يەتكۈزگەي.

قىزلار ماڭدى. گۈلنىسا خېنىمنىڭ زىلزىلە ئاۋازىدىن خۇدىنى يوقاتقان مۇئەللىم تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ قىزلارنىڭ كەينىدىن توۋلىدى.

— جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ تۇرسۇنگۈل؟!

تۇرسۇننىسا ئۇندىمىدى. چېچىنىڭ ئۇچىنى چۇۋۇغىنىچە ئىككى ھەدىسىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ مېڭىۋەردى.

— سىلىگە تېگىدۇ، — كەينىگە قايرىلىپ سىڭلىسىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى مەرەمنىسا. — ئاچام بايا دېدىغۇ، خۇدايىم بەختىڭلارنى بەرگەي.

— رەھمەت. يەنە بىر گەپ...

— تۇرسۇننىسا ھۇي...! مەرەمنىسا ھۇي...! قەمەرنىسا ھۇي...!

ئاجايىپ سۈزۈك، ئاجايىپ قەھرلىك، تەڭداشسىز بىر زۇۋان مەھەللە ئاسمىنىنى سەيلىتىپ ئۆتتى. مۇئەللىم ئېغىزىنى يۇمدى.

ئەتىسى ئىككى ئايال دىلمۇرات مۇئەللىمنى ئىزدەپ مەكتەپكە كەلدى.

— ئاخشام ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىغانلا، ھەر كۈنى ئاشۇنداق چاقىرىپ، سىلە مەكتەپكە بالا يىغقاندەك تالادىن يىغىپ ئەكىرىدۇ قىزلىرىنى. شۇڭا ئۇ ئائىلىنىڭ قىزلىرىدىن ھەرگىز خوتۇن ئالغۇچى بولمىسىلا. بالىمىزنىڭ مۇئەللىمى بولغاچقىلا ئېيتىپ-تېيىپ قالمىسۇن دەپ، خالىس دەپ قويۇۋاتىمىز بۇ گەپنى.

مۇئەللىم ئۇندىمىدى. كۆزلىرىنى مىتىلداتتى. ھاڭقىيىپ تۇرۇپ قالدى. «خالىسخان»لار سورىدى:

— قايسىسىنى ئالماقچى بولغانتىلە زادى؟

— ھەممىسىنى ئالىمەن، — دىلمۇرات مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆچەپ سىلكىدى، — نۆۋەتتە كەلسە ئۈچىلى گۈلنى ئېلىپ كېتىمەن.

— بىرى بىرىدىن پاسكىنا...

— مەيلى! — قەھرى بىلەن ھۆركىرىدى مۇئەللىم، — ماڭا شۇندىقى لازىم!

ئۈچ ئايدىن كېيىن ھېكىمئاخۇننىڭ ئۆيىدە توي بولدى. توي كۈنىمۇ، تويدىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ توختىماي بوران چىقتى. بوران تويىنىڭ ئالدىدىكى كۈنلەردىمۇ چىققانىدى. لاي، يۇندى ئېقىتىپ چىقىۋاتقان بوراننىڭ غەرب ياكى شىمالدىن چىقىۋاتقىنىنىمۇ، مەھەللىدىكى كالچارىغان ئېغىزلاردىن چىقىۋاتقىنىنىمۇ بىلىپ بولمايتتى. ھۇشقۇيتىپ چىقىۋاتقان بوران ئارىسىدا گۈلنىسا خېنىمنىڭ ياڭراق، سۈزۈك تىلىكى ئاڭلاندى.

— خۇدايىم بەختىڭلارنى ئوڭ، تەختىڭلارنى چوڭ قىلسۇن، باللىرىم!

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 1-سانىدىن ئېلىندى
(ئاپتور لوپ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**

شىياۋ سۇ

# ئالتۇن چىنە



ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى

1

مەن ھېكايەمدە تىلغا ئالغان ئالتۇن چىنە قەبرىستاندىن قېزىۋېلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىستانغا قانداق كىرىپ قالغانلىقى ھېكايەمنىڭ ئاخىرىدا ئايدىڭلىشىدۇ.

ئالتۇن چىنە توغرىسىدا توختىلىشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. ئىسمىم جاڭ كەيگوڭ، ئەر، 44 ياش، دېھقان، يۇسەيپودا ئولتۇرىمەن. ئەمەلىيەتتە مەن يۇسەيپولۇق ئەمەس، ئەسلىي تيەنخاڭيا دېگەن يەردە تۇراتتىم، بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى يۇسەيپوغا كۆچۈپ كەلگەنمەن. ھازىر تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمنى لاۋۋېيدىن سېتىۋالغاندىم. لاۋۋېي ياقا يۇرتلارغا چىقىپ ئىشلەپ، قولى بىرئاز ئۇزارغاندىن كېيىن يۇسەيپونىڭ ئاستىدىكى تاشيول بويىغا ئۆي سالغاچقا، كونا ئۆيىنى ماڭا ساتقانىدى. مېنىڭ ئىسمىمنى

دادام قويغانىكەن، ئىسمىمنىڭ مەنىسى ساداقتىن چىققان ئوق دېگەنلىك بولىدۇ. دادام ئانچە-مۇنچە ئوقۇغان ئادەم، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم دېيىشكىمۇ بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ ئوقۇغانلىرى بىكارغا كەتتى، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ھال-ئوقتى روناق تاپمىدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئالتۇن چىنە توغرىسىدىكى گېپىمىزگە كېلەيلى.

ئالتۇن چىنە قېزىۋېلىنغان قەبرىستان ئۆيىمىزنىڭ چوشقا قوتىنىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىكلا بىر قەبرىستان ئىدى، بۇ يەردە ئالتۇن چىنە بارلىقىنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. قەبرىستان ئۆيىمىزگە يېقىنلا يەردە بولسىمۇ، لېكىن بۇ قەبرىستانغا كىملەرنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ قايسى ئۇرۇق-جەمەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ھەر يىلى ھېيت-ئايەمدە كىشىلەر باشقا قەبرىستانلاردا پوجاڭزا ئېتىپ، قەغەز-كۆجە كۆيدۈرەتتى، ئەمما بۇ قەبرىستاندا بىرەرسىنىڭ ئۇنداق قىلىپ باقانلىقىنى ھازىرغىچە كۆرگىنىم يوق، شۇڭا بۇ قەبرىستان ھەمىشە چۆلدەرەپ تۇرغىنى تۇرغان ئىدى.

بىزنىڭ بىرلا چوشقا سىققۇدەك بىر قوتىنىمىز بار ئىدى، ئۇنىڭدا بىرلا چوشقا باقىلى بولاتتى، بىر كۈنى تۇرۇپلا يەنە بىر قوتان سېلىپ يەنە بىر چوشقا بېقىش نىيىتىگە كېلىپ قالدىم. قولۇم قىسقا بولغاچقا ئۆي ئالغاندا لاۋۋېنىنىڭ مەندە 5000 يۈەن پۇلى قالغانىدى. ئۇ پۇلنى ھازىرغىچە قايتۇرالمىغاچقا لاۋۋېن بەك سۆيلەپ كېتىۋاتاتتى، ناۋادا ئىككى چوشقا باقسام قولۇم بىرئاز ئۆزىراتتى-دە، لاۋۋېندىن ئالغان 5000 يۈەننى بالدۇرراق قايتۇرالايتتىم.

يېڭى قوتاننى كونا قوتاننىڭ يېنىدىكى بىكار يەرگە سالماقچى بولدۇم. قەبرىستان قوتان سالماقچى بولغان بىكار يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. قوتان سېلىش ئۈچۈن ئاشۇ قەبرىستاننى كولاشقا توغرا كېلەتتى. ئەسلىدە قەبرىستاننى خالىغانچە كولاشقا بولمايتتى، ئەمما بۇ قەبرىستاننىڭ ئىگىسى يوقلۇقىنى ئويلاپ كولاۋەرمەيمەنمۇ دېگەن خىيالغا كەلدىم.

مەن كىچىكىمدىنلا قاپ يۈرەك ئىدىم، كىچىكىمدە قوي باققانلىرىمدا ھە دېسىلا قەبرىستانلاردا ئۇخلاپ قالاتتىم، جىن-ئەرۋاھ دېگەنلەر خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى، لېكىن قوتانغا تۇتۇش قىلغان كۈنى قەبرىستاننى ئوتتۇغۇچ بىلەن چاپا-چاپمايلا مېنى سەل قورقۇنچ باسقىلى تۇردى، ئوتتۇغۇچنى ھەر بىر چاپقىنىمدا گويا بىر ئەرۋاھ چىرقىراپ چىقىدىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالدىم. دەل شۇ ئەسنادا خىيالىمغا تۇساتتىن ليۇدو كېلىپ قالدى. ليۇ دونى ماڭا قارىشىپ بېرىشكە چاقىردىم، ليۇدو يېنىمدا بولسا ھېچنېمىدىن قورقمايتتىم.

ليۇدونىڭ ئۆيى ئۆيىمىزگە يېقىنلا يەردە ئىدى، بىزنى قوشنا دېيىشكىمۇ بولاتتى. ليۇدو قىزىق، تۇراقسىز ئادەم ئىدى، ئۇ بەزىدە ياخشى، بەزىدە ئەسكى؛ بەزىدە توشقاندەك چىچەن، بەزىدە چوشقىدەك كالۋا بولۇپ قالاتتى؛ بەزىدە تولىمۇ رايىش، بەزىدە ئىنتايىن كاچ بولۇپ كېتەتتى؛ بەزىدە تېپىلغۇسىز سېخىي بولۇپ كەتسە، بەزىدە بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرغۇدەك بېخىللىشىپ كېتەتتى. ئۇنى قارىشىپ بەرگىن دەپ چاقىرغان كۈنۈم ئۇ بازاردا قارا قېرىنقۇلاق سېتىپ ئۆيىگە ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆشنىسىدىكى سېۋەتنى تېخى ئالمىغانىدى. ليۇدونىڭ ھال - كۈنىمۇ مېنىڭكىدىن ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، بىراق يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان قارا قېرىنقۇلاق ئۆستۈرۈپ سېتىپ ھال - كۈنى ياخشىلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدا 5000 يۈەن پۇلى بار ئىكەن. مەن بەكلا ھەسەتخور ئىدىم، باشقىلارنىڭ بېيىغانلىقىنى كۆرسەم چىدىمايلا قالاتتىم، راست گەپ قىلسام ئۇنىڭ 5000 يۈەن پۇلىغا كۆزۈم قىزارغانىدى.

باشتا ليۇدوغا قەبرىنى كولىشىپ بېرىش ئانچە خوشياقمىدى، لېكىن ئۇنىڭغا بىر نەچچە

ئېغىز ياخشى گەپ قىلىۋېدىم، ئۇ گېپىمگە قوشۇلدى. لىيۇدونىڭ ياخشى گەپنى بەك ئاڭلايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقى يۇمشاق، كۆڭلى ئاجايىپ تۈز ئىدى، ئۇ بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ ئاڭلىسىلا ساڭا ئىتائەت قىلماي قالمايتتى، مېنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكىم بولمىسىمۇ، ئادەم شىلاشقا راۋۇرۇس ئېپىم بار ئىدى.

بىز قەبرە كولىغان كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرى كۆزنى چېقىپ ئاچقۇزمايتتى. لىيۇدو بىلەن ئىككىمىز چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ يەنە قەبرە كولاشقا باشلىدۇق. ئەمەلىيەتتە قەبرىنى مەن يالغۇز كولىدىم، لىيۇدو تاشلارنى يىغدى. ئون مىنۇتچە كولىغاندىن كېيىن، ئوتۇغۇچۇم ئالتۇندەك ۋاللىداپ تۇرغان بىر نەرسىگە ئۇرۇلدى. ئوتۇغۇچۇم شۇ زامان بوشلۇقتا چىپپىدە تۇرۇپ قالدى.

— لىيۇدو، قارا! — دېدىم مەن ھاياجىنىمنى باسالماي. لىيۇدو مەن قارىغان يەرگە قاراپلا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆردى. بەزىدە لىيۇدونىڭ زەنى قاشاڭ ئىدى، ئۇ مەندەك ھاياجانلانمىدى.

— ئۇ نېمە؟ پارقىراۋاتىدىغۇ! — دېدى ئۇ.

— ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى، باي بولۇپ كېتەمدۇق تېخى، — دېدىم مەن، لىيۇدو بىر نەرسىنى ئاڭقارغاندەك بولدى، كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن پارقىراق نەرسىنىڭ ئەتراپىدىكى توپىلارنى نېرىغا ئىتتىرىپ نەرسىنى ئاۋايلاپقىنا ئالدى.

— نېمىكەن؟ — سورىدىم مەن زوڭ ئولتۇرغىنىمچە تىترەك ئاۋازدا.

— ئالتۇن چىنىدەك قىلىدۇ! — دېدى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن لىيۇدو.

ئالتۇن چىنىنى كۆرۈپ قەبرىنى يەنە كولاۋېرىش خوشياقمىدى، چوشقا قوتىنى، چوشقا دېگەنلەر بىر يەرلەردە قالدى.

— ئەكىلە كۆرۈپ باقاي! — دېدىم مەن قوللىرىمنى سوزغانىمچە.

لىيۇدو ئالتۇن چىنىنى دەرھال ماڭا بەردى، ئۇ ماڭا ھاڭۋاقىقىنىچە بىر ھازا قاراپ قالغاندىن كېيىن:

— كەيگۈڭ، بۇ ئالتۇن چىنىدە مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئۈلۈشۈم بار جۇمۇ! — دېدى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ.

— قارا گېپىڭنى، ئەسلىدىمۇ ئۇنى ئىككىمىز كولاپ تاپقان تۇرساق! — دېدىم مەن سۆسلا كۈلۈپ قويۇپ. لىيۇدو گېپىمنى ئاڭلاپلا ئالتۇن چىنىنى ماڭا بەردى.

مۇشتۇم چوڭلۇقتىكى بۇ چىنە ناھايىتى قېلىن، ئېغىر بولۇپ، سېرىق نۇر چېچىپ تۇراتتى.

— ھەقىقىي ئالتۇن چىنە! — دېدىم مەن چىنىگە زوق بىلەن قارىغاچ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ. مەن چىنىگە زوق بىلەن قاراۋاتقىنىمدا، لىيۇدومۇ قولۇمدىكى چىنىگە بويۇنداپ، كوزلىرىنى پارقىراتقىنىچە كۆز ئۈزمەستىن قاراپ تۇراتتى.

— قارىغاندا، بىز راستىنلا بېيىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز! — دېدىم مەن.

— بىز بېيىپلا قالماي بەلكى كاتتا بايلاردىن بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلىمىز! — دېدى لىيۇدو تىترەڭگۈ ئاۋازدا. مەن لىيۇدونىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىمدە ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدۇم. باي بولۇشقا تەقەززار بولۇۋاتقان ئادەم يالغۇز مەنلا ئەمەس ئوخشايمەن دېگەننى ئويلىدىم.

— سېنىڭچە بۇ چىنە قانچە پۇلغا يارار؟ — سورىدىم لىيۇدودىن.

— ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى لىيۇدو سەل ئويلانغاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ. ئارىدىن ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن لىيۇدو مەندىن:

— دېگىنە، سېنىڭچە نەچچە پۇلغا يارار؟ — دەپ سورىدى.

— 1000 يۈەنلەرگە يارار! — دېدىم مەن ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەستىن.

— ناۋادا ھەقىقىي ئالتۇن چىنە بولسا، ئۇنىڭدىن جىق پۇلغا يارايدۇ، ئاز دېگەندىمۇ بىرەر تۈ-

مەنگە يارار! — دېدى ليۇدو بېشىنى قاتتىق چايقى-
غىنىچە. مەن ساختا ئالتۇن ئەمەستۇر، دەپ دەر-
گۇماندا بولۇپ قالدىم.

— ساختا ئەمەستۇ، — دېدى ليۇدو كۆزىنى پۇرۇشتۇرغىنىچە.

— زەرگەرگە كۆرسىتىپ باقساق بىلگىلى بولاتتى، شۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ساختا ياكى ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى؛ ئىككىنچىدىن، نەچچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. — دېدىم مەن بىردەمدىن كېيىن.

— شۇنداق، مۇتەخەسسىسلەر ئايرىپ بەرگەن بولسا بەلەن بولاتتى، — دېدى ليۇدو گېپىمگە ئۇلاپلا.

دەل شۇ ئەسنادا خىيالىمغا ليۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسى كەلدى. مېنىڭ كاللام خېلىلا ئىشلەيتتى، ھالقىلىق پەيتلەردە چارە-تەدبىر تاپالايتتىم. ليۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسى ۋۇخەندە بولۇپ، بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پىروفېسسورى دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن ليۇدونىڭ ئاپىسى قېرىنداش بولۇپ، ليۇدونىڭ پىروفېسسور بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى. پىروفېسسور ليۇدونىڭ ئۆيىگە كەلگەندە مەن ئۇنى كۆرگەنىدىم، تېخى ليۇدونىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن تاماقمۇ يېگەنىدىم. ئۇ ئادەم مېنىڭ نەزىرىمدە رەھىمدىل، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى، گەرچە ئۇ كاتتا زىيالىي بولسىمۇ، قىلچە كىبىرى يوقتەك كۆرۈنەتتى، يەنە كېلىپ ناھايىتى سېخىي ئىدى. بىر قېتىم ليۇدونىڭ ئانىسى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ليۇدولارغا 2000 يۈەن ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. مەن ليۇدوغا:

— سېنىڭ ۋۇخەندە نەۋرە ئاكاڭ بارغۇ؟ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر مۇتەخەسسىس تېپىپ بەرگىن دېسەكلا بولمامدىمۇ! — دېدىم. بۇ گېپىمنى ئاڭلىغان ليۇدو:

— ھوي، ئەجەب مېنىڭ ئېسىمگە كەلمەپتۇيا، — دېدى پېشانىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ.

ليۇدودا نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئىسىم كارتوچكىسى بار ئىدى، ئۇ كارتىدىكى تېلېفون نومۇرى بويىچە نەۋرە ئاكىسىغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن ئاكىسى:

— كېلىڭلار، چىنىنى مۇتەخەسسىس تېپىپ تەكشۈرتۈپ باقايلى، چىنىڭلار راست ئالتۇن بولسا تېخى ياخشى، ناۋادا ساختا بولۇپ قالسا، ياتىقىڭلارنى، ئاش-تامىقىڭلارنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن، يەنە قايتاشقىڭلارنىڭ يول كىراسىنىمۇ مەن بېرىمەن، بۇ مېنىڭ سىلەرنى ۋۇخەنگە كېلىپ ساياھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن! — دېدى. بىز ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ۋۇخەنگە بېرىش نىيىتىگە كەلدۇق.

2

بىز ليۇدونىڭ ئالتۇن چىنە سېلىنغان قارا سومكىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتۇق. بىخەتەر بولۇش ئۈچۈن، مەن ئاۋۋال ئالتۇن چىنىنى ئايالىمنىڭ كۆزلۈك كىيىمىگە يۆگەپ، ئۇنى بىر يالتىراق خالتىغا، ئاندىن ليۇدونىڭ قارا سومكىسىغا سالدىم، يەنە سومكىنىڭ سىيرتمىسىنى قۇلۇپلىدىم.

ليۇدو قولۇمنىڭ قىسقىلىقىنى بىلگەچكە قېرىنقۇلاق ساتقان 800 يۈەندىن ئارتۇقراق پۇلىنى ئېلىۋالغانىدى.

— يولدىكى چىقىملارنى ئاۋۋال سەن چىقىرىپ تۇرغىن، ئىككىمىزگە تەڭ بولسۇن، كېيىن ئالتۇن چىنە پۇل بولغاندا بىر تىيىننى كەم قىلماستىن قايتۇرىمەن! — دېدىم مەن.

— بولىدۇ، ئالتۇن چىنە ساختا بولمىسىلا قالغان ئىشلار ئاسان گەپ! — دېدى ليۇدو.

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى مەن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم ۋە ليۇدوغا:

— ناۋادا ئاكاڭ بۇ چىنىنى نەدىن تاپتىڭلار، دەپ سوراپ قالسا، ھەرگىز قەبرىستاندىن كولىۋالدۇق دېگۈچى بولما، — دېدىم.

— نېمىشقا؟ — سورىدى گېپىمنى چۈشەنمىگەن ليۇدو.

— قەبرە كولاش دېگەن كېپەن ئوغرىلاش

قىلمىشىغا كىرىدۇ، كېپەن ئوغرىلاش دېگەن قانۇنغا خىلاپ، ناۋادا ھۆكۈمەت بۇنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئالتۇن چىنىنى مۇسادىرە قىلىپلا قالماي، ئادەم يەنە قاماقتا ياتىدىغان ئىش! يەنە بىر گەپ، ناۋادا بۇ چىنىنى ئالىدىغانلار بۇ چىنىغا چىقىمسىزلا ئىگە بولۇۋالغانلىقىمىزنى بىلىپ قالىدىغان بولسا باھانى تۆۋەن قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ.

— ئەمسە ئاكام سوراپ قالسا نېمە دەيمەن؟ — دېدى ليۇدو سەل جىددىيلىشىپ.

— سەنچۇ بىر تۇمەنگە سېتىۋالدۇق دېگىن، — دېدىم سەل ئويلانغاندىن كېيىن.

— بولىدۇ، شۇنداق دەي، — دېدى ليۇدو نېرى-بېرى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا.

ۋۇخەنگە بېرىش ئۈچۈن لاۋيا بازىرىغا بېرىپ يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بىز يولغا چىققان كۈنى ئىشىمىز كۆڭۈلمىزدىكىدەك بولمىدى، بىز لاۋيا بازىرى ماشىنا بېكىتىگە بارغاندا ۋۇخەنگە بارىدىغان ئاپتوبۇس كېتىپ بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز لاۋيا بازىرىدا بىر كېچە قونۇپ قالدۇق.

مېنىڭمۇ بىر نەۋرە ئاكام بولۇپ، لاۋيا بازىرىدا تۇراتتى، بىراق مېنىڭ نەۋرە ئاكام ليۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسىغا يەتمەيتتى، نەۋرە ئاكام مەخسۇس چوشقا كۈچۈكى سودىسى قىلىسىمۇ، ئەمما پۇللا تاپالايدىغان ئىش بولسا ھەرقانداق سودىنى قىلىۋېرەتتى. بىز لاۋيا بازىرىغا بارغان كۈنى پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ مېھمانخانىدا ياتماستىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانىدۇق. ئاكام بىر نەرسىگە بەكلا قىزىقاتتى، ئۇ بىزنىڭ ۋۇخەنگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ بىزدىن نېمىشقا بارىدىغانلىقىمىزنى سورىدى، مەن ئۇنىڭغا ئازراق مال ئالغىلى بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. ئۇ يەنە قانداق مال ئالىدىغانلىقىمىزنى يىپتىن-يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغىمۇ يات ئادەم ئەسلىكىنى ئويلاپ، ئالتۇن چىنىنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن ئېيتتىم.

مەن نەۋرە ئاكامنىڭ پىتىنخور ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، شۇ كۈنى ئاخشىمى بىز نەۋرە ئاكامنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا، ئاكامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرىدىغان بىر ئەر ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆزەينەك تاقىۋالغان بولۇپ، تۇرقىدىن زىيالىيغا ئوخشايتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ماڭا كۈلۈمسىرىگەندىن كېيىن:

— ئاڭلىسام سىلەردە ئالتۇن چىنە بارمىش، مەن كۆرۈپ باقسام بولارمۇ؟ — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ليۇدونىڭ تەرى تۇتۇلدى. مەنمۇ ئاكامدىن ئاغرىندىم. شۇ يەردىلا ئۇنىڭغا:

— نەۋرە ئاكا، سەن بۇ ئىشنى نېمىشقا خەققە داۋراڭ سېلىپ يۈرۈيسەن؟ — دېدىم رەنجىپ. نەۋرە ئاكام سەل ئوڭايسىزلاندى.

— رەنجىمىگىن، — دېدى ئۇ قىزارغىنىچە، — ئۇدۇل قوشنىمىز ۋۇ ئەپەندى يىغىپ ساقلىغۇچى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا دېگەنىدىم.

— شۇنداق، شۇنداق، مەن بەزى قەدىمي ئاسار ئەتىقىلەرنى يىغىپ ساقلايمەن، — دېدى ۋۇ ئەپەندى ئالدىراپ-تېنەپ بېشىنى لىڭشىتىپ.

شۇ ئەسنادا نەۋرە ئاكام ئاقساقاللىق قىلىپ:

— ۋۇ ئەپەندىگە كۆرسىتىپ بېقىڭلار، ئۇ دېگەن مال تونۇيدىغان ئادەم، ناۋادا مېلىڭلار دىتىغا يېقىپ قالسا سېتىۋالىدۇ، شۇنداق بولۇپ قالسا سىلەرمۇ ۋۇخەنگە بېرىپ يول جاپاسى تارتىپ يۈرمەيسىلەر، — دېدى.

ئاكامنىڭ بۇ گەپلىرى ماڭا ياقتى، ناۋادا ۋۇ ئەپەندى چىنىنى راستتىنلا سېتىۋالسا، بىز يول چىقىمى تارتمايلا قالماستىن، يەنە قولىمىزغا بالدۇر پۇل كىرەتتى. مەن ليۇدونى سەن بىر نېمە دەپ باققىن دېگەن مەقسەتتە ئۇنىڭغا قارىدىم. چۈنكى بۇ ئىككىمىزنىڭ ئىشى بولغاچقا، ئۆزۈم يالغۇز بىر نېمە دېيەلمەيتتىم.

— ۋۇ ئەپەندىنىڭ كۆرۈپ باققۇسى بولسا كۆرسەتسەك كۆرسىتەيلى، — دېدى ليۇدو مەقسىتىمنى چۈشىنىپ، — ئەمما ئۇ چوقۇم مەخپىيەتلىكىنى ساقلىشى كېرەك، مۇشۇ ئۆيدىن باشقا يەردە ئالتۇن چىنىنىڭ گېپىنى قىلىشقا بولمايدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە! — دېدى ۋۇ ئەپەندى ئالدىراپ-تېنەپ.

بىز چۇشتىن بۇرۇن نەۋرە ئاكامنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا چىننىنى ئاكامنىڭ ھۇجرىسىدىكى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغانىدۇق. مەن كارىۋات ئاستىدىن قارا سومكىنى ئالغىنىمدا لىيۇدو ماگا:

— كەيگوڭ، ئالدىرىماي تۇرغىن، — دېدى ئالدىراپ-تېنىگىنىچە، ئۇ شۇنداق دېگەچ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، يىغىقلىق دېرىزە پەردىسىنى چۇشۇردى ۋە ماگا:

— ئەمدى ئاچقىن، — دېدى. مەن چىننىنى قاتمۇقات ئورالغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن چىقارغىنىمدا، ۋۇ ئەپەندى يانچۇقىدىن بىر لوپا ئەينەك چىقاردى. مەن چىننىنى ئاۋايلاپقىنە بەردىم. ۋۇ ئەپەندى چىننىنى ئالغاندىن كېيىن دېۋاندا ئولتۇرۇپ، چىنىغا سىنچىلاپ قارىدى. بىردەمدىن كېيىن چىنىگە لوپا ئەينەك بىلەن قارىدى. ئۇ چىنىگە ئون نەچچە مىنۇت قارىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھەقىقىي ئالتۇن چىنىكەن، — دېدى ماگا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان لىيۇدو قاتتىق ھاياجانلاندى، كۆزلىرىدىن نۇرلار چاقناپ كەتتى. مەنمۇ خۇشاللىقىمنى باسالماستىن:

— بەك ياخشى بولدى! بەك ياخشى بولدى! — دەۋەتتىم.

لېكىن گېپىم تۈگە-تۈگمەيلا ۋۇ ئەپەندى يەنە گەپ باشلىدى.

— ئەمما بۇ چىنە كۆپ پۇلغا يارىمايدۇ، — دېدى ئۇ بىر يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن. ۋۇ ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇستۇمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شۇركۇنۇپ كەتتىم، ھايال ئۆتمەي سەل بېشىم قېيىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزدىم، لىيۇدو لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن لىيۇدو ۋۇ ئەپەندىدىن:

— ھەقىقىي مال تۇرۇقلۇق نېمىشقا تۈزۈك پۇلغا يارىمايدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنداق ئالتۇن چىنە تولا گەپ، قىس نەرسە قەدىرلىك بولۇر، دېگەن بار ئەمەسمۇ، — دېدى ۋۇ ئەپەندى لوپا ئەينەكنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ.

— سىزنىڭچە بۇ چىنە قانچە پۇلغا يارار؟ — سورىدىم مەن ئالدىراپلا.

— بۇ يىغىپ ساقلىغۇچىنىڭ قىزىقىشىغا باغلىق، ناۋادا مەن بولىدىغان بولسام ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000 يۇەنگە ئالارمەن! — دېدى ۋۇ ئەپەندى سوغۇقلا كۇلۇپ قويۇپ.

بىزنىڭ ئىشىمىزغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك ئۇندىمەي بىر چەتتە قاراپ ئولتۇرغان نەۋرە ئاكام بىر چاغلاردا گەپ قىستۇردى:

— كەيگوڭ، چىننىنى ئىسسىقىدا ۋۇ ئەپەندىگە بېرىۋەتكىنىڭلار تۈزۈكمىكىن، ۋۇخەنگە ئېلىپ بارساڭلار 1000 يۇەنگىمۇ ساتالماسسىلەرمىكىن!

ئىككىيلەننىڭ گېپىدىن سەل خاتىرجەمسىزلەندىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدىم، ئاخىر كۆزۈم لىيۇدوغا چۇشتى. مېنىڭدىنمۇ بەك دېمى ئىچىگە چۇشۇپ كەتكەن لىيۇدو شۇ تاپتا نەۋرە ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ گويا چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك جايىدا مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، كۆزلىرىمۇ قېتىپ قالغانىدى، مەن ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرساممۇ ئۇ ماگا پەرۋا قىلمىدى.

مەن كۆز ئالدىمدىكى مەنپەئەتنى ئويلىغاچقا، چىننىنى ۋۇ ئەپەندىگە سېتىش خىيالىدا ئىدىم. بىراق لىيۇدو بىر ھازاغىچە گەپ-سۆز قىلمىغاچقا، شۇنداق ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭدىن:

— لىيۇدو، سېنىڭچە ئاكامنىڭ مەسلىھەتى قانداقراق؟ — دەپ سورىدىم.

— نېمە مەسلىھەت؟ — دەپ سورىدى لىيۇدو سوغۇقلا قىلىپ.

— ئۇ چىننىنى ۋۇ ئەپەندىگە 1000 يۇەنگە ساتقىنىڭلار تۈزۈكمىكىن دېدىغۇ.

— سېنىڭچىچۇ؟ — سورىدى لىيۇدو ئاچچىق

كۆلۈپ قويۇپ.

— مېنىڭچە 1000 يۈەنگە سېتىپ، ئىككىمىز 500 يۈەندىن بۆلۈشەيلى، مېنىڭچە بۇ بولىدىغان گەپ!

— مەن قوشۇلمايمەن، مەن پۈتۈنسۈرۈك بىر ئالتۇن چىنىنىڭ ئاران 1000 يۈەنگە يارىشىغا ئىشەنمەيمەن!

— ئەمىسە سىنىڭچە قانداق قىلىمىز؟

— ئەسلىدىكى پىلانىمىز بويىچە ۋۇخەنگە بارايلى، لاۋيا بازىرىدا 1000 يۈەنگە يارىغان چىنە ۋۇخەندە ئاز دېگەندىمۇ بىر تۈمەنگە يارايدۇ!

— سېنىڭ گېپىڭنىڭمۇ ئاساسى بار، ئەمما ۋۇخەندە 1000 يۈەنگە ساتالمىساق قانداق قىلىمىز؟

— قانداقلا بولسۇن ۋۇخەنگە بىر بېرىپ باقايلى. ۋۇخەندە دېگىنىمىزگە ساتالمىساق، يېنىپ كېلىپ ۋۇ ئەپەندىگە ساتساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— نەدە شۇنداق ئوبدان ئىش بار؟ بۈگۈن ساتمىساڭلار، نەچچە كۈندىن كېيىن 500 يۈەنگە بەرسەڭلارمۇ ئالمايمەن...!

— ساتايلى، ساتايلى، 1000 يۈەنمۇ ئاز پۇل ئەمەس، بالدۇرراق سېتىۋەتسەك كۆڭلىمىز بالدۇر تىنىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدىم مەن بىردىنلا جىددىيلەشكىنىمدىن ليۇدوغا يېلىنىپ.

— مەن ساتمايمەن! — دېدى ليۇدو كاجلىق قىلىپ.

— ليۇدو ساتمىسا سەن ئۆزۈڭنىڭ يېرىم ئۈلۈشىنى ساتساڭمۇ بولۇۋېرىدىغۇ! — دېدى نەۋرە ئاكام ليۇدو بىلەن بىر توچكىغا كېلەلمەي تۇرغىنىمىزدا ئەقىل كۆرسىتىپ.

— بۇ باردى-يوقى بىر چىنە تۇرسا، قانداقچە ئۇنىڭ يېرىمىنى ساتقىلى بولىدۇ؟ چىنىنى ئارىدىن چاقىمىزمۇ؟ — دېدىم مەن گاڭگىرىغان هالدا.

— تازىمۇ دۆتكەنسە، ليۇدو ساڭا 500 يۈەن بەرسە، يېرىمىنى ساتقان بىلەن ئوخشاش گەپ ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاكام. مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنىپ، ليۇدوغا قارىدىم.

— سەن راستىنلا ساتامسەن؟ — سورىدى ليۇدو مەندىن.

— ناۋادا سەن قوشۇلساڭ ساتىمەن، خەۋىرىڭ بار، قولۇم قىسقا، ماڭا جىددىي پۇل لازىم! — دېدىم مەن سەل خىجىل بولۇپ.

— بولىدۇ، ئەمىسە ساڭا 500 يۈەن بېرەي، چىنە بۈگۈندىن باشلاپ ماڭىلا تەئەللۇق بولسۇن، ئۇنى قانچە پۇلغا سېتىشىم بىلەن سېنىڭ چاتىقىڭ بولمىسۇن! — دېدى ليۇدو يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ.

— بولىدۇ، گېپىم گەپ، يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانمايدۇ!

ليۇدو ئىشنى كېسىپ قىلالتتى، ئۇ نەۋرە ئاكامنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ماڭا بېرىدىغان پۇلنى كالتە ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئالغىلى كىرگەنىدى. ئۇ ماڭا 500 يۈەن سۇندى، پۇلنى ئېلىۋاتقىنىمدا قولۇم سەل تىترىدى.

— خاپا بولما، ليۇدو، — دېدىممەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن.

— خاپا بولغىدەك ئىش يوق، كېيىن ئۆزۈڭ پۇشايمان قىلىپ قالمىساڭلا، مېنى ئاۋارە قىلمىساڭلا مەيلى.

— بۇنىڭدىن سەن يۈزدەيۈز خاتىرجەم بولغىن، ئۇنى بىر تۈمەنگە ساتساڭمۇ چاتىقىم يوق! — دېدىممەن. بۇ مېنىڭ هەقىقىي يۈرەك سۆزلىرىم ئىدى. ليۇ دو پۇلنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن چىنىنى ۋۇ ئەپەندىنىڭ قولىدىن ئالدى. مەن ئۇنى دەسلەپتە قانداق ئورىسام ئۇمۇ مەندەك ئوراپ قويىنىغا سالدى.

3

پىلانىمىز بويىچە ئەتىسى نەۋرە ئاكامنىڭ ئۆيىدىن چىقتۇق، ليۇدو چىنىنى ئېلىپ ۋۇخەنگە بارماقچى بولدى، مەن 500 يۈەن پۇلنى ئېلىپ يۇسەيپوغا قايتماقچى بولدۇم. ئەمما ئىككىمىز ئايرىلىدىغان چاغدا ليۇدو ماڭا:

— كەيگۆڭ ۋۇخەنگە مەن بىلەن بارغىن، سەپىرىم ئۇزاق، ماڭا هەمراھ بولغىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە

يېنىمدا ئالتۇن چىنە بار، شۇڭا خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن، — دېدى يېلىنغىنىچە.

مەن دېلىغۇل بولۇپ قالغاچقا دەرھال ئىپادە بىلدۈرەلمىدىم. ليۇدو مېنىڭ بىر نېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ:

— ۋاقتىم زايە بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپ قالساڭ، ھەققىڭنى بېرەي، يېمەك-ئىچمىكىڭ، يېتىپ-قوپۇشۇڭ مەندىن بولغاندىن سىرت، بىر كۈنۈڭگە 30 يۈەن بېرەي، قانداق ماقۇلمۇ؟ — دېدى يەنە. ليۇدو مۇشۇنداق دەۋاتقاندىكىن مەنمۇ ئۇنىڭ گېپىنى يىرالماي، بىللە بېرىشقا قوشۇلدۇم.

ليۇدونىڭ ئاكىسى ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇ بىزنى پويىز بېكىتىدە ساقلاپ تۇرغانىكەن، بىز چىقىش ئىشىكىگە بېرىپلا ئۇنى كۆردۇق، ئۇ رېشاتكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بىزگە ھەدەپ قول پۇلاڭلىتىۋاتاتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بېكەتنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، بىر تىلەمچى پۇچۇق چىنىسىنى سۇنغىنىچە كىشىلەردىن پۇل تىلەۋاتاتتى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن كېتىپ قېلىشاتتى، ئەمما تىلەمچىگە ئىچى ئاغرىغان ليۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسى يانچۇقىدىن ئون يۈەن ئېلىپ تىلەمچىگە تاشلاپ بەردى، بۇنى كۆرۈپ قەلبىم ئېلىلىپ كەتتى.

ليۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ كۆرۈنۈشىدىنلا باي ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كىچىك ماشىنىسىمۇ بار ئىدى. بىز ۋۇخەنگە بارغان كۈنى بىزنى ماشىنىسى بىلەن ئالغىلى بارغانىدى، پويىز ئىستانسىدىن بىزنى يەنە مېھمانخانىغا ئېلىپ باردى، ئۇ مېھمانخانىدىن بىزگە ياتاق ئېلىپ قويغانىكەن. ليۇدو ئىككىمىزنىڭ تۇنجى مېھمانخانىدا يېتىشىمىز بولغاچقا، ئۆزىمىزنى گويا خان سارىيىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتۇق. ياتاققا كىرىپلا ليۇدو قارا سومكىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويماقچى بولدى، ئەمما مېھمانخانىنىڭ كارىۋىتى بىزنىڭ يۇسەيپونىڭ كارىۋاتلىرىغا ئوخشىمىغاچقا، ليۇدو بىر ھازا ھەپىلىشىپمۇ سومكىنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقالمىدى. سومكىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن چىنە بارلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغان ليۇدونىڭ ئاكىسى كۈلۈپ قويۇپ:

— كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىپ ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇنى ھېچكىم ئوغرىلاپ كەتمەيدۇ، — دېدى.

نەرۋە ئاكىسىنىڭ گېپىدىن ئوڭايسىزلانغان ليۇدو سومكىنى كارىۋاتقا قويۇپ قويدى. مەن ليۇدونىڭ ئاكىسىمۇ ئالتۇن چىنىگە مېنىڭ ئاكامدەك قىزىقىپ، ئۇنى كۆرۈپ باقماقچى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمما ئۇ كۆرۈپ بېقىش تۇگۇل، ئالتۇن چىنە دېگەنلەرگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك بىر ئېغىز سوراپمۇ قويمىدى.

لېكىن ليۇدونىڭ ئاكىسى بىزگە تولىمۇ قىزغىن ئىدى، ئۇ تاماق يېمىگەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ، بىزنى ئاشخانىغا ئېلىپ چىقتى، بىز كۆرۈپىمۇ باقمىغان ھەر خىل قورۇمىلارنى بۇيرۇتتى. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ بىزنى بىر كىيىم دۇكىنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىمىغىنىمىزغا ئۇنىماي كىيىم ئېلىپ بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ليۇدو ئانچە تۈزۈت قىلىپ كەتمەيلا بىر قۇر كىيىم تاللىدى. مەن خىجىل بولۇپ پەقەتلا ئۇنىمىدىم. ئەمما ليۇدونىڭ ئاكىسى ئۇنىمىغىنىمغا قويماي ماڭىمۇ بىر قۇر كىيىم ئېلىپ بەردى. ليۇدو بىلەن ئىككىمىز يېڭى كىيىمنى كىيىپ گويا تويى بولۇۋاتقان يىگىتلەرگىلا ئوخشاپ قالدۇق.

شۇ كۈنى ليۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسى مەكتەپتە دەرسى بارلىقىنى، كەچتە كېلىپ بىزنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ مېھمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېھمانخانىدىن كەتتى، ئۇ ھەتتا بىزنىڭ ئەتىسىدىكى ئىشلىرىمىزنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى، ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن بىر ئاسار ئەتىقە مۇتەخەسسىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى سېرىق تۇرنا سارىيىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سېرىق تۇرنا سارىيىغا بارىدىغانلـ

www.uyghurkitap.com

قىمىزنى ئاڭلاپ بەكلا خۇش بولدۇق. كىچە-
كىمدە بوۋامدىن بۇ بىنانىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانى-
دىم. بوۋام ماڭا ۋۇخەندە سېرىق تۇرنا سارىيى
دەيدىغان بىر بىنانىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ كۆككە
تاقىشىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مېنىڭ ئۇ بىنا-
نى بۇرۇنلا بەكمۇ كۆرگۈم بار ئىدى. ئەتىسى
چۈشتىن بۇرۇن ليۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسى شىلەپ-
لىك بىر ئادەمنى ياتىقىمىزغا باشلاپ كەلدى. ئۇ
بۇ ئادەمنىڭ فامىلىسىنىڭ نى ئىكەنلىكىنى، ئۆل-
كىلىك مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى ئىكەنلىكىنى،
بىزنىڭ ئۇنى نى ئەپەندى دەپ ئاتىشىمىزنى
ئېيتتى. ليۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسى نى ئەپەندىنى
قالدۇرۇپ قويۇپ بىر يەردە دوكلاتى بارلىقىنى،
دوكلاتى تۈگىگەندىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى
ئېيتىپ كەتتى. نى ئەپەندى 50 تىن ئاشقان، ئاق
پىشماق، قولىلىرى قىزلارنىڭ قولىلىرىدەك ئىنى-
چىكە ـ نازۇك، قولىغا ئۈزۈك تاقىۋالغان ئادەم
ئىدى. ليۇدو ئاكىسى كېتىشى بىلەنلا چىنىنى
نى ئەپەندىگە كۆرسەتمەكچى بولۇپ، قارا سوم-
كىدىن ناھايىتى ئاۋايلاپ چىقارغاندىن كېيىن،
قوش قوللاپ نى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
باردى. نى ئەپەندى چىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ-
چۆرۈپ كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ليۇدوغا قارى-
دى. ليۇدو بولسا قوللىرىنى ئىككى يوتىسىنىڭ
يېنىغا تەگكۈزگىنىچە نى ئەپەندىنىڭ ئالدىدا ئى-
لىپتەك تۇراتتى، كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىغىچە
ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرەتتى، ھەتتا نەپەسمۇ ئالماي-
ۋاتقاندەك ئىدى. نى ئەپەندى ئۇنىڭغا بىر ھازا
ئۈنسىز قارىغاندىن كېيىن:

— ساختىكەن! — دېدى جىمجىتلىقنى
بۇزۇپ، ليۇدو نى ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭ-
لىدى. مەن باشتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنىڭ لاغىل-
داپ تىترەۋاتقىنىنى، كېيىن بولسا سۆڭەك
يۇمشاپ كېتىش كېسىلى بولۇپ قالغان بىمار-
دەك بوشىشىپلا كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، تەلىيىم-
گە بۇ چىنىنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى قالمىغاچقا
مەن خاتىرجەم ئىدىم.

— نېمە بولدىڭىز؟ — ئالدىراپ ـ تېنەپ سورى-
دى قورقۇپ كەتكەن نى ئەپەندى ليۇدودىن. گويا
گومۇشقىلا ئوخشاپ قالغان ليۇدو ئۈندىمىدى.
ئارىدىن ھايال ئۆتمەي نى ئەپەندى كەتتى. ئۇ ئى-
شىكتىن چىقىدىغان چاغدا:

— ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭ! — دېدى ماڭا.

— بولدۇ، سىلى خاتىرجەم بولسىلا ! —
دېدىمەن. نى ئەپەندى ئىشىكتىن چىقا ـ چىق-
مايلا ليۇدو گويا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تول-
غانغىنىچە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ
كۆز ياشلىرى يامغۇر كەبى تۆكۈلمەكتە. يۈرى-
كىنى ئۆكۈنۈش پىچىقى تىلغىماقتا ئىدى.
مەن سەل باغرى قاتتىقراق ئادەم بولساممۇ،
ئەمما ليۇدونىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغىسىنى
كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا
نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىمنى بىلمەيلا قالدىم.
شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭدىن ئالغان 500 يۈەننى ياندۇ-
رۇپ بېرىش ئويىغا كەلدىم، ئەمما بۇ گەپنى ئې-
غىزىمدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.
چۈنكى بۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ خېلى
جىق پۇل تاپقانىدى، ھال كۈنى كۈنى مېنىڭدىن
جىق ياخشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ لاۋ-
ۋېنغا 5000 يۈەن قەرزىم بار ئىدى! شۇ تاپتا ئۇ-
نىڭغا يىغلىما، كۆكسى ـ قارنىڭنى كەڭرەك
تۇتقىن دەپ، قۇرۇق تەسەللى بېرىشتىن باشقى-
سى قولۇمدىن كەلمەيتتى، مەن يەنە ئۇنىڭغا ئۇر
نۇڭدىن تۇر، قىرىقتىن ئاشقان ئادەم يەردە ئولتۇ-
رۇۋېلىپ بۇنداق يىغلىغىلى تۇرساڭ سەت تۇرى-
دىكەن! دەپ تەسەللى بەردىم. ئەمما ليۇدو گېپىم-
گە قۇلاق سالماستىن يەنىلا يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ
يىغلاۋاتاتتى.

ليۇدو ئاكىسى ياتاققا كەلگەندىمۇ يىغلاۋاتقا-
نىدى، ئاكىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق
يىغلاپ كەتتى، ئۇ گويا ھازىدار ئاياللار قوشاق
قېتىپ يىغلىغاندەك ئاجايىپ مۇڭلۇق، تەسىر-
لىك يىغلىماقتا ئىدى، ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاۋې-
تىپ مېنىمۇ يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. ليۇدونىڭ

ئېچىنىشلىق يىغىسىنى كۆرگەن ئاكىسى لىيۇدو-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ ياش يۇقى چىرايىغا
قارىغىنىچە غەلىتە كۈلۈپ قويۇپ:

— ھەي، چىنىنىڭ ساختىلىقىنى، سېنىڭمۇ
مۇشۇنداق يىغلايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، ئەمما
سېنىڭ بۇنچىۋالا ئېچىنىشلىق يىغلاپ كېتىدى-
غانلىقىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى. نەۋرە
ئاكىسىنى كۆرگەن لىيۇدو سەل-پەل خىجىل
بولۇپ ھۆكرەپ يىغلاشتىن ئۆكسۈپ يىغلاشقا
چۈشتى. ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسى ئالتۇن چىنىنىڭ
ئىشىنى ئەمدى تىلغا ئېلىپ:

— چىنىنى نەدىن ئالغانتىڭ؟ — دەپ سورى-
دى. تېخى يىغىدىن توختىغان لىيۇدو ئاكىسىغا
مەن ئۆگەتكەندەك:

— خەقتىن ئالغان، — دەپ جاۋاب بەردى

— نەچچە پۇلغا ئالغان؟ — دەپ سورىدى ئا-
كىسى. بۇ سوئالدىن مەڭدەپ قالغان لىيۇدو بىر
ھازادىن كېيىن:

— بىر تۈمەنگە ئالغان! — دېدى، — نەچچە
يىل قارا قىرىنقۇلاق سېتىپ تاپقان پۇلۇم ئۇچۇپ
كېتىدىغان بولدى! — قوشۇپ قويدى ۋە يەنە
ھۆكرەپ ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

لىيۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسى خورسىنىپ قويغان-
دىن كېيىن گويا بېشىدىكى قارنى چۈشۈرۈۋەت-
مەكچى بولغاندەك بېشىنى قاتتىق چايقىدى، ئۇ
بېشىنى چايقىغاچ ئۈندىمەستىن چىقىپ كەتتى.

لىيۇدونىڭ ئاكىسى يېرىم سائەتلەردىن كېيىن
يەنە كەلدى، بۇ چاغدا لىيۇدو يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ
ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. مەن ئۇنى يەردىن قوپۇرۇش
ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم تارتقان بولساممۇ، ئۇ
تەۋرەپمۇ قويماستىن ئولتۇراتتى. كېيىن مەن
يەرگە يۇمشاق پاكىز گىلەم سېلىنغانلىقتىن،
ئۇنىڭ بۇ گىلەمدە ئولتۇرسا ئۆزىنى راھەت ھېس
قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ ئۇنى قايتا تارتمىدىم.

— ئورنۇڭدىن تۇرە، تۇرە، چىنەڭنى مەن ئال-
مەن! — دېدى لىيۇدونىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ ئالدىغا
كېلىپ تېرىككىنىچە.

لىيۇدو ئېسەدەشتىن توختاپ ياشلىق كۆزلە-
رى بىلەن نەۋرە ئاكىسىغا باقتى. ئۇ ئۆزىنى گويا
چۈش كۆرگەندەك ھېس قىلدى. مەنمۇ شۇنداق
سەزگۈگە غەرق بولۇپ، كۆزۈمنى يوغان ئاچقى-
نىمچە لىيۇدونىڭ ئاكىسىغا قارىدىم. بۇ چاغدا
كۆزلىرىم لىيۇدونىڭكىدىنمۇ يوغان ئېچىلىپ
گويا چۆچەككىلا ئوخشاپ قالدى.

شۇ ئەسنادا لىيۇدونىڭ نەۋرە ئاكىسى سومكى-
سىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ لىيۇدوغا سۇنۇۋې-
تىپ:

— بۇ بىر تۈمەن پۇل، ئاله! كېيىن بۇنداق
ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرمە! — دېدى. بىر
تېگىق تاراقلاپ تۇرغان قىپقىزىل پۇلنى كۆرۈپ
مەن شۇ ھامان تېڭىرقاپ قالدىم، مەن ئەمدى
راستىنلا چۈش كۆرۈۋاتاتتىم.

— بۇ چىنە ساختا تۇرسا ئۇنى ئېلىپ نېمە
قىلىسىز؟ — دېدى پۇلنى دەرھال قولىغا ئالغان
لىيۇدو سەل دىلىغۇل بولۇپ.

— ساختا بولسىمۇ خاتىرە قىلىپ ساقلاپ
قويارمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قان - تەر بەدىلىگە
تاپقان پۇلۇڭنىڭ بىھۇدە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىگە
چىدىماي قالدىم، — دېدى لىيۇدونىڭ ئاكىسى ئوي-
لانغاندىن كېيىن.

— ئاكا، سىز نېمىدېگەن ياخشى، سىز
مېنىڭ شەپقەتچىم، — دېدى تۇساتتىن قايغۇسى
خۇشاللىققا ئايلانغان لىيۇدو بىر باغلام پۇلنى ئې-
لىۋېتىپ. لىيۇدو پۇلنى ئېلىپلا ئورنىدىن لىككى-
دە تۇردى. شۇ تاپتا ئۇ تولىمۇ چەبدەسلىشىپ
كەتكەنىدى، مەن ھازىرغىچە ئۇنىڭ بۇنداق چەب-
دەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدىم.
لىيۇدو ئورنىدىن تۇرۇپلا كارىۋاتتىكى ئالتۇن چى-
نىنى ئاكىسىغا بەردى، ئاندىن خۇددى ئېچى
سۈرۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئالدىراپ-تېنەپ تازى-
لىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ تازىلىق ئۆيىگە
بىر تۈمەن پۇلنى كالتە ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا
سالغىلى كىرگەنىدى.

ئۇ تازىلىق ئۆيىدىن چىققاندا قورسىقى گويا

ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭكىدەك تومپىيىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا ئاكىسى ئالتۇن چىنىنى سومكىسىغا سېلىپ بولغانىدى، مەن سائەتكە قارىدىم، سائەت چۈشتىن بۇرۇن ئون يېرىم بولغانىدى.

— سىلەر ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە بېرىپ فوتو ئاپپارات ئېلىپ كېلەي، ئاندىن سىلەرنى سېرىق تۇرنا سارىيىغا ئويناتقىلى ئېلىپ باراي، — دېدى ليۇدونىڭ ئاكىسى، ئۇ گېپى تۈگىشى بىلەنلا چىقىپ كەتتى. ليۇدونىڭ ئاكىسى كېتىۋېدى، مەن ئىنتايىن خۇش بولدۇم، چۈنكى ئېچىمگە جىن كىرىپ پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىش خىيالى پەيدا بولغانىدى، شۇڭا ليۇدو بىلەن يالغۇز سۆزلىشىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم.

— ليۇدو، — دېدىم مەن ليۇدونىڭ ئاكىسى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، — بىر تۈمەننىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرىشىڭ كېرەك، لاۋيا بازىرىدا بەرگەن 500 يۈەندىن سىرت يەنە ئاز دېگەندە 4500 يۈەن بېرىشىڭ كېرەك.

— يوق يەپسەن! — دېدى ليۇدو ماڭا زەردە بىلەن ئالىيىپ، — بۇ چىنىنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق!

— ئەسلى مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى، لېكىن سەن مېنىڭ كۆرسەتمەم بىلەن بىر تۈمەنگە ئېرىشتىڭ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ پۇلنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى بار دېگەن گەپ!

— سېنىڭ نېمە كۆرسەتمەڭ بىلەن ئېرىشتىم؟ — دېدى مەقسىتىمنى چۈشەنمىگەن ليۇدو.

— ناۋادا سەن ئاكاڭغا چىنىنى بىر تۈمەنگە ئالغانتىم دېمىسەڭ، ئاكاڭ ساڭا بىر تۈمەن پۇل بېرەمتى؟ بىر تۈمەن پۇل مېنىڭ كۆرسەتمەم بىلەن قولغا كەلدى دېگىنىم مانا شۇ، شۇڭا سەن پۇلنىڭ يېرىمىنى، ھېچ بولمىغاندا 4500 يۈەننى ماڭا بېرىسەن !

ليۇدو مەندەك گەپدان بولمىغاچقا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— ناۋادا يېرىمىنى بەرمىسەمچۇ؟ — دېدى ليۇدو بىردەمدىن كېيىن كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— ئەمىسە ھەقىقىي ئەھۋالنى نەۋرە ئاكاڭغا دەيمەن، ئۇ چاغدا سەن بىر تىيىنغىمۇ ئېرىشەلمەيسەن ! — دېدىممەن چىشىمنى غۇچۇرلىتىپ.

گېپىمنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن ليۇدو ياتاقتا ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغىلى تۇردى. ئۇ بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن بۇرنۇمغا دۈمبىلىگىنىچە:

— جاڭ كەيگۇڭ، ئىچىڭ زەھەر نېمىكەنسەن! — دېدى-دە، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ليۇدو تازىلىق ئۆيىدىن چىققاندا قولىدا بىر تۇتام پۇل بار ئىدى.

— سانىۋال! — دېدى ئۇ قولىدىكى پۇلنى كارىۋىتىمغا ئېتىپ.

— ئۆز ئادەم بولغاندىكىن ساناشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدىممەن كارىۋىتىمغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، پەمىمچە كارىۋاتتىكى پۇل 4500 يۈەن ئىدى.

شۇ كۈنى بىز بالدۇرلا ئۇخلىدۇق. سېرىق تۇرنا سارىيىدا كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىساقمۇ، خۇددى يۈسەيپودا ئەتىدىن - كەچكىچە گەندە تۇشىغاندىنمۇ بەك ھېرىپ كەتكەچكە بالدۇرلا يېتىۋالغاندۇق. مەن ئۇيقۇچان بولغاچقا يېتىپلا ئۇخلاپ قالدىم، ئەمما ليۇدو زادىلا ئۇخلىيالمىغانىدى. سائەت ئون بىرلەر بولغاندا، بىرى مۈرەمنى شاپىلاقلاپ ئويغاتتى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ليۇدو يېنىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇخلىيالمىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟ — سورىدىممەن ھەيران بولۇپ، — يېرىم كېچىدە ئادەمنى ئويغىتىپ نېمە قىلىسەن؟

— كەيگۇڭ، — دېدى ئۇ كارىۋىتىمدا ئولتۇرۇپ، — سەن بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشمەكچىتىم.

— نېمە ئىشنى؟ — سورىدىممەن.

— مەن بەرگەن 4500 يۈەننى ماڭا ئارىيەت بېرىپ تۇرغىن، يۈسەيپوغا بارغاندا ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي، — دېدى ليۇدو.

— نېمە قىلاتتىڭ؟ — سورىدىممەن مەڭدە-

گىنىمچە.

— ئالتۇن چىنىنى نەۋرە ئاكامدىن سېتىۋالايمىكىن دەيمەن!

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟ — دېدىمەن ھەيران بولۇپ، — ئۇنى مىڭ تەستە قولدىن چىقارغان تۇرساڭ، يەنە سېتىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟

— مەن ھېلىقى نى ئەپەندى دېگەننىڭ چىنىنى ساختىكەن دېگەن گېپىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم، ساختا بولسا ئاكام ئۇنى خاتىرە قىلىمەن دەپ بىر تۇمەنگە ئالامدۇ؟ مەن نى ئەپەندى ئاكامغا راست گەپ قىلمىدىمىكىن دەپ گۇمانلىنىۋاتىمەن. مەن بۇ ئىشنى قايتا-قايتا ئويلاندىم، ئويلانغانسېرى ئۆزۈمنى ئالدانغاندەك سەزدىم، شۇڭا چىنىنى سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. پەمىمچە بۇ ئالتۇن چىنىنىڭ بىر تۇمەندىن ئارتۇق پۇلغا يارىشىغا قىل سىغمايدۇ!

ليۇدونىڭ گەپلىرىدىن كۈلۈپ تېلىقىپ قالغىلى تاس قالدىم. مېنىڭچە ئۇ ئۆتە زېرەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قوشنام بولغاچقا، ئۇنىڭ پايدىسىدا قولۇمغا پۇل كىردى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئەمدى ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇشىغا قاراپ تۇرسام بولمايتتى.

— ھەرگىز يوقىلاڭ خىياللارنى قىلما، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، قولۇڭغا تەگكەنگە قانائەت قىل.

ئەمما ئالدىبۇرۇن بىر قارارغا كېلىپ بولغان ليۇدونى نىيىتىدىن ياندۇرغىلى بولمىدى. ئامالنىڭ يوقىدىن ئۇنىڭغا 4500 يۈەننى ئۆتنە بەردىم، بۇ ئاز پۇل بولمىغاچقا ئۇنىڭدىن تىلخەت ئېلىۋالدىم.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ليۇدو بىر تۈمەن پۇلنى كۆتۈرۈپ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ كېچە سائەت ئون ئىككىلەردە ئالتۇن چىنىنى قارا سومكىسىغا سېلىپ مېھمانخانىغا ياندۇرۇپ كەلدى، مەن ئۇنىڭ بىر تۈمەن پۇلغا چىنىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

4

ۋۇخەندىن يۈسەيپوغا قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، مەن ليۇدونى 4500 يۈەننى بېرىشكە قىستىدىم. بۇنداق قىلىشىم ئالدىراپ كەتكەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى لاۋۋېن پۇلۇمنى بەر دەپ مېنى قىستاپ كەتكەنلىكتىن ئىدى، ئۇ پۇلۇمنى بەرمىسەڭ ئۆيۈڭدىن كەتمەيمەن دەپ مېنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز ليۇدونى قىستىغاندىم. قولۇمدا ھۆججەت بولغاچقا ليۇدو غىڭ-پىڭ قىلالماستىن ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدا ئامانەت قويغان پۇلنى ئېلىپ پۇلۇمنى بەردى. 4500 يۈەنگە 500 يۈەن قوشۇپ 5000 يۈەن قىلىپ لاۋۋېنغا قايتۇرۇۋەتتىم.

— جاڭ كەيگۇڭ، — دېدى ئۇ پۇلنى ماڭا بېرىۋېتىپ كۆڭلى سەل غەش بولغان ھالدا، — نەچچە يىلدىن بېرى قارا قېرىنقۇلاقنى سەن ئۈچۈن تېرىپتىكەنمەندە!

— كىم سېنى بۇنچە ئەقىللىق بولۇپ كەتسۇن دەپتۇ؟ — دېدىمەن.

— بىراق پۇشايمان قىلمايمەن، — دېدى ليۇدو، — قولۇمدا ئالتۇن چىنە تۇرۇقلۇق كەلگۈسىدە ئاچ قېلىشىمدىن قورقامدىمەن؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى، ئۆزۈمنى ليۇدوغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم.

ئالتۇن چىنىنىڭ ھېكايىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىشى كېرەك. بىراق مەن ھېكايىنىڭ باش-ئاخىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ ئارقامدىن ئاق-كۆك دېيىشىگە پىسەنت قىلماستىن ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويدۇم، ئەمەلىيەتتە ئالتۇن چىنىنى گۆرگە ئۆزۈم تىقىپ قويغانىدىم.

(«جۇڭگو 2008-يىللىق ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى)

(تەرجىمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**



www.uyghurkitap.com



ئۆركەش جاپپار

# يازغۇچى قەلىمىدىن ئەمەس، خەلق قەلبىدىن چىققان سادا

«كونا كوچا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن 14-نۆۋەتلىك؛ «ئەقىدە» ناملىق پوۋېستى بىلەن 15-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن، شۇنداقلا پىروزا ئىجادىيىتىدىكى تۆھپىلىرى شەرىپىگە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ «تۆھپە» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياش يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ تۇنجى رومانى — «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» 2009-يىلى 3-ئايدا بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ناچار مۇھىت تەسىرىدە ئۇرۇمچى ئاسمىنىنى قويۇق تۇمان قاپلىغان، يۈز قەدەم نېرىدىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن بۇ روماننى ئوقۇشقا كىرىشتىم. راستىنى ئېيتسام، روماننى ئوقۇپ تۈگەتكىچە بولغان ئۈچ كۈندە ئاش-تاماقتىن قالدىم، ئەمما پۈتۈن پىكىر-خىيالىم ئاپتور قەلىمى ئاستىدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، ھاياتلىق ھەققىدىكى ئوي-پىكىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، كەتكەچكە، ئۇيقۇدىن قالدىم، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلدى، ئىزتىراپ ۋە ھەسرەتتىن چېكە تومۇرلىرىم كۆپۈپ، بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىدى. ماڭا گويا تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى توپا چىراي يېشىل بوستانلار خازان بولۇپ، سۇغا تەشنا قورغاق زېمىن تېخىمۇ قۇرۇپ، چاك-چېكىدىن يېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كەلگۈسىدە بۇ يەرلەردە ھاياتلىق مەۋجۇت بولمايدىغاندەك تۇيغۇغا غەرق بولدۇم. ئاپتور روماندا چۆللىشىۋاتقان زېمىن ھەققىدىكى ئاچچىق ئىزتىراپلىرىنى قەلەمگە ئېلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە ھاياتلىق ھەققىدە ئىزدىنىۋاتاتتى، تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈش ۋە تەبىئەتنى قوغداش ھەققىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىزھار قىلىپ چۇقان سېلىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئاپتورنىڭ قەلىمىدىن ئەمەس، خەلق قەلبىدىن چىقىۋاتقان سادا ئىدى. مەن بۇ ساداغا ئاۋاز قوشۇش ۋە روماننى ئوقۇشتىن ھاسىل قىلغان پىكىرلىرىمگە ئوقۇرمەنلەرنى شېرىك قىلىش مەقسىتىدە، قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

پارتىيە 17-قۇرۇلتىيى دوكلاتىنىڭ ئومۇم-

يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۈرەش نىشانىدىكى يېڭى تەلەپلەردە، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىش نىشانى تۇنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنى تەكىتلەش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. يەر شارى مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يەر شارىدىكى بايلىقتىن پايدىلىنىشى چەكتىن ئېشىپ كەتتى، بۇ، يەر شارى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى. يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەرنى زىيادە ئېچىش، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش، مۇھىت بۇلغىنىش قاتارلىقلار يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شىنجاڭ ئەسلىدىنلا قۇرغاق، قۇملۇق رايون. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، دەريا، كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، قۇملىشىشنىڭ تېزلىشىشى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىشى قاتارلىقلار ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قۇم - بورانلىق كۈنلەر يىلسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇشۇنداق رېئال، مەۋجۇت مەسىلىلەرگە بىپەرۋا قارىسا، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ۋە يازغۇچىلارنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىدىن سۆز ئېچىش قىيىنغا توختايدۇ. ياش يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىر بۇ ساھەدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئىنسانىيەت ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىت مەسىلىسىنى كونكرېت ماكان، زامانغا باغلاپ تەھلىل قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاساسىي تېما قىلغان «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» رومانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتى.

يازغۇچى بۇ رومانىنى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان قۇمئاۋات ۋە ئارائاۋاتتىن ئىبارەت ئىككى يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەن خالۋاپ ئائىلىسى بىلەن ئاباسخان ئائىلىسىنىڭ قۇدىلاشقانلىقىدىن باشلايدۇ، شۇ ئاساستا ۋەقەلىكنى زامان ۋە ماكان كەڭلىكىگە قاراپ كېڭەيتىپ، ئائىلىدىن مەھەللىگە، مەھەللىلەردىن كەنتكە، كەنتلەردىن يېزىغا، يېزىدىن شەھەرگە، شەھەردىن يىراق چوڭ شەھەرلەرگە تۇتاشتۇرىدۇ. پېرسوناژلار قاتلىمىنى بىر قەدەر كەڭ ئېلىپ، ھەسەن خالۋاپ بىلەن نازىلخان، ئاباسخان بىلەن ئاغىچىخان، ھۆسيۈناخۇن بىلەن پىننەخان، روزىگۈل بىلەن يۇنۇس، ھاپىز بىلەن نۇر بۇۋى، ئابدۇراخمان بىلەن راھىلە، ھاۋا بىلەن يۈسۈپ، شۇنىڭدەك غوجىخان، شەرۋانەم قاتارلىق ئاساسىي پېرسوناژلارغا يانداشقان بىر بۆلۈك قوشۇمچە پېرسوناژلار ئارقىلىق رومانىدىكى ماكان، زامان، ۋەقەلىكنى خېلى زور كۆلەمگە ئىگە قىلىدۇ. ئاپتور ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى مەركەز قىلغان ئاساستا جەمئىيەت، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئىجادىيەت مۇددىئاسى قىلىپ، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ جۈملىدىن جەنۇب دېھقانلىرىنىڭ قەلبىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ شادلىق - قايغۇلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى، ئىشچام، خەلق تىلىغا يېقىن بەدىئىي تىل بىلەن ئىزھارلاپ، ئوقۇرمەنلەرنى رومانىنى «بىر تىنىق»تا ئوقۇپ چىقىشقا يېتەكلەيدۇ.

ئاپتور روماندا ئېكولوگىيە مەسىلىسىدىن ئىبارەت باش تېمىنى رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا كونكرېت تۇرمۇش ۋەقەلىكىگە باغلاپ بايان قىلىدۇ. رومانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: بىرىنچى، قۇمئاۋات بىلەن ئارائاۋاتنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرى دۇچ كەلگەن قۇملىشىش، چۆللىشىشتىن ئىبارەت رېئال ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسى؛ ئىككىنچى، قۇمئاۋاتتىكى خالۋاپ جەمەتىنى مەركەز قىلغان ھەسەن خالۋاپ، يۈسۈپ قاتارلىق ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ روھىدا داۋالغۇش پەيدا

قىلغان روھىي ئېكولوگىيە مەسىلىسى. ئاپتور
روماندا تەبىئەت تەسۋىرلىرىنى تۇرمۇش كارتىنى-
لىرىغا ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈپ، ئوقۇرمەن-
لەرگە جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق را-
يونلىرىنىڭ قۇرغاق، قۇم - بورانلىق ئېكولوگىيە-
سىنى قەدىمىي يۇرت قۇمئاۋات بىلەن ئارا ئاۋاتنىڭ
تەسۋىرلىرىدە جانلىق، روشەن ئوتتۇرىغا قويغان.
ئاۋايلۇق، قۇمئاۋاتتىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ
ھويلا - ئارام، تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئەتراپى قۇم بار-
خانلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، بۇ يەردە قۇياش
ئەتىگەندە كۈنچىقىشتىكى قۇم بارخانلىرى ئارى-
سىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، كەچتە يەنە كۈنپې-
تىشتىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا پاتىدۇ.

يۇرت - مەھەللە، ھويلا - ئارامىلار قۇم بارخان-
لىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.

ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى ئازلاپ
كەتكەن، يەر - زېمىن قۇرۇپ چۆللەشكەن
بولۇپ، ئوقۇرمەن رومانىنىڭ بېشىدىن - ئاخىر-
غىچە رومانىكى پېرسوناژلار بىلەن تەڭ قۇم -
بوران ئارىسىدا ئۇسساپ - تالجىقىپ يۈرگەندەك
ئېغىر تۇيغۇغا ئەسىر بولىدۇ. قۇمئاۋات، ئارا ئا-
ۋاتلىقلارنىڭ ئەتىسى، كەلگۈسى توغرىسىدا
تەشۋىشلىنىدۇ، غەم يەيدۇ. ئاپتور بۇ خىل رېئال
مەسىلىنى باشتىن - ئاخىرغىچە ئوقۇرمەنلەرنىڭ
دىققەت مەركىزىگە قويۇپ، رومانىنىڭ مەركىزىي
ئىدىيەسىنى ئەڭ ياخشى دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرى-
دۇ. مانا بۇ، رومانىكى كەڭ دائىرىدە يورۇتۇپ
بېرىلگەن رېئال ئېكولوگىيە مەسىلىسى. روھىي
ئېكولوگىيە مەسىلىسى بولغان ئىككىنچى
نۇقتا، رومانىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ئى-
دىيەسىدە، روھىدا داۋالغۇش پەيدا قىلغان، يەنى
ھەسەن خالۋاپىنىڭ دادىسى، ھەسەن خالۋاپ شۇندا-
قلا يۈسۈپتىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ
روھىدا ئەكس ئەتكەن ئاڭلىق ئېكولوگىيە مەسى-
لىسىدۇر. رومانىنى ئوقۇپ چىققانلارغا مەلۇم-
كى، رومانىكى ھەسەن خالۋاپ ئەنئەنىگە سادىق،
ئېتىقادلىق پەرىشتە سۈپەت ئادەم. ئۇنىڭ ئوبرازى-
نى بۇگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىپىك
ئوبرازى دېسەك ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولماي-
مىز. مىليونلىغان دېھقان ئاتىلارغا ئوخشاش بىر
جەمەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە
ئالغان بۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا نۇرغۇن
ئىزتىراپلىق خىياللار مۇجەسسەملەنگەن. ئاتى-
لىق قەلبىگە ئارزۇ - ئارمانلار يوشۇرۇنغان. ئۇ
ھەمىشە قۇرغاقچىلىق، قۇم - بوران ئاپىتىدىن
چۆللىشىپ كېتىۋاتقان يۇرتى قۇمئاۋاتقا قاراپ
ئېغىر خورسىنىدۇ، ئىزتىراپلىق خىياللارغا چۆ-
كىدۇ. يۇرتى ھەققىدە ئويلىنىش، يۇرتىنىڭ كەل-
گۈسى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ھەسەن خالۋاپ-
نىڭ قەلبىگە دادىسىنىڭ روھىدىن سىڭگەن
بولۇپ، ئاپەتلىك يىللاردا غوجىخانىنىڭ قولىدا
بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى ئوغلى ھەسەن
خالۋاپقا قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە شۇنداق بىر
يېشىل جەننەتنىڭ بارلىقىنى سىر تۇتۇشنى ۋە-
سىيەت قىلغان. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى-
دىن تارتىپ تەبىئەتنى قوغداش ئەنئەنىسىگە
ئىگە ياخشى بىر جەمەت كىشىلىرىدىن ئىكەنلى-
كىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل قاراش كې-
يىنچە ھەسەن خالۋاپىنىڭ روھىي دۇنياسىدىن
ئاستا - ئاستا ئوغلى يۈسۈپنىڭ روھىي دۇنياسىغا
سىڭىپ كىرىدۇ. كىچىكىدىن ياخشى تەربىيە
كۆرۈپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان
چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئىلىم - مەرىپەت كۆكى-
دە قانات قاققان يۈسۈپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى
يۇرتىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ياخشىلاش، قۇم -
بوران ئاپىتى قاپساپ تۇرغان بۇ زېمىندا گۈزەل
بىر ماكان قۇرۇپ چىقىشقا بېغىشلاش ئىرادى-
سىگە كېلىدۇ. مانا بۇ رومان قولغا كەلتۈرگەن
ئەڭ زور ئىجتىمائىي ئۇنۇم.

يەنە شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى،
ئاپتور روماندا ئەپسانىۋىلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىنمۇ
ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، تەكلىماكان قىر-
غاقلىرىدىكى بوستانلىقلارنىڭ قەدىمىي ھاياتلىق
دەۋرىدىن بۈگۈنگىچە بولغان گۈللىنىش ۋە خا-

رابلىشىش جەريانىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنى رومانىنىڭ تېتول بېتىگە مۇقەددىمە ئورنىدا بېرىلگەن باياندا، بېيجىڭدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يۇسۇپنىڭ تىلىدىن بايان قىلىنغان مۇشۇ ئابزاستىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: «ئېيتىلىشىچە، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بۇ زېمىن يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە شىمالىي دېڭىزغا تۇتىشىدىغان بىپايان دېڭىز بولغانمىش. دېڭىزنىڭ ئەتراپى ئورمانلار، دەريا ۋە كۆللەر بىلەن قاپلانغان مۇنبەت سۇلۇق تۇزلەڭلىك بولۇپ، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق قىلىشقا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىكەنمىش. چەكسىز كەتكەن بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان خەلق تەبىئەتنىڭ بىھېساب ھىممىتى ئىچىدە ياشاپ، نۇرغۇنلىغان چوڭ شەھەرلەرنى، بەگلىكلەرنى بەرپا قىلغانمىش. مۇكەممەل ھالەتتە ياسالغان كوچىلار، سودا - كارۋان يوللىرى شەھەر ۋە يېزىلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، تېرىقچىلىق ۋە مەدەنىيەت يۇقىرى پەللىگە چىققانمىش. كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ھايات، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى بىلىملىرى ناھايىتى مول ۋە توغرا بولغانمىش... شۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار كېيىن قۇم ئېراسى باشلىنىپ، توپان بالاسى بېسىپ كەپتۇ. تاغلار ئوت بولۇپ يېنىپ، سۇلار ھورغا ئايلىنىپتۇ، زېمىن قۇرۇشقا باشلاپتۇ. جانلىقلار، ئادەملەر قىرىلىشقا باشلاپتۇ. جان ساقلاش كويىغا چۈشكەن كىشىلەر ئامالسىز تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈشكە باشلاپتۇ...»

ئاپتور روماندا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاساسىي تېما قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق جايدا شوئارۋازلىق، ۋەزخانلىق قىلمايدۇ، بەلكى تۇرمۇشنى يېزىش ئارقىلىق ئېكولوگىيە مەسىلىسىدىن ئىبارەت چوڭ تېما ھەققىدە چۇقان سېلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. رومانىنىڭ يېزا تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك، زىددىيەت-توقۇنۇشلىرى كەسكىن، پېرسوناژلىرى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە. بولۇپمۇ بەدىئىي ئوبراز مۇكەممەللىكىگە خېلىلا يېقىنلاشقان نازىلىخان، پىننەخان، شەرۋانەم ۋە غوجىخانلار ئوبرازى كىتابخانلارنىڭ ئېسىدىن ئۇزۇنغىچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ.

قىسقىسى، ياش يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» رومانى قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى، دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىچە تەرەپلىرىنى يارقىن، جانلىق سۈرەتلىيەلىگەنلىكى، پېرسوناژلار ئوبرازىدىكى غايە، ئىشەنچىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

(ئاپتور «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمىدە)

مۇھەررىر **خاسىيەت ئەمەت**





# قەمەر بىلەن سەمەر

(چۆچەك)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدىكەن، ھەممە كىشىنىڭ ئايۋىنى ھويلىسىدىكەن، تۈڭلۈكى تورۇسىدىكەن، ئوچىقى مورىسىدىكەن، ئاشلىقى ئورىسىدىكەن، كەتمىنى دولىسىدىكەن. شۇ زامانلاردا شىرىيە قەلئەسىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى قەمەر، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى سەمەر ئىكەن. كىچىك ئوغلى ئەقىل-ئىدراكتا، باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز ئىكەن، قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق مۈشكۈلات قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. ئۇنىڭغا يولۇققان كىشىلەرنىڭ خاپىلىقى خۇشاللىققا ئايلىنىپ، بەخت ئىشىكى ئۇلارغا ئېچىلىدىكەن، بىراق بۇ شاھزادىلەر كىچىكىدىنلا ئانىسى قازا قىلىپ كەتكەچكە، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغانىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ شىكار خۇمارى تۇتۇپ، يەتتە كۈنلۈك ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن شىكار تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ ۋە شىكارغا كىچىك ئوغلى سەمەرنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقماقچى بوپتۇ. پۈتكۈل تەييارلىقى تامام بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى قەمەرنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم قەمەر، مەن ئەتە ئىنىڭ سەمەر ۋە نۆكەرلىرىم بىلەن يەتتە كۈنلۈك شىكارغا چىقماقچىمەن. شاھلىقىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، مەن قايتىپ كەلگۈچە ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورىغاچ تۇرغىن، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ دادا، پەرمانىڭىزنى بېشىم بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ قەمەر ئاتىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.

پۈتكۈل ئوردا مۇلازىملىرى ئەتىسى شاھ شىكارى ئۈچۈن ئامان-ئېسەنلىك تىلىشىپتۇ. سۇنايچى، دۇمباقچى، كانايچىلار ئۆز ناۋالىرىنى ياڭرىتىشىپتۇ. پادىشاھ داقا-دۇمباق ساداسى ئىچىدە شىكارغا يول ساپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ. قەمەرنىڭ ئۆگەي ئانىسى كەچلىك تائامدىن كېيىن يېتىش ئۈچۈن جاي تەييارلاپتۇ. قەمەر ئورنىغا بېرىپ يېتىپتۇ. كۆز باغلانغان چاغدا قەمەرنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئۇنىڭ يوتقىنىغا كىرىۋاپتۇ. قەمەر ئۆگەي ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ:

— بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مەن سىز بىلەن بىر ئورۇندا ياتقىلى كىچىك بالا بولمىسام، چوپچوڭلا بىر يىگىت تۇرسام، بۇنداق قىلىقسىزلىقىقا قانداق يۈزىڭىز چىدىدى؟ تېزدىن ئۆز جايىڭىزنى تېپىۋېلىڭ! — دەپتۇ.

— ئوغلۇم قەمەر، مەن ساڭا ئاشىقى بىقارار بولدۇم، ئەگەر سەن بىلەن بىر كېچە بىرگە ياتمىسام، ئىشقىڭدا جېنىمدىن جۇدا بولىمەن، — دەپ قەمەرنىڭ قوينىدىن چىقماي، ھۇ تارتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۆگەي ئانىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن قەمەر:

— ئەي ئانا، سىز مېنى كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆز ئانامدەك بېقىپ چوڭ قىلغانسىز. خۇدا يولىدا دادامنىڭ تەرىتى ئۈچۈن سۇ بەردىڭىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق سىز بىلەن بىر ئورۇندا يېتىش خۇدا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ، ساراي ئەھلى ئارىسىدا يۈز كۆتۈرگۈسىز رەسۋاچىلىق. مەن سىز بىلەن ھەرگىز بىر ئورۇندا ياتالمايمەن. سىزنىڭ بۇ رەسۋاچىلىقىڭىز مۇشۇ جايدا قالسۇن! — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

تاڭلا كېچىسىمۇ يەنە شۇ ھال تەكرارلىنىپتۇ. قەمەر ئۆگەي ئانىسىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقماپتۇ. ئۆگەي ئانىسى ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ يەتتە كۈنلۈك شىكار ۋاقتىمۇ توشۇپتۇ. ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئۆگەي ئانا قىلغان ئىشلىرىنىڭ پادىشاھ ئالدىدا پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە كۆڭلىگە بىر شۇم نىيەتنى پۈكۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوۋدىن قايتىپ ئوردىغا كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئۆگەي ئانا چاچلىرىنى چۇۋۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ، يالغاندىن يىغلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئىچىگە كىرىپ، ئاھ ئۇرۇپ، قان-يامغۇر يىغلاپ ئولتۇرغان خوتۇنىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ ۋە:

— ئەي مېھرىبانىم، ساڭا نېمە قىسمەت يەتتى؟ نېمە ۋەجىدىن زار يىغلاپ يىغا چېكىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي شەرىيە قەلئەسىنىڭ ھۆكۈمرانى، ئادىل پادىشاھىم، سىز شىكارغا چىقىپ كەتكەندىن بېرى ئوغلىڭىز قەمەر شاھلىق ئەنئەنىڭىزگە داغ چۈشۈرۈپ، دۇنيادا ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان شۇنداق ئوسال، ھاياسىز، شەرمەندە ئىشلارنى قىلدى. بۈگۈن ئەگەر مېنى دېسىڭىز، ئوغلىڭىز قەمەرنى بۇ شەھەردىن يوق قىلىڭ، ئەگەر ئوغلىڭىز قەمەرنى دېسىڭىز، شەھىرىڭىزنى تاشلاپ ئاتامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىمەن، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا كۆز ياشلىرىنى

تۆكۈپ تۇرۇپ.

— ئەي خوتۇن، ھەرقانداق ئىش بولسا ئوچۇقىنى ئېيت! يىغا بىلەن ئىش ھەل بولماس، — دەپتۇ خوتۇنىنىڭ ئوغلى ئۇستىدىن قىلغان شىكايىتىدىن گاڭگىراپ قالغان پادىشاھ.

— بۇ ئىشلارنى ئېيتىشقا ئادەمنىڭ تىلى بارمايدۇ. خۇدا ئالدىدا دېيىشتىن قورقىمەن، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا.

— ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۇم، تېزدىن ئېيت! — دەپتۇ تاقەتسىزلەنگەن پادىشاھ.

— سىز شىكارغا چىقىپ كەتكەندىن بۇيان، ئوغلىڭىز قەمەر ھەر كۈنى كەچلىكى مېنىڭ ئورنۇمغا كىرىۋالدى. مەن ئوغلىڭىزنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ: «ھەي ئوغلۇم، سەن ئانىسى بىلەن بىرگە ياتىدىغان كىچىك بالا بولمىساڭ، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟! قوپ، ئۆز ئورنۇڭغا چىقىپ يات!» دېسەم، ئوغلىڭىز ئۇيالماستىن: «مەن سىزگە ئاشىقى بىقارار بولدۇم، ئەگەر سىز مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزمىسىڭىز، جېنىمدىن جۇدا بولىمەن» دېدى. «ئوغلۇم قەمەر، مەن گەرچە سېنىڭ ئۆز ئاناڭ بولمىسامۇ، سېنى كىچىكىڭدىن تارتىپ ئۆز ئاناڭدەك بېقىپ چوڭ قىلدىم، ئانىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. سېنىڭ بۇ قىلماقچى بولغان ئىشىڭ خۇدا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ، بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن» دەپ نەسىھەت قىلدىم، يېلىندىم، يالۋۇردۇم، بىراق قەمەر نىيىتىدىن يانمىدى، قوينۇمغا كىرىۋالدى. مەن باشقا جايغا بېرىپ يېتىۋالدىم، يەنە قوينۇمغا كىرىۋالدى. يەتتە كېچە جەريانىدا مېنىڭ تارتمىغان رەنج-مۇشەققىتىم قالمىدى. ئوغلىڭىز ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بەتقىلىقلارنى قىلدى، — دەپ بىر تالاي تۆھمەتنى توقۇپتۇ. خوتۇنىنىڭ بەتناملىرىنى راست دەپ چۈشەنگەن پادىشاھ:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— لەببەي، سۇلتانى باكىرەم! ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن. كىمنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى؟ — دەپ تۆت جاللات قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇرۇشۇپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ جاللاتلارغا قاراپ:

— نائەھلى ئوغلۇم قەمەرنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى، تېزدىن قەمەرنى دارغا ئېسىپ، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

جاللاتلار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ، لېكىن ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەمەرنىڭ پۇت-قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ دار ئالدىغا ئېلىپ مېڭىشىپتۇ.

سەمەر ئۆگەي ئانىنىڭ قەمەر ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ، ئاكىسى قەمەردىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيماپتۇ.

— ئەي شاھىنشاھ دادا، ئاكام قەمەرنىڭ قىلغانلىرى كەچۈرگۈسىز گۇناھ بولسىمۇ، ياراتقان خۇدا ھەققىدە ئاكامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىڭىز، — دەپ، سەمەر دادىسىدىن ئاكىسىنىڭ گۇناھىنى تىلەپتۇ. پادىشاھ ئوغلى قەمەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەپتۇ. سەمەر دادىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ياش تۆكۈپتۇ.

— ئوغلۇم سەمەر، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئاكاڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ! ئاكاڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈش خۇدا ئالدىدا گۇناھقا شېرىك بولغانلىق!

— دادا، مەن ئاكامنىڭ دارغا ئېسىلىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. ئەگەر راستتىنلا ئاكامنى ئۆلتۈرمەكچى بولسىڭىز، مېنىمۇ قوشۇپ بىللە ئۆلتۈرۈڭ، گۆردە تەڭ ياتايلى، — دەپ دادىسىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يىغلاپتۇ. ئاچچىقىدا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتقان پادىشاھ:

— جاللات! — دەپ توۋلاپتۇ.

— لەببەي شاھ ئالىيلىرى، كىمنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى؟ — دەپ تۆت جاللات قىلىچلىرى-

نى يالىڭاچلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇرۇشۇپتۇ.

— ئۆزىنى گۇناھقا شېرىك قىلغۇچى ئوغلۇم سەمەرنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى. ئۇنى ئاكىسى قەمەر بىلەن قوشۇپ خۇدانىڭ دەرگاھغا ئۇزىتىپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. جاللاتلار پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تەرك قىلىشالماي، سەمەرنىڭ پۇت-قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ دار ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ ئەزەلدىن دېگەن گېپىدىن يانمايدىغان بولغاچقا، ۋەزىر ۋە ساراي مەسلىھەتچىلىرىمۇ پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىگە قارىتا ئېغىز ئېچىشالماپتۇ.

ئىككى شاھزادىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان پۈتكۈل شەھەر خەلقى جازا مەيدانىغا يىغىلىپتۇ. بۇ شاھزادىلەر كىچىكىدىلا خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، خۇشاللىقىدىن تەڭ خۇشال بولۇپ، قايغۇسىغا قايغۇرىدىكەن، شۇڭا مەيدانغا يىغىلغان خەلق بىگۇناھ جېنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان شاھزادىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيماپتۇ، ئاھ ئۇرۇشۇپ يىغا-زار قىلىشىپتۇ. پۈتكۈل شەھەرنى خەلقنىڭ ئاھۇ زارى قاپلاپتۇ. خەلق جاللاتلاردىن شاھزادىلەرنىڭ ھاياتىنى تىلىشىپتۇ. جاللاتلارمۇ خەلقنىڭ نالىسىگە چىداپ تۇرالماپتۇ.

— ئەي تەلەيسىز شاھزادىلەر، پادىشاھ سىلەرنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. پۈتكۈل خەلق بىزدىن سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنى تىلەۋاتىدۇ. بىزنىڭمۇ پەقەت تاقەت قىلغۇچىلىكىمىز قالمىدى. بىراق، سىلەرنى ئۆلتۈرمىسەك، بىز ھەم ھايات قالمايمىز. بىز سىلەرنى قويۇپ بېرەيلى، سىلەر بۇ شەھەردىن چىقىپ باشقا جايلارغا بېرىپ جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار. بىزمۇ باشقا جايلارغا چىقىپ كېتەيلى، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، — دەپ جاللاتلار شاھزادىلەرنىڭ پۇت-قوللىرىنى يېشىپ قويۇپ بېرىپتۇ، ئۆزلىرى ھەم شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىپتۇ.

قەمەر بىلەن سەمەر چۆللەرنى كېزىپ، تاغ-داۋانلارنى ئارقىغا تاشلاپ، يەتتە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ كەڭ كەتكەن بىر ئورمانلىققا كەپتۇ. ئورمانلىقنىڭ چېتىدە ئەتراپى چىنار بىلەن قاپلانغان بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپى شەھەر سېپىلى ئىكەن. قەمەر بىلەن سەمەر بۇ بۇلاقنىڭ بويىدا ئارام ئالماقچى بوپتۇ.

— ئۇكام، ئىككىمىز بۇ يەردە ئارام ئېلىپ، ھاردۇقىمىز چىققاندا يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، بىز ھازىر ئادەملەر بار جايغا يېقىنلاپ قالغاندەك تۇرىمىز، — دەپتۇ قەمەر.

— شۇنداق قىلايلى، — يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بەك چارچاپ كەتتۇق، ئاۋۋال سىز يېتىپ ئۇخلاڭ، مەن سىزنى قوغداپ ئولتۇراي، — دەپتۇ سەمەر.

قەمەر يېتىپلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئىنىسى سەمەر ئۇنى قوغداپ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چىنار شېخىدا بىر قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سەمەر شۇنداق قۇلاق سالسا، قۇش:

— كىمكى مېنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، گۆشۈمنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەي، — دەپ سايراۋاتقۇدەك.

سەمەر يېنىدىن ئوقيانى ئېلىپ : «ئاۋۋىلەن خۇدانىڭ ئەمرى، ئاندىن قالسا، خىزىر پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى» دەپ ئوقيانى بەتلەپ، كۈچەپ تارتىپ قۇشقا ئاتقانىكەن، ئوق قۇشنىڭ دەل بېشىغا تېگىپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. قۇشنى يۇڭداپ كاۋاپ قىلىپ، ئاكىسى قەمەرنىڭ بېلىگە تۇگۈپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سەمەر ئۇ قۇشنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغۇدەك بولسا:

— قانداقلىكى ئادەم مېنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، قېنىمنى ئىچىپ، گۆشۈمنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، شۇ جايدا مىدىرلىماستىن ئۆلگەي، — دەپ سايراۋاتقۇدەك.

سەمەر يەنە يېنىدىن ئوقيانى ئېلىپ بەتلەپ: «ئاۋۋىلەن خۇدانىڭ ئەمرى، ئاندىن قالسا، خىزىر پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى» دەپ شۇنداق ئاتقانىكەن، ئۇ قۇش ھەم سەمەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. سەمەر دەرھال ئۇ قۇشنى بوغۇزلاپ، قېنىنى ئىچىپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېگەنىكەن، تۇرغان جايىدىلا تىن تارتماستىن ئۆلۈپتۇ.

سەمەر ئۆلۈشى بىلەن تەڭلا قەمەر ئويغىنىپ ئىنىسىنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بېشىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپتۇ، زارلاپتۇ، ئىنىسى تىرىلمەپتۇ. قەمەر ئىنىسىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

قەمەر شەھەرگە قاراپ كېتىپ بارسا، بەلبېغىدا ئىسسىق بىر نەرسە باردەك تۇيۇلۇپتۇ. ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، سەمەر پىشۇرۇپ تۈگۈپ قويغان قۇشنىڭ كاۋىپى ئىكەن. «ھەي ئىسىت، ئۇكام، ئاللاتائالا بىزگە بىر قۇش كاۋىپى ئەۋەتكەنىكەن، ئۆلۈپ كەتمىگەن بولساڭ بىللە يەر ئىدۇق، رىزقىڭ تۈگىگەن ئوخشايدۇ، بىچارە ئۇكام» دەپ يولدا ماڭغۇچە قۇشنىڭ كاۋىپىنى يەپ مېڭىپتۇ. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن بىر شەھەرگە كەپتۇ.

قەمەر شەھەر ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، پۈتكۈل شەھەر خەلقى قوللىرىغا بىر پارچىدىن گۆشنى ئېلىپ، ئاسمانغا قاراپ: «گاھ، گاھ» دەپ توۋلىشىۋاتقۇدەك، قەمەر ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ، بىر بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، بۇ شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن قوللىرىغا بىر پارچىدىن گۆش ئېلىپ ئاسمانغا قاراپ توۋلىشىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي شاھ سۈپەت قەمەرنى كۆرۈپ:

— غوجام، ئۆزلىرى بۇ شەھەرلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، بوۋا، مەن شېرىيە قەلئەسىدىن كەلدىم، بۇ شەھەرگە مۇساپىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەمەر.

— ئوغلۇم، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بۈگۈن توپتوغرا يەتتە كۈن بولدى. پادىشاھنىڭ تەخت ۋارىسى بولمىغاچقا، ۋەسىيىتى بويىچە دۆلەت قۇشىنى ئاسمانغا قويۇپ بەرگەن، ئۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشى بۇ شەھەرنىڭ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ. دۆلەت قۇشىنىڭ قويۇپ بېرىلگىنىگە بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى، ھېچ كىشىنىڭ بېشىغا قونماستىن ئاسماندا ئەگىپ يۈرۈپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۈتكۈل خەلقى قوللىرىغا گۆش ئېلىپ، قۇشنى ئۆز بېشىغا قوندۇرۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

بوۋاينىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ بەخت قۇشى ئەگىپ كېلىپ قەمەرنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. قەمەر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىكەن، قۇش شەھەرنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ قەمەرنىڭ بېشىغا يەنە قونۇپتۇ. قەمەر قۇشنى يەنە ئۇچۇرۇۋەتسە، قۇش يەنە كېلىپ قونۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پۈتكۈل شەھەر خەلقى:

— مۇبارەك بولسۇن، سۇلتانى باكىرەم! ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن! شاھلىق سەلتەنىتىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن! — دەپ، قەمەرنى باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىشىپتۇ. قەمەرنىڭ:

— ئەي خالايىقلار، مەن شاھلىق مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ ئەمەسمەن، مەن سىلەرگە شاھ بولمايمەن! — دېگىنىگە ئۇنىماي، خەلق قەمەرنىڭ بېشىغا شاھلىق ئالتۇن تاجىنى كىيگۈزۈپتۇ.

قەمەر ئالدى بىلەن سەمەرنىڭ ئاخىرەتلىكلىرىنى تەييارلاپ، جامائەتنى باشلاپ بۇلاق بېشىغا بېرىپتۇ. قارىسا، سەمەرنىڭ جەسىتى يوق تۇرغۇدەك. قەمەر، جەسەتنى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ

كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپتۇ-دە، تەقدىرگە تەن بېرىپ يېنىپ كەپتۇ.

قەمەر شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، بىز بىر كەلىمە سۆزنى سەمەردىن ئاڭلايلى:

قەمەر ئىنىسىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، سەمەر بۇلاق يېنىدا ئۈچ كۈن يېتىپتۇ.

يېقىن ئەتراپتىكى چۆللۈكتە ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئۈچ ئەۋلىيا بولۇپ، ئىلمۇ ھېكمەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. بۇ ئەۋلىيالار دەرۋىشلىك قىياپىتىدە تاغۇ دەشت، چۆللۈكلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خۇدا يولىدا تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئۈچ ئەۋلىيانىڭ قەدىمى سەمەر ئۆلۈپ قالغان ئورمانلىققا يېتىپتۇ. كەچلىكى ئۇلار غىزالىنىش ئۈچۈن قازان ئېسىپ، تاماق ئېتىپ يېمەكچى بوپتۇ، قازانغا ئۈچ چىنە گۈرۈچ ساپتۇ. ئۇلار قازانغا قانچە چىنە گۈرۈچ سالسا، قازاندىن شۇنچە چىنە تاماق چىقىدىكەن. بىراق، بۈگۈن ئۈچ چىنە گۈرۈچتىن تۆت چىنە تاماق تەييار بوپتۇ. «بۈگۈن ئاشنىڭ تۆت قاچا بولۇپ چىققىنىغا قارىغاندا، يېقىن ئەتراپتا خۇدانىڭ ناھايىتى ئەزىز بىر بەندىسى باردەك قىلىدۇ. خۇدا بۇ ئاشقىمۇ ئۇنىڭ رىزقىنى قوشۇپتۇ. ئۇنى نەدىن بولسىمۇ ئىزدەپ تېپىپ بىللە غىزالىنايلى» دەپ دەرۋىشلەر ئورمانلىقتىن چىقىپ ئىزدەپ بېرىپ قارىسا، ئورمانلىقنىڭ چېتىدىكى بىر بۇلاقنىڭ قېشىدا بىر يىگىتنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. «بۇ تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يىگىت ئىكەن، بىز ئۇنىڭغا خۇدادىن جان تەلەپ قىلايلى» دەپ، ئۈچ ئەۋلىيا بۇلاقنىڭ سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ، ئاللا تائالاغا مۇراجىئەت قىلىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ سەمەرگە جان تەلەپ قىلىشىپتۇ. خۇدا بۇ ئۈچ نەپەر ئەۋلىيانىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ، سەمەرگە قايتىدىن جان ئاتا قىپتۇ.

سەمەر ئۇخلاپ ئويغانغان كىشىدەك سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەۋلىيالار ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئەكىلىپ خۇدا رىزقىنى قوشقان تائام بىلەن غىزالاندۇرۇپتۇ-دە، ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشۇپتۇ.

سەمەر، مەن بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت ياتقاندىمەن؟ ئاكام قاياققا كەتكەندۇ؟ مەن ئاكامنى ئىزدەي دەپ، ئاكىسى قەمەرنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. سەمەر بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن ئاكىسى قەمەرنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ شەرقىدە بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغدا بەھەيۋەت بىر ئەجدىھا داۋاملىق دېگۈدەك خەلقنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ تۇرىدىكەن. شەھەردىكى ھېچقانداق پالۋاننىڭ بۇ ئەجدىھانى يوقىتىشقا قۇربى يەتمەيدىكەن. پادىشاھ قەمەر: «كىمىكى ئەجدىھانى يوقىتالىسا، ئۇنىڭغا ئاتكاللىسىدەك ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن» دەپ، يارلىق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئەجدىھانى يوقىتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئەجدىھا ھەر كۈنلۈكى دەل چۈش ۋاقتى بىلەن غاردىن چىقىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھانى يوقىتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىغان قەمەرشاھ ئاخىر شەھەردىكى پۈتكۈل ئائىلىلەرگە ئاۋۋالقى پادىشاھتەك يەنە جان سېلىقى سېلىپ، ھەر كۈنلۈكى بىر ئادەمنى غارنىڭ ئېغىزىغا باغلاپ بېرىدىكەن، ئەجدىھا غاردىن سىرتقا چىقمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى ئەجدىھانىڭ تەھدىتىدىن خالاس بولغانىكەن.

سەمەر ئاكىسى قەمەر شاھنىڭ شەھىرىگە كىرىپ، بىر غارنىڭ ئالدىدا تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان بىر قىزنىڭ يېنىدا كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك ئاققۇزۇپ، قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقان بوۋاي بىلەن مومايىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— بوۋا، موما، نېمىشقا بۇ قىزنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغلۇم، بۇ شەھەر خەلقىنىڭ پېشانىسـ

www.uyghurkitap.com

گە نېمە قىسمەتنىڭ پۈتۈلگەنلىكى بىزگە قاراڭغۇ، بەلكىم خۇدانىڭ غەزىپى تۇتقاندۇ. ئالتە يىل بولدى، بۇ تاغدىكى غاردا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالدى، — دەپ، سۆزىنى داۋام قىپتۇ بوۋاي سەمەرگە قولى بىلەن غارنى كۆرسىتىپ، — ئۇنى يوقىتىشقا ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ قۇربى يەتمىدى. بۇ ئەجدىھانىڭ خەتىرىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن پادىشاھ ئادەت بويىچە جان سېلىقى كەلگەن ئائىلىدىن بىر كىشىنى مۇشۇ غارنىڭ ئېغىزىغا باغلاپ بېرىدۇ. ئەجدىھا ھەر كۈنلۈكى دەل چۈش ۋاقتى بىلەن غاردىن چىقىپ، غار ئېغىزىغا باغلانغان كىشىنى يەپ يەنە غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. بۈگۈن جان سېلىقى بىزنىڭ ئائىلىگە كەلگەنىكەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قىزىم بىلەن ئۈچ جان ئىناق-ئىتتىپاق، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدۇق. قىزىم بىزگە چىدىمىدى، بىز قىزىمىزغا چىدىمىدۇق. ئاخىر قىزىم: «سىلەرسىز مېنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمنىڭ ئەھمىيىتى يوق» دەپ، بىزنى قايىل قىلىپ، بىز ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياش جېنىدىن كەچمەكچى بولدى. پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى قىزىمنى ئەجدىھاغا قۇربانلىق قىلىپ مۇشۇ يەرگە باغلاپ قويدى. بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيماي يىغلىشىۋاتىمىز. تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن ئۆزگە چارە يوق ئوغلۇم، ئىلاجىمىز قانچە؟! — دەپتۇ بوۋاي كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي.

سەمەر بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ، يېنىدىن قىلىچىنى ئېلىپ قىزنى-باغلاپ قويغان زەنجىرگە كۈچ بىلەن بىرلا قويغانىكەن، زەنجىر پارە-پارە بولۇپ كېتىپتۇ. سەمەر:

— ئەي خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، سىلەر قايتىپ بېرىپ جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار! بۇ بىچارە قىزنى يەيدىغان ئەجدىھا مېنى يېسۇن! شەھەرنىڭ پادىشاھى بولغان كىشىنىڭ بىر ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە كۈچى يەتمەي، گۇناھسىز بىر نارەسىدە قىزنى ئەجدىھاغا يەم قىلىپ بېرىپ، پۇقرالارنىڭ جېنىغا بىئەجەل زامىن بولۇپ شاھلىق تەختىدە شەھەر سورىغىنىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟! — دەپ قىلىچىنى كۆكسىگە تېڭىپ، غارغا ئالدىنى قىلىپ ئەجدىھانىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. يەر-جاھاننى لەرزىگە سېلىپ نەرە تارتىپ، غار ئىچىدىن ئەجدىھا چىقىپ سەمەرگە قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. سەمەر بار كۈچى بىلەن ئەجدىھانىڭ ئېغىزىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ، ئەجدىھا ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. غارنىڭ ئالدىدىن ئادەمخور ئەجدىھانىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. سەمەر ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىپ بېلىگە باغلىۋاپتۇ.

قەمەر شاھنىڭ قارا نىيەت، ئالدامچى بىر ۋەزىرى بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى دەل ئەجدىھا غاردىن چىقىدىغان پەيتتە قىرىق نۆكىرى بىلەن كېلىپ، ئەجدىھانىڭ ئادەم يېيىش پاجىئەسىدىن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قايتىپ كېتىدىكەن.

بۈگۈن پادىشاھنىڭ شۇ ۋەزىرى قىرىق نۆكىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەجدىھا غارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سەمەرنىڭ ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن تاسما تىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قارا نىيىتى قوزغىلىپتۇ-دە، سەمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي، جېنىدىن تويغان ھارامزادە شۇمتەك! سەن پادىشاھنىڭ كۈنلۈكى بىر ئادەم بېرىپ باقىدىغان ئەتىۋارلىق جانىۋىرىنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق پېتىنىدىڭ؟! — دەپ نۆكەرلىرىگە سەمەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. قارا نىيەت ۋەزىرنىڭ لەشكەرلىرى سەمەرنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر يىگىرمە نۆكىرىگە سەمەرنى ئادەم ئاياغ باسمايدىغان چۆللۈككە ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇپ، قالغان يىگىرمە نۆكىرىگە:

— سىلەر ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا ۋەزىر ئەجدىھانى ئۆلتۈردى، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈڭلار!

پادىشاھ مېنى ئات بېشىدەك ئالتۇن بىلەن مۆكاپاتلىغاندىن كېيىن، سىلەرنى چوڭ مەنسەپكە ئىگە قىلىمەن ھەم مال - دۇنيا ئىنئام قىلىمەن، — دەپ، قەمەر شاھنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپتۇ. بۇ يالغان خەۋەرنى لەشكەرلەر پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. لەشكەرلەردىن يالغان خەۋەرنى ئاڭلىغان قەمەر شاھ:

— ۋەزىرىمنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشى، مېنىڭ بۇ شەھەرگە پادىشاھ بولغانلىقىمنىڭ ياراشقانلىقىدىن بولدى، چۈنكى ئىلگىرى ۋەزىر ھەم ئەجدىھامۇ مۇشۇ شەھەردە بار ئىدى، بىراق ھېچقانداق بىر كىشى ئەجدىھانى ئۆلتۈرەلمىگەنىكەن، — دەپ ۋەزىرنىڭ باتۇرلۇقىدىن مەمنۇن بوپتۇ ھەم پۈتكۈل ئوردا ئەھلى ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىلغان لەۋزى بويىچە ۋەزىرنى ئات بېشىدەك ئالتۇن بىلەن تارتۇقلاپتۇ. پۈتكۈل شەھەر خەلقى ۋەزىرنىڭ باتۇرلۇقىغا ۋە ئۆزلىرىنى غەمدىن خالاس قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشىپتۇ.

يالغانچى ۋەزىر ئۆزىنىڭ ساختا غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلغاچ تۇرسۇن، بىز بىر كەلىمە سۆزنى سەمەردىن ئاڭلايلى:

ۋەزىرنىڭ يىگىرمە نۆكىرى ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەمەرنى ئاتقا توغرا ئارتىپ، قاش قارايغان چاغ بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋېتىپ يېنىپ كەپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر كوزىچى بولۇپ، چۆلدىن سېغىز ئېلىپ كېلىپ، كوزا ياساپ سېتىپ كۈنىنى ئۆتكۈزىدىكەن. ۋەزىرنىڭ نۆكەرلىرى سەمەرنى چۆلگە تاشلىۋەتكەن كۈنى، بۇ كوزىچى سېغىز ئەكېلىش ئۈچۈن بامدات نامىزى بىلەن تەڭ ئېشەك ھارۋىسىنى قوشۇپ چۆلگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

كوزىچى بوۋاي بىر كۈن يول يۈرۈپ، ئۆزى داۋاملىق سېغىز ئېلىپ كېلىدىغان سېغىزلىققا كېلىپ، بىر يىگىتنىڭ سېغىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىڭراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي يىگىتنىڭ ئۈستىبېشىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتۈپ، سېغىزمۇ ئالماستىن يىگىتنى ھارۋىسىغا سېلىپ تاڭ بىلەن تەڭ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

بۇ كوزىچىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى يوق ئىكەن. ئۇ كېلىشكەن، قەددى - قامەتلىك سەمەرنى ئوغۇل قىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. تېۋىپ چاقىرىپ ئۈچ كۈن داۋالىتىپتۇ، سەمەر كۆزلىرىنى ئاچقۇدەك ھالغا كەپتۇ، قىرىق كۈن بېقىپتۇ، سەللىمازا ساقىيىپتۇ. بۇ قىرىق كۈن جەريانىدا كوزىچىنىڭ ھۈنىرى ناھايىتى ئېقىپتۇ. ئىلگىرى يۈز دانە كوزا قويسا، تېگى قېلىپتىن سۇنۇق چىقىدىكەن. سەمەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ يۈز كوزا قويسا، ھەممىسى قېلىپتىن ساق چىقىپتۇ. چىققاندىمۇ بۇ كوزىلار چىن - ماچىن ئېلىنىڭ فارفور چىنىلىرىدەك شۇنداق سۈپەتلىك چىقىپتۇ. بازارغا ئېلىپ چىققان كوزىلىرى شەھەر خەلقىنىڭ ئارىسىدا تالاشتا قېلىپ تېزلا سېتىلىپ بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كوزىچى بوۋاينىڭ سەمەرگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، ھالىدىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئېلىشقا باشلاپتۇ. سەمەر كوزىچىنىڭ قېشىدا ئالتە ئاي تۇرۇپتۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇ ئۇستا كوزىچىلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، كوزىچى بوۋاي سەمەرگە سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ كۈنى پادىشاھنىڭ ۋەزىرىمۇ ئالتۇن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ شەھەر ئايلىنىشقا چىققانىكەن.

ۋەزىر كوچا - رەستىلەرنى ئايلىنىپ، كوزا - كومزەك بازىرىغا كەلگەندە، بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كوزا سېتىۋاتقان سەمەرنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ھەرقانچە سىنچىلاپ قارىسىمۇ، كۆزىگە يەنىلا ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن تاسما تىلىۋالغان يىگىت كۆرۈنۈۋېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ پاش بولۇپ

قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ۋەزىر نۆكەرلىرىگە كوزىچى بوۋاينى كۆزىتىشنى تاپىلاپ، ئوردىغا يېنىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ نۆكەرلىرى كوزىچى بوۋاينى پايلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋېلىپ كېلىپ ۋەزىرگە مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر كۆڭلىگە بىر شۇم نىيەتنى پۈكۈپتۇ-دە، لەشكەر بېشىغا:

— سەن بىر تاغار تىللانى تۈن نىسبى بولغاندا كوزىچىنىڭ ئۆيىگە سۆرەپ ئاپىرىپ ئوقۇرىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ قويۇپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن خەزىنىگە ئوغرى كىرىپتۇ، دەپ پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، كوزىچىنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كەلگىن، — دەپتۇ.

لەشكەر بېشى ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەڭ كېچە بولغاندا ئوردىدىن تارتىپ كوزىچىنىڭ ئۆيىگىچە بىر تاغار تىللانى سۆرەپ ئاپىرىپ، كوزىچىنىڭ ئېشىكى ھەلەپ يەيدىغان ئوقۇرىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ-دە، تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئوردىغا كىرىپ:

— داد، پادىشاھئالەم! — دەپ دادلاپتۇ.

— نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ قەمەر شاھ.

— كېچىدە ئالىيلىرىنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى كىرگەنلىكى مەلۇم بولدى!

— تەپتارتماستىن مېنىڭ خەزىنەمگە ئوغرىلىققا كىرگەن ئوغرىنىڭ بېشى ئۇن بولسىمۇ تۇتۇپ ئەكىلىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ قەمەر شاھ.

لەشكەر بېشى قىرىق لەشكەرنى باشلاپ ئۇدۇل كوزىچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— كوزىچى، سېنىڭ ئوغلۇڭ يۈرىكىنى ئات بېشىدەك قىلىپ كېچىدىن شاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا كىرىپتۇ. بىز شاھنىڭ پەرمانى بويىچە ئۇنى تۇتقىلى كەلدۇق. ئوغلۇڭنى ئېلىپ چىق! — دەپ كوزىچىغا ھەيۋە قىپتۇ.

— مېنىڭ ئوغلۇم يوق، — دەپتۇ كوزىچى لەشكەر بېشىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ.

لەشكەر بېشى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ھايال بولماستىن يېرىم تاغار تىللا بىلەن قوشۇپ سەمەرنى باغلاپ ئېلىپ چىقىپتۇ. كوزىچى بوۋاي پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى تىللالارنىڭ قانداق بولۇپ ئۆز ئۆيىدىن چىققانلىقىغا ئەقلى يەتمەپتۇ. ئوغلى سەمەرنىڭ ھەم بۇنداق يامان ئىشنى قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ، چۈنكى سەمەر كىچىكىدىن كوزىچى بوۋاي بىلەن بىللە كوزا قۇيغانىكەن. كوزىچى بوۋاينىڭ سەمەردىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغاچقا، لەشكەر بېشىغا يالۋۇرغان بولسىمۇ، بىراق يېلىنىش-يالۋۇرۇشلىرى بىكارغا كېتىپتۇ. لەشكەر بېشى سەمەرنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، تاغارنى يۈدۈگۈزۈپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

لەشكەر بېشى سەمەرنى شاھ قەسرىنىڭ ئالدىدا قويۇپ، ئۆزى ئوردىغا كىرىپ:

— داد، پادىشاھئالەم! خەزىنىگە ئوغرىلىققا كىرگىنى شەھرىمىزدىكى بىر كوزىچىنىڭ ئوغلى ئىكەن، — دەپ سەمەرنىڭ ئۈستىدىن دادلاپتۇ.

— يېشى قانچىدە بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— تۇرقىدىن قارىغاندا ئون بەش-ئون ئالتە ياشلىق بالىدەك قىلىدۇ، شاھىم، — دەپتۇ لەشكەر بېشى.

— شەرئىتىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە تېخى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش يېشىغا توشمايدىكەن. ئېلىپ چىقىپ زىندانغا تاشلاپ، يېشى ئون سەككىزگە توشقاندا پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى يىغىپ دارغا ئېسىڭلار! پۈتكۈل شەھەر خەلقى ئىبرەت ئالسۇن! — دەپ پەرمان قىپتۇ قەمەر شاھ.

لەشكەر بېشى شاھنىڭ پەرمانى بويىچە گۇناھسىز سەمەرنى زىندانغا تاشلاپتۇ. سەمەر قاراڭغۇ زىنداندا يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولۇپ ئۈچ يىل يېتىپتۇ.

بۇ شەھەردە شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان مەنسۇر ئىسىملىك بىر

ئاتالغان كاتتا باي بار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى مەنسۇر باي قەمەر شاھنىڭ قېشىغا ئۆلۈم گۇناھى توشقان گۇناھكاردىن بىرنى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەپتۇ.

— بۇخاراغا بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماللارنى تەييارلىغاندىم، بىراق بۇخارا بىلەن بۇ شەھەرنىڭ ئارىلىقىدا ناھايىتى چوڭ بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريادىكى لەھەڭلەرگە بىر ئادەمنى تاشلاپ بېرىپ ئۆتمىسە، ساق-سالامەت ئۆتكىلى بولمايدىكەن. قانداقلا ئادەم بولسۇن بەربىر ئۆلىدىغان بولغاندىكىن، گۇناھى ئۆلۈمگە توشقان گۇناھكاردىن بولسا قوشۇپ قويامدىكىن دەپ، ئالدىڭىزغا كەلگەنىدىم، — دەپتۇ مەنسۇر باي.

— گۇناھى ئۆلۈمگە توشقان گۇناھكاردىن بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىردىن قەمەر شاھ.

قارا نىيەت ۋەزىرنىڭ ئېسىگە دەرھال كوزىچىنىڭ ئوغلى سەمەر كەپتۇ-دە:

— خەزىنىمىزگە ئوغرىلىققا كىرگەن كوزىچىنىڭ ئوغلى بار، شاھىم، — دەپتۇ.

— قوشۇپ قويۇڭلار، بېلىقلارغا يەم بولسۇن! — دەپتۇ قەمەر شاھ.

مەنسۇر باي سەمەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ. باي بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتكۈل تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ، سەكسەن قېچىرغا قىممەت باھالىق ئېسىل ماللارنى ئارتىپ، يىگىرمە چاكار بىلەن بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار تاغ-دەريا، چۆللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ساق يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، ئەجەل دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. مەنسۇر باينىڭ قاراپ تۇرۇپ ياش بىر يىگىتنى لەھەڭلەرگە يەم قىلىپ بەرگۈسى كەلمەپتۇ.

— ئەي چاكارلىرىم، بۇ يىگىت گەرچە گۇناھكار بولسىمۇ، بىراق ئەدەپ-ئەخلاقلىق، سۈمباتلىق ئىكەن. قاراپ تۇرۇپ كىشىنىڭ ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يىگىتنى لەھەڭلەرگە يەم قىلىپ بېرىشكە يۈرىكى چىدىمايدىكەن، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ چاكارلىرىغا مەسلىھەت ساپتۇ.

— پۇت-قولىنى باغلاپ دەرياغا تاشلاپ بەرمەي، ئۇ يىگىتنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ ئۆتۈشكە بۇيرۇيلى، ئەجەللى توشمىغان بولسا، تەقدىرنىڭ كارامىتى بىلەن ھايات قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرى.

ئەجەل دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىلەر دەريادىكى لەھەڭلەرگە بىرەر ئادەمنى تاشلاپ بېرىپ، لەھەڭلەرنىڭ ئادەمنى يەۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆتمىسە ئۆتكىلى بولمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دەريانىڭ نامى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەجەل دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. دەريادا بىر قانچە ئون ئادەمخور لەھەڭ ئۈزۈپ يۈرىدىكەن.

باي ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ سەمەرنى دەرياغا تاشلىماسلىقنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ. باينىڭ كۆڭلىگە چاكارلارنىڭ كۆرسەتكەن يولى خېلى ئورۇنلۇقتەك بىلىنىپتۇ. سەمەرنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇپتۇ. سەمەر دەرياغا چۈشۈپتۇ. ئۇ دەرياغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ: «ئەي مېنىڭ ئەزىز جانىۋارلىرىم! بىر غېرىب بەندەم سۇغا چۈشتى، ئۇ دەريادىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ بولغۇچە ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشىڭلارغا رۇخسەت يوق. بېشىڭلارنى سۇ يۈزىگە چىقارماڭلار!» دەپ خۇدادىن سۇدىكى جانىۋارلارغا ۋەھىي كەپتۇ. ئۈركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىمۇ پەسىيىپتۇ. سۇ يۈزىدە ئويناقشىغان بېلىق، لەھەڭلەرمۇ سۇنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەمەر ساق-سالامەت دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ.

سەمەرنىڭ دەرياغا كىرىشى بىلەن دەريادا بولۇپ ئۆتكەن ئۆزگىرىشلەرنى ۋە سەمەرنىڭ لەھەڭلەرنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىماستىن، دەخلى-تەرۇزسىز ھالدا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن باي ۋە ئۇنىڭ چاكارلىرى ھەيران بولۇشۇپتۇ.

باي سەمەرنى دەريانىڭ بۇ قېتىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇپتۇ. سەمەر دەريانىڭ بۇ قېتىغىمۇ ساق-سالامەت ئۆتۈپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى

تېخىمۇ ئېشىپتۇ. مەنسۇر باي سەمەرنى يەنە دەرياغا چۈشۈرۈپ، سەمەر دەرياغا چۈشۈشى بىلەن تەڭلا ئۆزى سەكسەن قېچىر مالنى كېمىگە بېسىپ دەريادىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ.

— تەلەيلىك يىگىت! يەنە بىر مەرتەم غەيرەت قىلىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆت! — دەپتۇ مەنسۇر باي سەمەرگە.

سەمەر دەريانىڭ بىر ئۇ قېتىغا، بىر بۇ قېتىغا ئۆتۈپ چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەنسۇر باينىڭ ئۆزىنى قاراڭغۇ زىندان ئازابىدىن قۇتقۇزغانلىقىغا خۇرسەن بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ چاكىرى بولۇپ خىزمىتىنى قىلىش نىيىتىگە كەلگەچكە، باينىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي ئىلاجسىز يەنە دەرياغا چۈشۈپتۇ. سەمەر دەرياغا چۈشۈشى بىلەن دەريا سۈيى تىنچلىنىپ، لەھەڭ ۋە بېلىقلار سۇنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىپتۇ. مەنسۇر باي سەكسەن قېچىر مال بىلەن يىگىرمە غۇلامنى كېمىگە بېسىپ دەريادىن خەتەرسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەنسۇر باي ئىلگىرى كۆپ قېتىم سودا ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ ئەجەل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر قانچە نۆۋەت پالاكەتكە يولۇققانىكەن.

ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، قىرغاقتا چېدىر-بارگاھلىرىنى تىكىپ، ماللىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەشرەپ ئويناپ ھاردۇقلىرىنى چىقىرىشىپتۇ. مەنسۇر باي سەمەرنى قىزغىن كۈتۈپتۇ، ئۇنىمۇ بۇخاراغا بېرىش سەپىرىدە بىللە ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى سودا كارۋانلىرى ماللارنى قېچىرلارغا ئارتىپ، بۇخارا شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار زاۋال ۋاقتى بىلەن تەڭ بۇخارا شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. مەنسۇر باي ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ مەنسۇر باي ئوردىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى دەرۋازىۋەنگە ئۇقتۇرۇپتۇ.

مەنسۇر باينىڭ ئۆزىنىڭ شەھىرىگە نۇرغۇن قىممەتلىك ماللارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى دەرۋازىۋەندىن ئاڭلىغان بۇخارا ئېلىنىڭ پادىشاھى كىدىئان ئەتىگەندە خۇش خەۋەر ئېلىپ كىرگەن دەرۋازىۋەننىڭ قولىغا يۈز سەر كۈمۈش سۆيۈنچە تۇتقۇزۇپتۇ ۋە:

— سۈبھىدە كۆرگەن چۈشۈم ئەسلىدە ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئىكەن. سەھەردە كۆرگەن چۈشىنىڭ ئۇخرىسىغا كېلىدىغانلىقى راست ئوخشايدۇ. ۋەزىر، سىز چىقىپ باينى ئوردىغا چاقىرىپ كىرىڭ! — دەپتۇ شاھ ئوڭ قول ۋەزىرىگە خۇشال بولغان ھالدا.

ئوڭ قول ۋەزىر دەرۋازىۋەن بىلەن چىقىپ كېتىپ، مەنسۇر باينى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. پادىشاھ مەنسۇر باي ئۈچۈن كاتتا زىياپەت تەييارلاپتۇ ۋە بىر كۈن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋاپتۇ. پادىشاھ كىدىئان مەنسۇر باينىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، ھەممىسىنى ئوردىغا ئېلىپ قالماقچى بوپتۇ.

مەنسۇر باي پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ ئىككىنچى كۈنى، پادىشاھ سەكسەن قېچىر مالنىڭ ھېساباتىنى قىلىشنى خىزمەتچىلىرىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتمەيمىز؟ — دەپ سوراپتۇ سەمەر كارۋانلارنىڭ يول باشلىغۇچىسىدىن:

— ھەي گۇناھكار، باي ئېلىپ كەلگەن ماللارنىڭ ھەممىسىنى ھېسابلاپ پادىشاھقا سېتىپ، پۇلىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىمىز، يەنە تۆت كۈندىن كېيىن باي بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى ھېساباتنىڭ قويرۇقى بوغۇلۇپ بولۇشى مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يول باشلىغۇچى. مەنسۇر باي سەمەرنى زىنداندىن ئېلىپ چىققاچقا، باينىڭ چاكارلىرى ئۇنى «گۇناھكار» دەپ ئاتىشىدىكەن.

— مۇشۇ كىچىككىنە ئىشقىمۇ سەككىز كۈن ھېسابات قىلغان بارمۇ؟ ئەگەر مەن بولغان

بولسام، سەككىز كۈن ئەمەس، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە بارلىق مالىنىڭ ھېسابىنى قىلىپ تۈگەتكەن بولاتتىم، — دەپتۇ سەمەر تېرىكىپ. سەمەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان باشقا چاكارلار، بۇ گۇناھكار ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ كۈلۈشۈپتۇ. بىراق، يول باشلىغۇچى سەمەرنىڭ بۇ گېپىنى مەنسۇر بايغا كىرىپ يەتكۈزۈپتۇ. يول باشلىغۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيران بولۇپ، سەمەرنى تېزدىن ئوردىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ.

كارۋانلارنىڭ يول باشلىغۇچىسى سەمەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشاھ كىدئان چىرايى ۋە قەددى-قامىتى كېلىشكەن بۇ يىگىتكە دەپتەر-قەلەمنى تۇتقۇزۇپتۇ.

سەمەر بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە مەنسۇر باي دەپ بەرگەن مالنىڭ تۈرى، سانى، پۇلىنى چاكار ۋە ئات-ئۇلاغلارنىڭ چىقىمى بىلەن قوشۇپ ھېسابلاپ بوپتۇ. مەنسۇر باي ۋە پادىشاھ خۇددى ئۆزلىرى ئويلىغاندەك چىقىرىلغان بۇ ھېساباتتىن تولۇق رازى بوپتۇ. پادىشاھ بۇ يىگىتنىڭ چېچەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ ۋە سەمەرنى خەزىنىنىڭ ھېساباتچىلىقىغا ئېلىپ قالماقچى بولۇپ:

— مەنسۇر باي، بۇ ھەقىقەتەن چېچەن يىگىت ئىكەن، ئوردىدا قېپقالسا، مەن خەزىنە ھېساباتچىسى قىلسام، — دەپتۇ.

— پادىشاھئالەم، مەن سىلىگە بۇنىڭدىن باشقا مالايلارنىڭ قايسىسىنى دېسىلە بېرەي، بىراق بۇ يىگىتنى بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ مەنسۇر باي پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ.

— ئۇنداقتا، مەن سىزنىڭ بىر چاكىرىڭىزنىڭ ئورنىغا قىرىق چاكار قوشۇپ بېرەي، — دەپتۇ كىدئان پادىشاھ.

— مەن سىلىدىن ئەلۋەتتە بىر چاكارنى تالاشمايتتىم. سىلىدەك بىر ئەلنىڭ پادىشاھىغا مەندەك ئادەتتىكى بىر سودىگەرنىڭ مالىينىڭ ياراپ قېلىشى چوڭ بىر بەخت. «مەنسۇر باي بۇخارا ئېلىنىڭ پادىشاھىغا بىر گۇناھكار مالاينى بەرمەپتۇ» دېيىسە، بۇ مېنىڭ نامىم ئۈچۈن نومۇس، بىر ئەمەس يۈز مالىيىم بولسىمۇ بېرەتتىم. بىراق، بىزنىڭ ھاياتىمىز مۇشۇ يىگىتنىڭ قولىدا. ئەگەر بىز بۇ يىگىتتىن ئايرىلساق، ئۆز يۇرتىمىزغا ساق-سالامەت يېتىپ بارالماي، ئەجەل دەرياسىدا لەھەڭلەرگە يەم بولۇپ، ھاياتىمىز ۋە مال-دۇنيالىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. پەقەت ئاشۇ يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن شۇنچە نۇرغۇن مالنى ئوغرى-قاراقچىلاردىن ساق-سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ، خېيىم-خەتەرسىز ھالدا بۇخارا ئېلىگە ئېلىپ كېلەلىدىم. مەن بۇ يىگىتنى ئالىيلىرىغا راستىنلا بېرەلمەيمەن، تەڭلىكتە قويمىغايلا، — دەپ، مەنسۇر باي سەمەرنى كىدئان شاھقا بېرىشكە ئۆزىنىڭ ئىلاجسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ مەنسۇر باينىڭ چاكىرى سەمەرگە بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ ئېشىپتۇ ۋە:

— سەكسەن قېچىرىڭىزغا خەزىنىدىكى ئەڭ قىممەت باھالىق ماللاردىن ئارتىپ بەرسەم قانداق؟ — دەپتۇ.

— جانابلىرى، بۇ يەردىكى گەپ ئادەمنىڭ ئورنىغا ئادەم بېرىش ياكى مال-دۇنيا بېرىشتە ئەمەس. بۇ ئىشتا كەمىنىلىرى ئىلاجسىز، كەچۈرگەيلا، — دەپتۇ مەنسۇر باي.

كىدئان شاھ ھەر خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن مەنسۇر باينى زادىلا گېپىگە كۆندۈرەلمەپتۇ.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ چىرايدا يەتتە ئىقلىمدا تەڭداشسىز گۈزەل بىر قىزىم بار. مەن بۇ قىزىمنى نى كاتتا شاھزادە، خانزادە، ئېسىل بەگزادىلەرگە بەرمىگەن. قىزىمنى بۇ يىگىتكە بەرسەم قانداق دەيسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ مەنسۇر بايغا.

— جانابلىرىنىڭ چوڭ ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت. مېنىڭ ئۇ چاكىرىم سىلىنىڭ قىزلىرىغا لايىق بولمىسىمۇ، سىلىنىڭ بۇ چاكىرىمغا ئاتىدارچىلىق قىلماقچى بولغانلىرى مەن ئۇ-

چۈنمۇ چوڭ بەخت!— دەپ، مەنسۇر باي پادىشاھنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتكۈل ئوردا مۇلازىملىرى جىددىي توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ كىدىئان پۈتكۈل بۇخارا شەھىرىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بارلىق خەلقنى تويغا تەكلىپ قىلىپ، كاتتا ۋە داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپتۇ. توي قىرىق كۈن داۋاملىشىپتۇ. يەتمىش پاتمان گۈرۈچ سىغىدىغان چوڭ داش قازانلاردا قىرىق كېچە-كۈندۈز شورپا، پولۇلار قايناپ، داقا-دۇمباق، كاناي-سۇنايلار چېلىنىپ، پۈتكۈل شەھەر بايرام شادلىقىغا چۆمۈپتۇ.

قىرىق بىرىنچى كۈنى، پادىشاھ كىدىئان قىزىنى سەمەرگە نىكاھلاپ بېرىپتۇ. يىگىرمە تۆگىگە قىزىنىڭ زىبۇ-زىننەت، كىيىم-كېچەكلىرىنى، يىگىرمە تۆگىگە يېمەك-ئىچمەك، ئون تۆگىگە پۇل-پۈچەكلەرنى يۈكلەپ بېرىپتۇ. مەنسۇر باي ۋە ئۇنىڭ چاكارلىرىغا تون-سەرپايلارنى ئىنئام قىلىپ، سەكسەن قېچىرغا ئۆز ئېلىدىكى ئېسىل ماللاردىن ئارتىپ بېرىپ يولغا ساپتۇ.

كىدىئان شاھنىڭ قىزى ئىسمى-جىسمىغا لايىق پەرىزات قىز بولۇپ، بىر كۆرگەن ئادەم ئاشىقى بىقارار بولۇپ خۇدىنى يوقىتىدىكەن. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاسماندىكى ئاي، يۇلتۇزلار، جەننەتتىكى ھۆر-پەرىلەرمۇ خىجىل ئىكەن، بەدىنىدىن ئىپار-ئەنبەر پۇراپ تۇرىدىكەن، ئىسمى دىلخۇمار ئىكەن. يەتتە ئىقلىمدىكى كاتتا شاھزادە، خانزادە، بەگزادىلەر بۇخارا ئېلىنىڭ بۇ گۈزىلىگە ئاشىق بولۇپ، ۋەسلىگە يېتەلمەي جېنىدىن جۇدا بولۇشقانىكەن. مەلىكە دىلخۇمار چىراي-قامەت، ئەقىل-پاراسەت، ئەدەپ-ئەخلاقتا ئۆزىگە ئوخشاشلا تەڭدىشى يوق يىگىت سەمەرنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ، خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ خىيالىدىكىدەك يىگىت بىلەن مۇرادىنى ھاسىل قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. سەمەرمۇ مەلىكە دىلخۇمارنى كۆرگەن كۈندىن ئېتىبارەن كۆڭلىگە ئاشىقلىق ئوتى تۇتىشىپ، ئۇلار خۇدا قوشقان بىر جۈپلەردىن بولۇپ قاپتۇ.

ئەسلىدە مەنسۇر بايمۇ كىدىئان شاھنىڭ قىزى دىلخۇمارنى كۆرگەن كۈندىن تارتىپ مەلىكىنىڭ ئىشقى-پىراقىدا ئۆرتىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇخارا ئېلىدە بۇ ئىشق ئوتىنىڭ دەردىدە ھەسرەت چەكمەكتىن ئۆزگە ئىلاجىنى قىلالمىغانىكەن. بۇخارا شەھىرىدىن ئايرىلىپ يەتتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، مەنسۇر باي چاكارلىرىغا:

— ئەي مېنىڭ ئاقىل چاكارلىرىم، بىز جاپا-مۇشەققەتنى بىللە تارتىپ، راھەت-پاراغەتتە بىللە بولۇپ ئەللىك نەچچە كۈننى بۇخارا شەھىرىدە ئۆتكۈزگەندۇق. بىراق، بۇخارا شەھىرىنىڭ پادىشاھى قىزى مەلىكە دىلخۇمارنى قاراپ تۇرۇپ بىر گۇناھكارغا بەردى، ئەسلىدە ئۇ مەلىكە ماڭا تەئەللۇق ئىدى. قىرىقىڭلار بىر بولۇپ ھېلىقى گۇناھكارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، مەلىكىنى ماڭا ئېلىپ بەرسەڭلار قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. پادىشاھ كىدىئان مەنسۇر بايغا يىگىرمە چاكارنى قوشۇپ بەرگەنىكەن. بۇ يىگىرمە چاكار مەنسۇر باينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۆزلىرىنىڭ دەرھال بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بىراق مەنسۇر باينىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى چاكارلىرى:

— ئۆلتۈرمەك ئاسان، بىراق ھازىر ئۆلتۈرۈۋەتسەك ۋاقتى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ گۇناھكارنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ھەممىمىز ئەجەل دەرياسىدا لەھەڭلەرگە يەم بولۇپ ئۆلۈپ كېتىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز ئەجەل دەرياسىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، دەريا بويىدا ئۇ گۇناھكارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، تويىنى دەريا بويىدا ئوينىساق. مەلىكە دېمىسىمۇ ئۆزلىرىگە لايىق، ئۇنى سىلىگە ئېلىپ بەرسەك، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ. چاكارلارنىڭ بۇ گېپى مەنسۇر بايغا خوپ كەپتۇ. شۇ مەسلىھەت بىلەن ئۇلار يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سازلىق، ئورمانلىق، دەشت-باياۋانلارنى

ئارقىدا قالدۇرۇپ ئەجەل دەرياسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ دەل كۈن ئولتۇرغان ۋاقىت بولۇپ، مەنسۇر باي ئەتىسى ئەتىگەندە مال - دۇنيا ۋە چاكارلىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ.

كېچىسى سەمەر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە مەنسۇر باينىڭ دەريادىن ئۆتۈپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆجۇقتۇرۇۋېتىپ، ئايالى مەلىكە دىلخۇمارنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ، مال - دۇنيالىرىغا ئىگە بولۇۋېلىش يامان نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقى ئايان بوپتۇ. سەمەر ئويغىنىپ، مەلىكە دىلخۇمارغا:

— ئەي مەلىكەم، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈشىمىز بىلەن تەڭ تەقدىر ئېككىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن ئايرىۋەتكۈدەك. مەنسۇر باي نىيىتى بۇزۇلۇپ، مېنى ئۆجۇقتۇرۇۋېتىپ، سىزنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنىڭ پىلانىنى قىلىۋاتىدۇ. بىز دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، مەنسۇر باي سىزگە: «ماڭا تېگىپ خوتۇن بولۇڭ» دەيدۇ. سىز ھەرگىز ياق دېمەستىن: «بىر باشقا بىر بۆك ھامان لازىم. مەن سىلىگە تەگمەي كىمگە تېگەي؟ ئەسلىدە مەن ئۆزلىرىگە لايىق ئىدىم. مەن ھەم سىلىسىز جېنىمنى جان ئېتەلمەيمەن. مېنىڭ ئېرىم بولسا ئۆلۈپ تۈگىدى، براق مېنىڭ بىر شەرتىم بار: مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسى بويىچە خۇدا يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىمگە ئالتە ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇپ، ئىبادەت قىلىپ روھىنى ياشارتىشىم كېرەك. سىلى مۇشۇ شەرتىمگە كۆنسىلە، ئالتە ئاي ئون كۈندىن كېيىن مەن سىلى بىلەن توي قىلىشقا رازى» دەڭ. باي ئىلاجىسىز سىزنىڭ شەرتىڭىزگە قوشۇلىدۇ. ئالتە ئاي ئون كۈن توشقاندىن كېيىن باي سىزگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويىدۇ. سىز بايغا قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرسىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن توي قىلايلى، دەڭ. سىز ئۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن بىز ئۇچرىشىمىز، — دەپتۇ. ئۇلار يىغلاپ - قاقشاپ بىر كېچىنى تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە سەمەرنىڭ چېدىرىغا ئۇنى چاقىرغىلى مەنسۇر باينىڭ ئىككى چاكىرى كىرىپتۇ. سەمەر مەلىكە دىلخۇمار بىلەن كۆز يېشى قىلىپ خوشلىشىپ، مەنسۇر باينىڭ يېنىغا كەپتۇ. مەنسۇر باي سەمەرنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇپتۇ. سەمەر دولقۇنلىنىپ ئېقىپ تۇرغان دەريا قاينىمىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. سەمەر دەرياغا ئۆزىنى ئېتىشى بىلەن تەڭ مەنسۇر باي بارلىق مال - دۇنيا، چاكارلىرىنى كېمە ئارقىلىق دەرياغا ساپتۇ. باينىڭ كېمىلىرى ۋە چاكارلىرى ساق - سالامەت دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپتۇ. سەمەر دەريانىڭ قىرغىقىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن، مەنسۇر باينىڭ يىگىرمە چاكىرى كېلىپ:

— تەلەيلىك گۇناھكار، دەرياغا قاراپ باق! — دەپتۇ. سەمەر شۇنداق بۇرۇلۇپ دەرياغا قارىشى بىلەن تەڭ، يىگىرمە چاكار تەڭلا ئۇنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. بىر لەھەڭ كېلىپ ئۇنى يۇتۇپ كېتىپتۇ.

مەلىكە دىلخۇمار ۋە ئۇنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ نىيىتىدە بولۇپ يۈرگەن مەنسۇر باي سەمەرنى ئۆجۇقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز مەقسىتىمگە يەتتىم، دەپ ئويلاپتۇ ۋە سەمەرنى لەھەڭلەرنىڭ يەپ كەتكەنلىكىگە ئىچىنغان قىياپەتتە مەلىكە دىلخۇمارنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— سەمەر تولىمۇ ئەقىللىق، مەرد يىگىت ئىدى. تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن لەھەڭلەرگە يەم بولۇپ ياش جېنىدىن ئايرىلدى. بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى. مەن سىزنىڭ، شۇنداقلا ئاتىڭىز پادىشاھ كىدئاننىڭ ئالدىدا تولىمۇ خىجىل. ئاتىڭىزنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتى يۈزىسىدىن سىزنى ئۆز نىكاھىمغا ئېلىپ، ئاتىڭىزنىڭ ياخشىلىقىنى سىز ئارقىلىق قايتۇراي دەۋاتىمەن. سىزنىڭ رازىلىقىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە دىلخۇمار سەمەرنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكىنى بويىچە:

— بىر باشقا بىر بۆك ھەرقاچان لازىم. ئۆزلەـ

ـرىدەك يۇرت كاتتىسى مەندەك بىر مۇساپىرنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولۇۋاتقان تۇرسا، قاناقمۇ ياق دېيەلەي؟ بىراق مېنىڭ ئېرىم لەھەڭگە يەم بولۇپ كەتتى. ئېرىمنىڭ روھى ئۈچۈن ئالتە ئاي ئون كۈن خۇداغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشىم كېرەك. ئۆزلىرى مېنى ئەمرىلىرىگە ئالماقچى بولسىلا، ئالتە ئاي ئون كۈندىن كېيىن ئالسىلا، — دەپتۇ مەنسۇر بايغا. باي ئىلاجسىز مەلىكە دىلخۇمارنىڭ بۇ شەرتىگە كۆنۈپتۇ.

مەنسۇر باي مەلىكە دىلخۇمارنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆز ھويلىسىدىن ئايرىم بىر ئۆينى تەييارلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئون ئىككى ئايالنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا ئالتە ئاينى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چاكارلىرىنى باشلاپ سودىگەرچىلىككە چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە دىلخۇمار ئېرى سەمەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، ئۇنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى خۇدادىن تىلەپ ئالتە ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئالتە ئايدىن كېيىن مەنسۇر باي قايتىپ كېلىپ، مەلىكە دىلخۇمارغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ. باينىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغان مەلىكە:

— مېنىڭ يەنە بىر شەرتىم بار، ئۆزلىرى ئاشۇ شەرتىمنى ئادا قىلغاندىن كېيىن توي قىلىپ، مېنى ئەمرىلىرىگە ئالسىلا، — دەپتۇ.

— سىزنىڭ ھەرقانداق شەرتىڭىز بولسا ئورۇنداشقا مەن تەييار. شەرتىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ، — دەپتۇ باي.

— ئۆزلىرىنىڭ مېنى راستىنلا خوتۇنلۇققا ئېلىش نىيەتلىرى بولسا، ماڭا قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشلىرى كېرەك، — دەپتۇ مەلىكە دىلخۇمار. مەلىكىنىڭ ئىشقىدا ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان باي بۇ شەرتنى ئاڭلاپ بېشى قېتىپتۇ. ئۆزى قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ، مەلىكىگە ئېيتىپ بەرگۈزۈپ شەرتنى ئادا قىلىپ، ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بوپتۇ. مەنسۇر باي قىرىق نەپەر چاكىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— شەھەرمۇشەھەر، يۇرتمۇيۇرت بېرىپ جاكارلاڭلار، كىمدەكىم قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلسە، دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن ! — دەپ چاكارلىرىغا بۇيرۇق قىپتۇ. باينىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىرىق نەپەر چاكار قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ.

مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرى قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ تاپقاچ تۇرسۇن. بىز بىر كەلىمە سۆزنى سەمەردىن ئاڭلايلى:

بۇ شەھەردە بىر بېلىقچى بوۋاي بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى ئەجەل دەرياسىغا تور تاشلاپ، بېلىق تۇتۇپ سېتىش ئارقىلىق كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ بېلىقچى كۈندىلىك ئادىتى بويىچە بۈگۈن ئەتىگەن ئەجەل دەرياسىغا كېلىپ، تورنى كەڭ يېيىپ دەرياغا سالغانىكەن، تورغا بىر لەھەڭ چۈشۈپتۇ. بوۋاي ئەتىگەندىلا خۇدانىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ئىلتىپاتىغا مىڭ مەرتە رەھمەت ئېيتىپ، تورنى يىغىپ لەھەڭنىڭ قارنىنى يېرىپتۇ. لەھەڭنىڭ قارنىدىن قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت — سەمەر چىقىپتۇ. ئۇ ھوشسىز ئىكەن. بوۋاي سەمەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، داڭلىق تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ، قىرىق كۈن داۋالىتىپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. ئىلگىرى بۇ بېلىقچىنىڭ تورىغا گاھى كۈنى بىر، گاھى كۈنى ئىككى بېلىق ئاران چۈشىدىكەن، سەمەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ تورنى ھەر قېتىم دەرياغا تاشلىسا بەش ـ ئون لەھەڭ چۈشۈپتۇ. بوۋاي بۇ لەھەڭلەرنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۆمرىدە ئويلاپمۇ باقمىغان دەرىجىدىكى كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ. قىرىق كۈندىن كېيىن سەمەر سەللىمازا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

بىر بازار كۈنى، بېلىقچى بوۋاي ئەتىگەن تۇتقان بېلىقلىرىنى سېتىپ چىقىش ئۈچۈن بازارغا كىرگەنىكەن، مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرىنىڭ شەھەر-بازار كوچىلىرىدا: «ئەييۇھەنناس، ئەشىتىڭلار ئامۇخاس! باي غوجامنىڭ ئەمرى، قانداقلىكى كىشى سەمەر بىلەن قەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلسە، باي ئۇ كىشىگە مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام قىلىدۇ!» دەپ توۋلاپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. بېلىقچى بوۋاي شەھەرگە ئېلىپ كىرگەن بېلىقلىرىنى سېتىپ ئۆز ئۆيىگە يېنىپ چىققاندا، سەمەر بوۋايدىن:

— بوۋا، بۈگۈن بازاردا قانداق يېڭىلىقلار بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرىنىڭ شەھەر كوچىلىرىدا قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ جار سېلىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق يېڭىلىق يوق. ھەممە ئىش ئىلگىرىكىدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

بۇنى ئاڭلىغان سەمەر ئۆز مەھبۇبىسى مەلىكە دىلخۇمارنىڭ بۇ شەھەردە ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە:

— بوۋا، سىز تېزدىن مەنسۇر بايغا مېنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىڭ. مەن قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىمەن، — دەپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي مەنسۇر باينىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئوغلىنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي غايىب خەزىنە تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە تۆت نەپەر ئاتلىق چاكىرىنى بېلىقچى بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. بۇ تۆت چاكار بېلىقچى بوۋاي بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئاڭغىچە سەمەر نىقابلىنىۋاپتۇ. بېلىقچى بوۋاي مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرىنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، سەمەرگە چاكارلارنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. سەمەر چاكارلار بىلەن بىللە مەنسۇر باينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. مەنسۇر باي نىقابلىنىۋالغان سەمەرنى تونۇيالمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ ۋە:

— مېنىڭ ئالماقچى بولغان ئايالىم قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىش شەرتىنى قويىدى. بېلىقچى بوۋاي ئۆزلىرىنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغانلىقلىرىنى خەۋەر قىلىپ مېنى بىر غەمدىن خالاس قىلدى. ئۆزلىرى مەن ئالماقچى بولغان ئايالغا قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، سىلىنىڭ بەختلىرى ئۈچۈن مەن قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بولغۇسى ئاياللىرىغا ئېيتىپ بېرەي. بىراق مەن ھېكايىنى ئېيتىشتىن ئىلگىرى سىلى مېنىڭ ئىككى تۆرلۈك شەرتىمنى ئورۇنداشلىرى كېرەك، — دەپتۇ سەمەر.

— مەن ئۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىمغا ئېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق شەرت بولسا ئورۇندايمەن. قېنى، ئۆزلىرى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويسىلا؟ — دەپتۇ باي كۆرەڭلىگەن ھالدا.

— مەن سىلى ئالماقچى بولغان مەلىكىگە قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، سىلى ماڭا بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۇ ھېكايىنى ئېيتىشىمغا ئىجازەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مۆھرى بېسىلغان خېتىنى ئەكىلىپ بېرىلا، بۇ بىرىنچى شەرت. ئىككىنچى شەرت، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى شەھەر مەيدانىغا يىغسۇن. مەن قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سىلى ئالماقچى بولغان مەلىكىگە شۇنداقلا پۈتكۈل خەلققە ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ سەمەر.

سەمەرنىڭ بۇ شەرتلىرىنى ئاڭلىغان باي ھەيران بوپتۇ ۋە:

— پادىشاھ دېگەن ئادەتتىكى كىشى بولمى-

سا، بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى تۇرسا، مۇشۇنداق ئا-
دەتتىكى بىر ئىش ئۈچۈن، يەنە كېلىپ ھېكايە
ئېيتىش ئۈچۈن پادىشاھتىن تىلخەت ئېلىپ،
پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى شەھەر مەيدانىغا يى-
غىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن ؟! بۇ تول-
مۇ يولسىز شەرت ئىكەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، سىلى بۇ شەرتنى يولسىز
كۆرۈپ، ئورۇنداشتىن باش تارتسىلا، مەنمۇ ھې-
كايىنى ئېيتمايمەن، — دەپتۇ سەمەر.

مەنسۇر باي ئىلاجسىز ئوردىغا قاراپ يول
ئاپتۇ. ئۇ قەمەر شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۇلتانى باكىرەم! —
دەپ باش ئېگىپ، قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

قەمەر شاھ باينىڭ كېلىش سەۋەبىنى سوراپ-
تۇ. باي ئېيتىشقا ئىلاجسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رۈپتۇ.

— ھەرقانداق غەم-غۇسسىڭىز بولسا قورق-
ماستىن ئېيتىۋېرىڭ. سۆزىڭىز ئورۇنلۇق بولسا
ھەم قۇربىم يەتسىلا بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ
قەمەر شاھ.

— مېنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئارتۇق
غېمىم قالمىدى، بىراق مەن كىدىئان شاھنىڭ مە-
لىكىسىگە ئۆيلەنمەكچى بولغانىدىم. ئۇ مەلىكە
قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بې-
رىشىمنى توي قىلىشنىڭ شەرتى قىلدى. مەن
ئۇ ھېكايىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، چاكارلى-
رىمغا شەھەر كوچىسىغا چىقىپ، كىمكى
قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىشنى
بىلسە، ئۇ كىشىگە مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام قى-
لىدىغانلىقىم توغرىسىدا جار سالدۇردۇم. كۈن-
لەردىن بىر كۈنى بىر بېلىقچىنىڭ ئوغلىنىڭ
قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغان-
لىقى مەلۇم بولدى. بىراق ئۇ بېلىقچىنىڭ
ئوغلى ئۆزلىرىنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھې-
كايىسىنى ئېيتسا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى
مۇھۇرلىرى بېسىلغان تىلخەتلىرىنىڭ بولۇشى-
نى ھەم سىلى پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى شەھەر
مەيدانىغا يىغسىلا، ئاندىن سىلىنىڭ يانلىرىدا
ئولتۇرۇپ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى
ئېيتىدىغانلىقىنى شەرت قىلدى. مەن شۇ شەرت
ۋەجىدىن ئىلاجسىز ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا
كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم، — دەپتۇ مەنسۇر باي.

قەمەر شاھمۇ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكا-
يىسىگە قىزىقىپتۇ ۋە بۇ كۈلكىلىك شەرتنى
ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ.

— سىز قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسى
ئارقىلىق بەختلىك بولىدىغان ئىش بولسا بوپتۇ.
مەن بېلىقچى بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ شەرتلىرىنى
تامامەن ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

مەنسۇر باي پادىشاھ قەمەرگە توققۇز قېتىم
تەزىم قىلىپ، ئوتتۇز قېتىم رەھمەت ئېيتىپ
ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ شەرت-
لەرنى تامامەن ئورۇندايدىغانلىقىنى سەمەرگە يەت-
كۈزۈپتۇ.

پادىشاھ قەمەر پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى
شەھەر مەيدانىغا يىغىپ، ئۆزى ئالتۇن تەخت
ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سەمەر ئۈچۈن يېنىدا بىر
كۈمۈش كۇرسىنى قويۇپ قويۇپتۇ.

مەنسۇر باي مەلىكە دىلخۇمارنى، سەمەرنى
ۋە چاكارلىرىنى ئېلىپ شەھەر مەيدانىغا يېتىپ
كەپتۇ. پادىشاھ قەمەر نىقابلىنىۋالغان ئىنىسى
سەمەرنى تونۇيالماپتۇ. سەمەر كۈمۈش كۇرسىدا
ئولتۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

سەمەر دادىسى تەرىپىدىن ئاكىسى قەمەر
بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى، چۆلدە
بەخت قۇشىنى ئېتىپ كاۋاپ قىلىپ ئاكىسىنىڭ
بېلىگە تۈگۈپ قويغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ يەنە بىر
قۇشنىڭ گۆشىنى يەپ جان ئۈزگەنلىكى، ئەۋلى-
يالارنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا تىرىلىپ ئاكىسىنى
ئىزدەپ شەھەرگە كىرىپ ئەجدىھاغا يەم بولۇش
ئالدىدا تۇرغان قىزنى قۇتقۇزۇپ، ئەجدىھانى يو-
قاتقانلىقى، ئۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ نىيە-
تى بۇزۇلۇپ... ئاخىر ئۆزىنى زىنداندا سالغانلى-
قىنى ھېكايە قىپتۇ. ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە

ھەممە ئىشنى چۈشىنىپ ئولتۇرغان قەمەر شاھ تاقەت قىلالماي:

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار ھازىر بوپتۇ.

— مەككار ۋەزىرنى نۆكەرلىرى بىلەن قوشۇپ دارغا ئاس! — دەپ ئەمىر قىپتۇ. جاللاتلار ۋەزىرنى نۆكەرلىرى بىلەن قوشۇپ دارغا ئېسىپتۇ. سەمەر ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

سەمەرنىڭ زىنداندىن چىقىپ مەنسۇر بايغا چاكار بولۇپ، ئەجەل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخاراغا بېرىپ پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالغانلىقى، ياناشىدا مەنسۇر باينىڭ نىيىتى بۇزۇلغانلىقى، بۇ قارا نىيەتلىك ئادەمنىڭ غەرىزىنى سەمەر بىلەن ئايالى دىلخۇمارنىڭ سەزگەنلىكى، دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرى سەمەرنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكى، لەھەڭ يۇتۇۋەتكەن سەمەر بېلىقچى بوۋاي تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ سەمەر ئىكەنلىكى ھەم بۇ سورۇنغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ كېلىپ، يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ قەمەر ئىنىسى سەمەرنىڭ ئۆز يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە ھەيران قاپتۇ. ئاكا-ئۇكا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆزلىرىدىن دىدارلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پۇتكۈل شەھەر خەلقى ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئالتە ئايدىن بېرى ئېرى سەمەرنىڭ دىدارىغا ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن مەلىكە دىلخۇمار ئۆزىنى سەمەرنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقىنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. مەلىكە دىلخۇمارنىڭ ئاغزىغا ئابىھايات سۈيىنى تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ قەمەر:

— جاللات ! — دەپ تۇۋلىغانىكەن، قىرىق نەپەر جاللات:

— لەببەي، پادىشاھئالەم، پەرمانلىرىغا تەييار بىز! — دەپتۇ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ. پادىشاھ:

— كاززاپ مەنسۇر باينى چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ دارغا ئېسىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. جاللاتلار مەنسۇر باينى چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ دار مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. شەھەر مەيدانىغا يىغىلغان خالايىقلار پادىشاھ قەمەرنىڭ ئادىللىقىغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. پادىشاھ قەمەر مەيدانغا يىغىلغان پۈتكۈل خەلقنى ئىنىسى سەمەر بىلەن مەلىكە دىلخۇمارنىڭ تويىغا تەكلىپ قىپتۇ.

شەھەر ئەتىسىدىن باشلاپ قىرىق كۈنگىچە توي تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ. نەچچە مىڭلىغان كالا، قويلارنىڭ بېشى كېسىلىپ، مىڭ پاتمانلىق داش قازانلاردا شورپىلار قايناپ، پولۇلار پىشىپ تۇرۇپتۇ. داقا-دۇمباق، كاناي-سۇنايلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى يەر-زېمىننى لەرزىگە ساپتۇ. شەھەر خەلقى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ توي تەنتەنىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈشۈپتۇ. بۇ خۇشاللىق يۈزىسىدىن پادىشاھ قەمەر پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ يىلغىچە ئېلىنىدىغان باج-سېلىقنى كۆتۈرىۋېتىپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھ قەمەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشىپتۇ.

شاھزادە سەمەر قىرىق كۈندىن كېيىن ئايالى مەلىكە دىلخۇمارنى ئېلىپ، قېيىناتىسى پادىشاھ كىدىئاننىڭ شەھىرى — بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇردا مۇلازىملىرى ئەجەل دەرياسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ قەمەر ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل كوزىچى بوۋاينى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە، بېلىقچى بوۋاينى سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. «ياخشىلىق قىلساڭ ياخشىلىق كۆرەرسەن» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قاپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»دىن ئېلىندى

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**

www.uyghurkitap.com

# «تارىم» ژۇرنىلى 6 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ژۇرنالچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 6 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»نى باھالاش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى 2010 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېلان قىلىندى. ژۇرنىلىمىز يەنە بىر قېتىم شەرەپ بىلەن «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. بۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۇدا ئۈچ (4 ـ، 5 ـ، 6 ـ ) نۆۋەت «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىم 2007 ـ، 2008 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشكارا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىدىغان 192 ژۇرنالدىن 159ى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، «تارىم» ژۇرنىلىنى باھالاش پىكرىدە مۇنداق دېيىلدى:

**2007ـ ، 2008ـ يىلدىكى «تارىم» ژۇرنىلى پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئوممۇميۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلدى. پارتىيەنىڭ تەشۋىقات ئىنتىزامىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پارتىيەنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى ۋە تاشقى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى. دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا چىڭ تۇردى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىققا ئائىت فاڭجېن، سىياسەت ۋە قانۇن ـ نىزاملىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى. ئەدەبىياتنى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى. ئاساسىي مۇقامنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىللىقنى تەشەببۇس قىلىپ، دەۋر قىياپىتىنى كۆپ قاتلام، كۆپ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.**

**«تارىم» ژۇرنىلىدا 2007ـ ، 2008ـ يىللىرى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، سۆز ـ جۈملىلىرى راۋان ھەم ئۆلچەملىك بولغان. ژۇرنال سەھىپىلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەسەرلەردە مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىنغان ھەم جارى قىلدۇرۇلغان. ژۇرنال ئوقۇرمەنلەرگە يۈزلىنىپ، مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى ياراتقان، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن يېڭىلىق ۋە خاسلىق شەكىللەندۈرگەن، ئەسەرلەرنىڭ تىلى تەسىرلىك ھەم راۋان، سۈرەت ۋە يېزىق ماسلاشقان، پۈتۈن يىللىق نەشرىدە ئىزچىللىقنى ساقلىغان.**

**مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان ئوخشاش تۈردىكى ژۇرناللار ئىچىدە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان.**

(ئۆز خەۋىرىمىز)



نەغمە (ماي بوياق) — مەمتىمن توختاش سىزغان



توغراقلىقتا تۇتاشقان يول (ماي بوياق) — ئالىم قادىر سىزغان



مۇز تاغ

پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى

《塔里木》文学月刊(维吾尔文)　TARIM A MONTHLY OF UYGHUR LITERATURE


主　　管：新疆维吾尔自治区文联
编辑出版：新疆塔里木杂志社
印　　刷：新疆日报社印务中心
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所
地　　址：乌鲁木齐市友好南路 716 号
电　　话：0991－4516214，4597601，4597603

2010 - يىل 5 - سان (ئومۇمىي 591 - سان). 60 - يىل نەشرى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ.
شىنجاڭ تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى. ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 716 - قورۇ.
شىنجاڭ گېزىتى باسما مەركىزىدە بېسىلدى.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
تېلېفون: 4597603، 4597601، 4516214 - 0991

国际标准刊号：ISSN1002 － 9044
国内统一刊号：CN65 － 1010/I
国外代号：M4461　邮政编码 830000
邮发代号：58 － 66　定价：7.00 元
广告许可证号：6500006000046

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۈتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: M4461　پوچتا نومۇرى: 830000
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 - 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 7.00 يۈەن
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000046
بېسىش، تۈپلەشتە مەسىلە كۆرۈلسە زاۋۇت ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. تېلېفون: 5593475 - 0991